ئابدۇبەسر شۈكۈرى

# نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىق



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىق

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-5631-1774-1

ISBN 7-5631-1774-1

www.uyghurkitap.com

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى

# نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىق

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: دىلمۇرات ئۆمەر
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىلجان ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىق

ئاپتورى: ئابدۇبەسىر شۈكۈرى

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى№14 ، پوچتا نومۇرى: 830046)
ھەرقايسى شىنجاڭ كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ داجۇڭ رەڭلىك باسما چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1168× 850 م م 1/32 ، باسما تاۋىقى: 10.875
2003 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى

---

ISBN 7 – 5631 – 1774 – 1
باھاسى: 18.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپ تىلنىڭ پاساھىتىگە، زۇۋانىنىڭ گۈزەللىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كەلگەنىدى. ھەقىقەتەن، تىل — قەلب خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. تىل قەلبلەر رىشتىسى. تىل — بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ تىلماشى. كىشىنىڭ قەدرى ۋە ھۆرمىتى گۈزەل تىلدىن ئاشكارا بولۇر. سەھەردە پارلىغان قۇياش گۇگۇمدا غايىب بولغىنىدەك، ئادەممۇ بۇ دۇنياغا كارۋان كەبى لەپپىدە كېلىپلا بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولىدۇ. ھالبۇكى، دانالارنىڭ ئېيتقانلىرى مەڭگۈلۈك ھېكمەت بولۇپ ياشاپ قېلىۋېرىدۇ. ئەنە شۇ ھايات ھەقىقەتلىرى، ئەنە شۇ ھېكمەتلەر ئاجايىپ پاساھەتلىك تىللارنى ئۆزلىرىنىڭ قېنى ۋە جېنى قىلغاندۇر. شۇڭا پەيلاسوپلار ئېيتىدۇكى، دۇنيادا ئىككى نەرسە قېرىمايدۇ: بىرى، ياخشى ئىش، يەنە بىرى ياخشى سۆزدۇر. ياخشى ئىش ۋە جايىدا ئېيتىلغان ياخشى سۆزلەر كىشىلەرگە ئەقىل، روھ ۋە گۈزەل تۇيغۇلارنى بەخش ئېتىپ، ھاياتقا بولغان ئىشەنچ ھەم مۇھەببىتىنى ئۇرغۇتىدۇ.

مەنىسىز سۆز، ئورۇنسىز تولا گەپ ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئۇچۇرتىپ، روھىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. دانىشمەن، ئەقىللىق ئادەملەر جايىدا، ئاز سۆزلەيدۇ. كۆپ سۆزنىڭ بەتبۇيى ھەم تېتىقسىز بولىدىغانلىقىنى ئۇلار ياخشى بىلىدۇ. تۈمەن سۆزنىڭ تۈگىنىنى بىر سۆز بىلەن يېشىش ئاقىللارنىڭ ئىشى. بىر سۆزنى تۈمەن سۆز بىلەن ئىپادىلەش نادانلارنىڭ ئىشى. شۇڭا بىزنىڭ

كلاسسىك شائىرلىرىمىز نادانلار بىلەن بوستانلاردا ياشىغاندىن، ئاقىللار بىلەن قاپقاراڭغۇ زىنداندا ياشىغانىنىڭ ئەلالىقى ھەققىدە كۆپ مىسرالار تىزغاندۇر. راست، نۇتۇق، گۈزەل كەلىمە ئىگىسى بولۇش ھەقىقەتەن مۇھىم. بۈگۈنكى كۈندە چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەتلەردە نۇتۇققا ئىقتىساد بىلەن تەڭ مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى. نۇتۇق ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم بىر ئامىلغا ئايلاندى. 1980 - يىللاردىن باشلاپ جۇڭگودىمۇ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر نۇتۇققا مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس دەرسلەرنى ياكى «نۇتۇقشۇناسلىق» دەرسىنى ئۆتۈشكە باشلىدى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 1991 - يىلىدىن باشلاپلا «نۇتۇقشۇناسلىق» دەرسىنى تاللاپ ئۆگىنىدىغان دەرس سۈپىتىدە تەسىس قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. رايونىمىزدىكى باشقا بىرقانچە پېداگوگىكا مەكتەپلىرىمۇ مەزكۇر دەرسنى كەينى - كەينىدىن تەسىس قىلدى. ھازىرغا كەلگەندە پېداگوگىكا خاراكتېرىنى ئالمىغان ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوم مەكتەپلىرىمىز بۇ ھەقتىكى ساۋاتنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىپ، مەزكۇر دەرسنى ئومۇمیۈزلۈك ئۆتۈشكە باشلىدى. مەكتەپلەرلا ئەمەس، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدىغان ئادەملەر كۆپەيمەكتە.

مەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مەزكۇر دەرسنى ئۆتۈپ كەلدىم. بۇ جەرياندا

www.uyghurkitap.com

بەزى نەزەرىيىۋى ماتېرىيال ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى توپلىدىم. شۇ ئاساستا، نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقۇچىلارغا ئاز بولسىمۇ مەنپەئەت بېرەرمىكىن دېگەن ئىستەك بىلەن قولىڭىزدىكى يازمىنى نەشرگە سۇندۇم. بۇ مېھنىتىمدە نۇقسانلار كۆپ بولۇشى تەبىئىي، قىممەتلىك پىكىرلىرىڭىزگە موھتاجمەن.

مەن «نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىق» ناملىق مەزكۇر ئەمگىكىمدە بەزى كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن، دالې كارنېگىنىڭ ئەسىرىدىن، ۋۇلۇشىگىنىڭ «سۆزلەش سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىدىن، لۇشىنئەننىڭ «مۇئامىلە سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىدىن، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشر قىلغان «نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇشلۇقى» ناملىق ئەسەردىن، گېگىلنىڭ «ئېستېتىكا» ناملىق ئەسىرىدىن، فۇجيەنچېڭنىڭ «مەشھۇر زاتلارنىڭ نۇتۇقلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن ۋە رەھىم يۇسۇپ تۈزگەن «نۇتۇق سەنئىتىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر» ناملىق ئەسەردىن، شۇنداقلا باشقا بىرمۇنچە ئەسەرلەردىن كۆپ مەنپەئەتلەندىم. شۇڭا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئىلمىي مېھنەتلىرىگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن.

— ئاپتور

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1
1. نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىق ........................ 1
2. ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى نۇتۇقشۇناسلىق ............ 5
3. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ نۇتۇق ھەققىدىكى قاراشلىرى ........................................ 11
4. نۇتۇق سەنئىتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ...... 18
5. نۇتۇق سەنئىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي رولى ........................................ 23
6. ئوقۇتقۇچى ۋە ناتىقلىق ........................ 27
7. نۇتۇق سەنئىتىنىڭ ئوقۇتۇش تەلىپى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى ........................................ 33
بىرىنچى باب ناتىق ۋە ئاڭلىغۇچىلار ..................... 39
§ 1. نۇتۇق سۆزلىگۈچى (ناتىق) ..................... 39
§ 2. نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلار ........................... 52
§ 3. نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ........................................ 61
ئىككىنچى باب نۇتۇق ۋە پىسخىك ساپانى ئۈستۈرۈش ... 66
§ 1. نۇتۇق پىسخىكىسى ............................ 66
§ 2. نۇتۇقتىكى پىسخىك ساپانىڭ شەكىللىنىشى ... 73
§ 3. نۇتۇقتىكى پىسخىك ساپا تەھلىلى ............ 83
§ 4. نۇتۇق پىسخىك ساپاسىنىڭ مەزمۇنى ........... 91

§ 5. نۇتۇق پسخىك ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش......... 93
ئۈچىنچى باب ئاغزاكى ئىپادىلەش — تىل ماھارىتى مەشقى ........................................ 95
§ 1. ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ........................................ 95
§ 2. ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارى ................................ 99
§ 3. ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل نورمىسى ۋە شىۋە مەسىلىسى ................................ 109
§ 4. تەلەپپۇز ........................................ 116
§ 5. تىلنىڭ ئاغزاكى ئىپادىلەش جەريانىدىكى ئاھاڭدارلىق، ئۇرغۇلۇق ۋە رىتىملىق خۇسۇسىيىتى........................................ 118
تۆتىنچى باب نۇتۇقتا ئاۋازسىز تىل ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ........................................ 123
§ 1. ئاۋازسىز تىل ماھارىتى ۋە ئۇنىڭ رولى ... 123
§ 2. تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق.............. 129
§ 3. كۆزنىڭ سېھرىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە ھېسسىيات ئىپادىسى ........................ 137
§ 4. نۇتۇقتا قول ۋە بەدەن ھەرىكىتى ............ 142
§ 5. سەزگۈسىز ھېس قىلالايدىغان قوشۇمچە قوراللاردىن پايدىلىنىش ........................ 145
بەشىنچى باب نۇتۇقنىڭ تەييارلىق باسقۇچلىرى ۋە نۇتۇق ئەمەلىيىتىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ......... 148
§ 1. تېمىنى ئېنىق بەلگىلەپ، ماتېرىيالنى ئەتراپلىق توپلاش ........................................ 149

www.uyghurkitap.com




§ 2. ئاڭلىغۇچىلارنى ھەر جەھەتتىن تولۇق چۈشىنىش ۋە نۇتۇق مۇھىتىنى پىششىق ئىگىلەش ...... 157

§ 3. تەپەككۇر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇكەممەل تېزىس تۇرغۇزۇش ...... 161

§ 4. تېزىس بويىچە ئالدىن سۆزلەپ بېقىش ھالقىسىنى تۇتۇش ...... 165

§ 5. ئەسلىي ئىپادىلىمەكچى بولغان تېمىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا بىلىم ۋە ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولۇش ...... 171

§ 6. نۇتۇق تېزىسىنى جانلىق ئىشلىتىش ...... 174

**ئالتىنچى باب نۇتۇقنىڭ بىرنەچچە خىل تۈرىنى ئۆگىنىش** ...... 181

§ 1. مۇئەييەن تېمىدا سۆزلەش ...... 182

§ 2. ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا ۋە مۇراسىملاردا سۆزلەش ...... 187

§ 3. ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىلەردە سۆزلەش ...... 195

**يەتتىنچى باب ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي نۇتۇق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش** ...... 199

§ 1. ئوقۇتقۇچىلار كەسپىي نۇتقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... 200

§ 2. ئوقۇتقۇچىلاردىن نۇتۇق جەھەتتە كۈتۈلىدىغان تەلەپلەر ...... 204

§ 3. دەرسخانا نۇتقى ...... 208

§ 4. دەرستىن سىرتقى لېكسىيە ۋە نۇتۇقلار ...... 210

سەككىزىنچى باب  نۇتۇقتىكى ئېستېتىك قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش ........................ 215
§ 1. نۇتۇق گۈزەللىكى ........................ 216
§ 2. تەقى - تۇرق گۈزەللىكىنىڭ نۇتۇق گۈزەللىكى بىلەن بىردەكلىكى ........................ 220
§ 3. تىل گۈزەللىكىنىڭ مەزمۇن گۈزەللىكى بىلەن بىردەكلىكى ........................ 225
§ 4. نۇتۇق قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە گۈزەللىك ........................ 231
§ 5. نۇتۇق ھېسسىياتىدىكى ئېستېتىك گۈزەللىك ........................ 234
§ 6. نۇتۇقتىكى ھەقىقەت ۋە گۈزەللىك ........................ 235
§ 7. ناتىقنىڭ خاراكتېر گۈزەللىكى ........................ 237
توققۇزىنچى باب  نۇتۇق سەنئىتىدىكى بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ........................ 240
§ 1. فرازىئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ نۇتۇقتىكى رولى ........................ 240
§ 2. يۇمۇرنىڭ نۇتۇقتىكى رولى ........................ 244
§ 3. نۇتۇق ۋاقتىنى كونترول قىلىش مەسىلىسى ........................ 248
§ 4. نۇتۇقنىڭ باشلىنىش، داۋاملىشىش ۋە ئاخىرلىشىش بۆلەكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ........................ 249
ئونىنچى باب  تاللانغان نۇتۇق ئۆرنەكلىرى ........................ 252
1. كارل ۋون كلائوسېۋىز: «مىللەتنىڭ مەنپەئىتى ھەممىدىن ئەلا» ........................ 253

2. رودىۋچ بېرنا: «ژان پاۋېلنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ............................ 261
3. فرانس گرىپازېر: «بېتخوۋېنىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ............................ 276
4. لارخف ۋالد ئېمىرسون: «ئامېرىكا ئالىملىرى ھەققىدە» ........................................ 281
5. فرىدىرىخ نىتسې: «تەقدىر ۋە تارىخ» .......... 293
6. ۋالت ختمان: «لىنكولنىنىڭ ئۆلۈمى» .......... 302
7. سېرما راگاروف: «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى تارقىتىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» .......... 312
8. گېئورگى ساتون: «ئىلىم - پەن تارىخىدىكى شەرق ۋە غەرب» ................................ 321
9. بېنارد مونتگو مېرىي: «ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ» ........................................ 330
10. ۋىللىيام فائۇلكنېر: «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلغاندا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ··· 331

www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

## 1. نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىق

«نۇتۇق» سۆزى ئەسلىي ئەرەب تىلى لېكسىكىسىدىكى «نطق» (سۆز، گەپ، زىۋان، لەفس) سۆزىدىن كەلگەن. دېمەك، بۇ سۆز تىلىمىزغا ئىسلامىيەتتىن كېيىن كىرگەنلىكى مەلۇم. ئەمما مەزكۇر سۆزنىڭ تىلىمىزدىكى لېكسىكىلىق مەنىسى ئەرەب تىلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىدىن مەنە دائىرىسى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. تىلىمىزدىكى نۇتۇق ئادەتتىكى گەپ - سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئۇ سەنئەتلىك نۇتۇقنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سۆزلىگۈچىنىڭ ئامما ياكى كىشىلەر توپىغا يۈزلىنىپ، تىلنى ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلىپ، قول ھەرىكىتى، روھىي ھالىتى، چىراي - شەكلى، نۇتۇق ھالىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى، تەشەببۇس ۋە قاراشلىرىنى ئەڭ ئىخچام، ئەڭ توغرا ۋە جەلپكارانە ھالەتتە ئوبيېكتقا يەتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، بىزنىڭ تىل ئىستېمالىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «نۇتۇق» سۆزى ئادەتتىكى «سۆز، گەپ» لەردىن لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. گەپ بىلەن سۆز بىزنىڭ تىلىمىزدا ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۆزئارا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئادەتتىكى نورمال تىل - ئالاقە پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق پائالىيەتتە بىرەر مۇقىم ئىدىيە ۋە كۆز قاراشنى سىڭدۈرۈش توپ مەقسەت قىلىنمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما «نۇتۇق» ئۇنداق ئەمەس.

ئۇ كۆپ ساندىكى ئادەملەر بىلەن نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ هازىرلىنىشى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ مۇئەييەن دۇنيا قارىشى سەنئەتلىك يول بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ، شۇڭا ناتىق بىر سەنئەتچىگە ئوخشايدۇ، نۇتۇق سەنئەت تۈسىگە ئىگە بولىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، خەنزۇ تىلىدا نۇتۇقنى 演讲 دېگەن ئىككى خەت بىلەن ئالغان.

تىل ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىلا ئۇلارغا ئالاقە قورالى بولغان بەلگىلەر سىستېمىسىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، نۇتۇقنىڭمۇ يېزىق قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە بەلگىلىرىدىن كۆپ زامانلار قەدىمىي ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. نۇتۇق پەيدا بولغاچقا، نۇتۇقنى تەتقىق قىلىدىغان نۇتۇقشۇناسلىقمۇ بارلىققا كەلگەن. نۇتۇقشۇناسلىقنىڭ پەيدا بولۇشى خۇددى نۇتۇقنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئوخشاشلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەقەززاسى. ياۋروپادا، نۇتۇقشۇناسلىق ئىلمى بۈندىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، يۇناندا بۇ ئىلىمغا شۇ زامانلاردىلا ئاساس سېلىنغان. جۇڭگودا بولسا، نۇتۇققا ئەهمىيەت بېرىش ۋە نۇتۇقشۇناسلىق ھەققىدە ئىزدىنىش ئىشلىرى پەقەت «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىنلا باشلانغان، دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ھازىرقى خەلقئارادىكى پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىياتى، ئۇچۇر سىستېمىسى ۋە ئالاقە تورلىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ، قىتئەلەرئارا، ھەتتا يەر شارى خاراكتېرلىك كېڭەيدى. بۇ ھال نۇتۇقنىڭ بارغانسېرى ئومۇملىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. 21 - ئەسىر

پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى بەيگىگە چۈشىدىغان، مىللىي ئەخلاق كاتېگورىيىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەر ئۆزئارا تېخىمۇ زىچ گىرەلەشكەن بىر ئەسىر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەسىردە نۇتۇقنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ. تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە، بولۇپمۇ گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە نۇتۇق ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ دۆلەتلەر ئۆزلىرىنى دەۋرلەردىن بۇيان، كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي ئۇنۇم بىلەن ئىنساننىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىدى. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ توغرا ۋە دەل يەتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە جەڭگىۋار نۇتۇق ھاجەت. شۇڭا بۇ دۆلەتلەردە دېموكراتىك سايلام، پارلامېنت مۇھاكىمىلىرىدىن تارتىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىگىچە بولغان ئىجتىمائىي جەريانلارنىڭ ھەممىسى جانلىق نۇتۇقتىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالمىدى. مانا شۇ نۇتۇق ئەمەلىيىتى نۇتۇقنى ئىلىم سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دېمىسىمۇ، نۇتۇق پائالىيىتى، نۇتۇق تەربىيىسى ۋە نۇتۇق تەتقىقاتى (نۇتۇقشۇناسلىق) ناھايىتى مۇھىم ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت مەسىلىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا نۇتۇقشۇناسلىق ئىلمى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە مۇكەممەل ئاساسنى تىكلەپ بولدى. نۇتۇقنىڭ ئىجتىمائىي رولى، ئىجتىمائىي ئورنى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. كېيىن دۇنيا ئۇرۇشلىرى مەزگىللىرىدە بولسا مەيلى شوۋىنىزملىق ئىدىيال ئۈچۈن بولسۇن، ياكى ھەققانىي مىللىي

دېموكراتىك ئىنقىلاب ئۈچۈن بولسۇن، ۋە ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلەر ئۈچۈن بولسۇن، نۇتۇقنىڭ رولى ھەقىقەتەنمۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە زور بولدى. بۇنىڭدىن، كىشىلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نۇتۇقنىڭ غايەت زور قۇدرىتىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ياۋروپا دۇنياسىدا كىشىلەر مۇشۇ ئەسىردە نۇتۇق، ئاتوم بومبىسى ۋە پۇلدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قۇدرەتلىك نەرسە قاتارىدا كۆردى. ئۇلارنىڭ نۇتۇقنى ئاتوم بومبىسى ۋە پۇل بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغانلىقىنىڭ ئۆزى نۇتۇقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ ئىزدىنىش شارائىتىنى ھازىرلاپ بەردى. ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى يەنە رادىئو، تېلېۋىزور ۋە كومپيۇتېر قاتارلىق ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، نۇتۇقنىڭ ماكان دائىرىسىنى ۋە زامان چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. مۇشۇنداق بىر شارائىت غەرب نۇتۇقشۇناسلىقىدا ھەرساھە كىشىلىرىنىڭ مۇستەقىل دۇنيا قاراش ۋە پىكىرلىرىنى نۇتۇق شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەقەززا قىلدى. قەدەممۇ قەدەم تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىدىكى ھەرساھە كىشىلىرى نۇتۇق سۆزلەشنى ۋە ئۆز پىكرىنى جامائەت سورۇنلىرىدا توغرىدىن - توغرا ۋە تەسىرلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۆز مەجبۇرىيىتى سۈپىتىدە چۈشىنىدىغان بولدى. «تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سۆزلەش مەشىقىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، بۇ مەقسەتكە يېتىشتە ئالدى بىلەن نۇتۇق نەزەرىيىسىنى كەڭ دائىرىدە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ» دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلدى. ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى بۇشمۇ 1965 - يىلى «ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان تىل جەمئىيىتى» دە سۆزلىگەن نۇتقىدا: «بىز ھازىر نۇتۇق دەۋرىدە تۇرماقتىمىز، نۇتۇق نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشنى

www.uyghurkitap.com



تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك»[①] دېگەنىدى.

## 2. ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى نۇتۇقشۇناسلىق

تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە، نۇتۇقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى تېخىمۇ كەڭ نامايان قىلىشقا ئۆتتى. نۇتۇق ئىقتىدارى بولمىغان ئادەملەر ئاددىي ھالدىكى تىل گاچىلىرىلا بولۇپ قالماي، بەلكى مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي نېسىۋىلەردىنمۇ قۇرۇق قېلىشقا يۈزلەندى. بۇنى كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ يېتەرسىزلىكى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىلمىي نۇقتىدىن ۋە نۇتۇقشۇناسلىق تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ھال زامان تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. ھازىر تەرەققىي قىلغان قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي دۆلەتلەردە ھەربىر ساھە، ھەربىر قاتلام ئۆزىگە خاس نۇتۇق ئىقتىدارى بويىچە تەربىيىلىنىشنى كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقا سۈپىتىدە تۇتماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ دۆلەتلەردىكى نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەردە خېلى ئۇزۇندىن بۇيان نۇتۇقشۇناسلىق كەسپى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇلۇپ كەلمەكتە، ئالايلۇق، ئامېرىكىدىلا ھازىر 300 دىن ئارتۇق ئۇنىۋېرسىتېتتا نۇتۇقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ۋە نۇتۇقشۇناسلىق فاكۇلتېتلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار نۇقتىلىق ھالدا نۇتۇق پائالىيىتى، نۇتۇقنىڭ رولى، نۇتۇقشۇناسلىق بويىچە سىستېمىلىق تەربىيە كۆرگەن زور بىر تۈركۈم ناتىق ۋە نۇتۇقشۇناسلارنى يېتىشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى ئېھتىياجىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ھەسسە قوشماقتا. كۆپلىگەن

① رېھىم يۈسۈپ: «نۇتۇق سەنئىتىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 30 - بەت.

دۆلـەتلەردە نۇتۇقشۇناسلىق تەتقىقاتى جەمئىيەتلىرى قۇرۇلۇپ، نۇتۇقۇقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقايسى پەن تۈرلىرى بويىچە كەڭ كۆلەمدە ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلماقتا.

بـەزى مـاتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا 1976 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە بولغان تۆت يىلدا ھازىرقى زامان نۇتۇقشۇناسلىقىغا دائىر نەچچە ئون مىڭ مەخسۇس تەتقىقاتچى خادىم تەربىيىلىنىپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە 28 مـىـڭ 587 كـىـشى نۇتۇقشۇناسلىق بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئىگە بولدى، 3289 كىشى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئىگە بولدى.①

ئـۇنـىڭدىن كېيىنكى بۇ ھەقتىكى ستاتىستىكىلىق سانلىق مـەلۇماتلار بىزگە نامەلۇم. ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە ئامېرىكىدا ھازىر نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىققا بولغان قـىزىقىش تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بىز بۇ يەردە پەقەت ئامېرىكىلىق نۇتۇقشۇناس ۋە ئاتىق دالې كارنىگ ھەققىدىلا قـىـسـقـىـچـە تـوخـتـىلىش بىلەن، ئامېرىكىدىكى مەزكۇر پەن قـىـزغىنلىقى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارساقلا يېتەرلىك بولار، دەپ قارايمەن. دالې كارنىگ ئامېرىكىدىلا ئەمەس، بەلكى پـۈتـكـۈل دۇنـيـاغـا تونۇلغان نۇتۇقشۇناسلارنىڭ بىرى. بېرما زۆڭلىسى يۇنۇ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىش ئالدىدا «ئامېرىكىغا بـارغـانـدا، ھـەمـمىدىن بەكرەك ئارزۇ قىلىدىغىنىم كارنېگنى زىيارەت قىلىش» دېگەنىدى. «مەن كارنېگنىڭ تەقۋادار مۇرىتى» دەيدۇ ئامېرىكىنىڭ ئاپتوموبىل سانائىتى كارولى، ئالاقە چولپىنى ر. ئاككېكا. «ماركس ماڭا پىكىر قىلىشنى، كارنېگ پىكرىنى

① رىـھىم يۇسۇپ: «نۇتۇق سەنئىتىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 32 - بەت.

قانداق ئىپادىلەشنى ئۆگەتتى» دەيدۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئالىمى. نۇتۇق سەنئىتى بويىچە كارنېگدىن تەلىم ئالغان مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن شاگىرتلىرى «كارنېگ چوڭلار مائارىپىنىڭ بىر ئەۋلاد پىرى» دەيدۇ.①

دالې كارنېگقا بېرىلگەن يۇقىرىقى باھالار ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس. بىرما رۇڭلىسىنىڭ باھاسى كارنېگنىڭ دۇنيادا ناتىقلىق ۋە نۇتۇقشۇناسلىق ھەققىدە قانچىلىك شۆھرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، ر. ئاككېكانىڭ ئېيتقان سۆزى نۇتۇقنىڭ ئىقتىسادىي ساھەدىكى قۇدرەتلىك رولىنى چۈشەندۈرىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمىنىڭ ئېيتقىنى كارنېگنىڭ دۇنيا نۇتۇقشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئاجايىپ نوپۇزىنى نامايان قىلسا، شاگىرتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى كارنېگنىڭ نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىقتىن پايدىلىنىپ ئىنسانىيەت مائارىپ تارىخىدا ھەققەتەن چوڭ روللارنى ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھازىرقى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، دۇنيادىكى 50 نەچچە دۆلەتتە «كارنېگ ئىنستىتۇتى» دىن 1700 دىن ئارتۇقى قۇرۇلغان. كارنېگ ئەسەرلىرى غەرب دۇنياسىدا، «ئىنجىل» دىن قالسىلا ئەڭ بازار تاپقان كىتابلار ھېسابلىنىدۇ.

ناتىقلىق يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ روناق تېپىشى جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ئالماشتۇرۇشىغا ئاساس بولىدىغان ئەڭ ئەرزان، ئەڭ ئۆتكۈر قورال بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەملىكەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىلىم ئىگىلىكى تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى شارائىتتا بىلىم ئىگىلىكى ئۈچۈن ئەڭ

---

① دالې كارنېگ: «ناتىقلىق سەنئىتى»، خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ «باش سۆزى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ بەت.

جانلىق ۋاستە بولغاچقا، بىزمۇ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. دالې كارنېگ ئۆزى: «بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ تەخمىنەن 15% ى تېخنىكا بىلىمگە، 85% ى ئىنسانىيەت قۇرۇلۇشى — ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىش ئىقتىدارى، داھىيلىقنى زىممىسىگە ئېلىش ۋە باشقىلارنىڭ قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش ئىقتىدارىغا باغلىق.»① دەيدۇ. كارنېگىنىڭ دېگىنىدە ھەقىقەت بار. ھازىرقى كاپىتالىستىك ئىجتىمائىي تەرتىپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇم نۇتۇقنىڭ، يەنى ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىش ئىقتىدارىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىملىقىنى تەبىئىي ھالدا تەقەززا قىلدى. ئامېرىكا، ياۋروپا دۆلەتلىرىدە دۆلەت باشلىقلىرى، سەردارلار، كارخانىچىلاردىن تارتىپ باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغىچە كارنېگنىڭ نۇتۇقشۇناسلىق ھەققىدىكى ئىلمىي مېھنەتلىرىدىن زور مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىپ كەلدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ھەتتا ھوندۇراسنىڭ ئىككى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى ۋە ئۇلارنىڭ رەقىبلىرى، شۇنىڭدەك ئىسلاندىيە زۇڭتۇڭى ۋە ئىچكى كابىنېتتىكى مۇھىم شەخسلەرمۇ كارنېگنىڭ ناتىقلىق تەربىيىسى ئارقىلىقلا ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سالالىغان.② ئامېرىكا، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەرتىپ شۇنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرىدۇكى، ئىختىساس ئىگىسى بولغان ھەرقانداق بىر ئادەم جەزمەن ناتىق بولۇشى كېرەك، بۇ ئالدىنقى شەرتلەرنىڭ بىرى.

دېمەك، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە بۈگۈنكى زاماندا

① دالې كارنېگ: «ناتىقلىق سەنئىتى»، خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ «باش سۆزى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى 3 - بەت.
② دالې كارنېگ: «ناتىقلىق سەنئىتى» خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ «باش سۆزى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى 3 - بەت.

www.uyghurkitap.com

مىڭلىغان «دالې كارنېگ» لار يېتىشىپ چىقىپ، جەمئىيەتنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى، روھنى قوزغاتقۇچى كۈچ مەنبەسىگە ئايلاندى.

نوتۇق ئۆزگىچە بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت بولۇش بىلەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ جۇڭگودا ئاندا - ساندا تەكىتلىنىشكە باشلىدى. جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىزدىمۇ ئەنە شۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ (ناتىقلىق روھىنى ئۇرغۇتقۇچى مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى) نىڭ تەكىتلىنىشىنى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالدىنقى سەپكە ئىشتىراك قىلىشىنى تەقەززا قىلدى. شۇنداق قىلىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نوتۇقتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي پائالىيەت جانلاندى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، نوتۇق تەجرىبىلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن خۇلاسىلەيدىغان مۇكەممەلرەك نەزەرىيە سىستېمىسىمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇ نەزەرىيە سىستېمىلىرى ئۆز نۆۋىتىدە، يەنە كېلىپ نوتۇق پائالىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتمەكتە. ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ئىلمىي بەس - مۇنازىرە ۋە باشقا ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نوتۇق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولدى. ئۇلار قانداق قىلغاندا جەمئىيەت قەدىمىگە ماسلىشالىغان بىر ناتىق بولۇپ چىقىشنىڭ سىرلىرى ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىدىغان بولدى. مەملىكەت مىقياسىدىكى خېلى كۆپ ئالىي مەكتەپلەردە، بولۇپمۇ پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە نوتۇق ۋە نوتۇقشۇناسلىق خاس دەرسلىك سۈپىتىدە دەرس سېتكىلىرىدىن ئورۇن ئالدى. شۇنداق قىلىپ، پېداگوگىكا خاراكتېرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە نوتۇق ۋە نوتۇقشۇناسلىق ئالىي مائارىپنىڭ ئاساسىي

مەزمۇنلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. بۇ دەل بىزنى خۇشال قىلىدىغان بىر نۇقتا. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىققا ئەھمىيەت بېرىش بىزدە تېخى چەت ئەللەردىكىدەك ئىلمىي تەشكىللىي سىستېمىنى شەكىللەندۈرەلمىدى. كىشىنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىدا نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىققا ئەھمىيەت بېرىش مەدرىسە مائارىپىدىن كېيىن كاپالەتكە ئىگە بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرگەن بىر دامولىنىڭ نۇتقى بىزنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى پروفېسسورلىرىمىزنىڭ نۇتۇقلىرىدىن ئالاھىدە پاساھەتلىك ۋە گۈزەل بولۇپ كەلدى. مەملىكەت مىقياسىدىكى پېداگوگىكا خاراكتېرىدىكى مەكتەپلەردە مەزكۇر پەن تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، شۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن 1988 - يىلىدىن ئېتىبارەن رايونىمىزدىكى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدا بۇ پەن تەسىس قىلىندى. ئەمما، تا بۈگۈنگە قەدەر بۇ پەن ھەققىدە ئوقۇغۇچىلارغا مۇكەممەلرەك ئىلمىي سىستېما بويىچە ساۋات بېرىدىغان بىر قوللانما بولماسلىقتەك بوشلۇق ساقلىنىپ كەلدى. دەل مۇشۇ ئېھتىياج مەزكۇر يازمىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، بۇ تۇنجى ئەمگەك چولتا ۋە كەم - كۈتە بولۇشى، بەزى ئىلمىي نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر يورۇتۇلمىغان ۋە چوڭقۇرلاشمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىشىنىمىزكى، بۇ ھەقتىكى كېيىنكى تەتقىقاتلار ۋە ئىلمىي ئەمگەكلەر بۇ كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاپ كېتىدۇ. 1990 - يىللاردىن باشلاپ ئۇيغۇرچە مەتبۇئات ۋە نەشرىياتلاردا نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىققا ئائىت ئادەتتىكى ساۋات خاراكتېرلىك ناھايىتى يۈزەكى ماتېرىياللار ئېلان قىلىندى. ئەمما، بۇ ماتېرىياللار نۆۋەتتىكى ئېھتىياجىمىزغا مەلھەم بولالمايدۇ.

بىزدە نۇتۇقنى تەتقىق قىلىدىغان نۇتۇقشۇناسلىق ئىلمى پېداگوگىكا خاراكتېرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى تەربىيە كۆرگەن ھەربىر ئۇيغۇر پۇقراسىنىڭ ئىجتىمائىي دەرسلىكى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك، بۇ ئىلمىي سىستېما نۇتۇق ئەمەلىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە تەتقىقات قانۇنىيىتىنى زىچ بىرلەشتۈرگەن بولۇشى، بۇ سىستېما ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك بولغان پاساھەتلىك ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەڭ ساغلام نۇتۇق مۇھىتىنى يارىتىپ، مىللەتنىڭ روھىنى ئويغىتىپ، تومۇرلىرىمىزدا قېتىپ قالغان قانىنى داۋالغۇتۇپ، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا ئۆز مەۋجۇدلۇقىمىزنى ئىپادىلىشىمىزدە ئۆزگىچە خاس ھەسسىسىنى قوشۇشى كېرەك.

## 3. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ نۇتۇق ھەققىدىكى قاراشلىرى

ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىمىزنىڭ نۇتۇققا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىز قەدىمكى يازما خاتىرىلەردىن تاكى دەۋرىمىزگىچە بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغىچە ناھايىتى كۆپ ئۇچرىتىمىز، ئالايلۇق، قەدىمكى تۇرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە نۇتۇق تارىخىمىزدىكى ئاجايىپ ئېسىل سەمەرىلەر تاشقا ئويۇپ قالدۇرۇلغان. تىل شۇنچىلىك مۇھىم نەرسىكى، كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ گېپى كەلگەندە ئۆلۈك جاننى تىرىلدۈرەلەيدۇ، تىرىك جاننى ھەم ئۆلتۈرەلەيدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تىل ئاغزاكى نۇتۇقنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كلاسسىكلىرىمىزدا گەرچە بۇ مەسىلە

نەزەرىيىۋى جەھەتتىن شەرھلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي قاراش ھېكمەت ۋە دىداكتىك تۈس بىلەن ئۆزىگە خاس بىر سىستېمىنى شەكىللەندۈرگەن. شاھانە ئەسەر «شاھنامە» نىڭ مۇئەللىپى، پارس - تاجىك شائىرى، تۈرك شائىرلىرىنىڭ ئۇستازلىرىدىن بىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى مۇنداق دەيدۇ:

كىمكى قىسقا سۆزلەپ دېدى كۆپ مەنە،
راۋانلىق بابىدا شۇ كىشى ئەلا.
كىمدە بىھۇدە سۆز گەر بولسا بىس يار،
ئۇ نۇتۇق مەجلىسىدە دائىم بولار خار.

شائىر ناھايىتى ئېنىق كۆرسەتتىكى، نۇتۇق سۆزلەشنى بىلمىگەن ئادەم قىسقا سۆز بىلەن كۆپ مەنىلەرنى ئۇقتۇرالمايدىغان ئادەمدۇر. بىھۇدە سۆزنى كۆپ قىلغۇچىلار نۇتۇق مەجلىسلىرىدە ھامان خارۇ - زاردۇر. بۇ بىزگە راۋان نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگىنىشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. سەئىدى شىرازى بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

ئەي، ئاقىل ئاغزىمىز ئىچىدە بۇ تىل،
ھۈنەرلىك كىشىنىڭ خەزىنە ئاچقۇچى.
ئېچىلماي ئىشىك نەدىن بىلسۇن كىشى،
ئۇ گۆھەرپۇرۇچمۇ ياكى يايمىچى.

شائىر دەيدۇ: بىلىملىك ئاقىل كىشىلەرنىڭ قەلب دۇنياسىنى بىلىم دۇردانىلىرىغا تولغان پۈتمەس خەزىنە دېسەك،

www.uyghurkitap.com



مانا شۇ خەزىنىنىڭ مۇستەھكەم ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ تىلدۇر. بۇ يەردىكى تىل ئەمەلىيەتتە نۇتۇقنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ئاچقۇچ بولمىسا، خەزىنە ئىچىدىكىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ئىنتايىن تەس. شائىر دېمەكچى، ئادەم قانچە بىلىملىك بولغىنى بىلەن شۇ بىلىمنى باشقىلارغا سىڭدۈرىدىغان نۇتۇق قابىلىيىتى بولمىسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. دېمەك، سەئدى شىرازى نۇتۇقنىڭ مۇھىملىقىنى ئېنىق يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. تەسەۋۋۇپچى شائىر ئابدۇراخمان جامى مۇنداق دەيدۇ:

بىھۇدە سۆزلەردىن تىلىڭنى ئەت خالىي،
ئاشكارا بولىدۇ ئەقلىڭ جامالى...
سۆزئارا جىلۋىسىنى كۆرسىتەر كۆڭۈل،
بۇ جىلۋىدىن خالاس بولماق مۇشكۇل.

ئەقلىنىڭ جامالى بىر ئادەمنىڭ سۆزلىگەن سۆزى بىلەن ئاشكارىلىنىدۇ. ئەقلىڭ قانچىلىك بولسا، نۇتقىڭ شۇنچىلىك بولىدۇ، دەيدۇ شائىر. بۇ يەردە دېمەكچى بولغان مەنە: نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى بىلىم ئىگىسى بولۇشى كېرەك. ئۇ ئۆزىدىكى باشقىلار بىلمەيدىغان ئىلمىي ھەقىقەتنى باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى زۆرۈرىيەت دەپ قارىغان چاغدا، نۇتۇق مۇھىتى تەبىئىي شەكىللىنىدۇ.

كۆپلىگەن كلاسسىكلىرىمىز تىلنى ۋە نۇتۇقنى تىرىك جان سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق مىسرالارنى تىزغانىدى:

. . . . . .
ھەم سۆز ئىلە ئەلگە ئۆلۈمدىن نەجات،
ھەم سۆز ئىلە تاپىپ ئۆلۈك تەن ھەيات.
سۆز بىلە كوفر ئەھلى مۇسۇلمان بولۇپ،
سۆز بىلە ھەيۋان دېگەن ئىنسان بولۇپ.
. . . . . .
مەئىدەنى ئىنسان گۆھەرى سۆزدىدۇر،
گۈلشەنى ئادەم سەمەرى سۆزدىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى بۇ يەردە زىكرى قىلىنۋاتقان سۆز ئەمەلدە تىل ۋە نۇتۇقنى كۆرسىتىدۇ. راست، شائىر تەلقىلىرىدە ئېيتقاندەك، تىلنىڭ ياكى نۇتۇقنىڭ قۇدرىتى ئاجايىپكى، ئۇ گېزى كەلگەندە مۇردىنى ھاياتلىققا، ھاياتلىقنى ھەم مۇردىغا ئايلاندۇرالايدۇ، شۇنداق، ئۇنىڭغا بۇ قۇدرەتنى ئانا سۇتى ئاتا قىلغان تەبىئىي پىكىر بىلەن پۇتمەس سەنئەت كۇچى ئاتا قىلغاندۇر. بۇ يەنە شۇ ھەقىقەتنى بىزگە چۈشەندۈرىدۇكى، توغرا، جانلىق، شېرىن زىۋان ھاياتلىقنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەلھىمىدۇر.

تىلنىڭ پەزىلىتى ئېسىل نۇتۇقنىڭ پايدىسى ھەققىدە ئۇلۇغ پەيلاسوپ شائىرىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە تېخىمۇ قالتىس ھېكمەت دۇردانىلىرىنى بايان قىلىدۇ:

162. ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل،
روشەن تىل كىشىنى يورۇتقۇچى، بىل.
163. قەدىرلىك قىلار تىل، تاپار بەخت كىشى،
قىلار ئەرنى تىل خار، كېتەر ھەم بېشى.
164. ئىشىكتە تۇرار ئارسلاندۇر بۇ تىل،

www.uyghurkitap.com



ئەي ئۆيلۈك ھەزەر قىل، بېشىڭ يەيدۇ، تىل،

165. نېمە دەيدۇ تىلدىن جاپا كۆرگەن ئەر،
قۇلاق سال، ئەمەل قىل، دىققىتىڭنى بەر:

166. جاپا سالدى تىلىم ماڭا كۆپ قېتىم،
كېسىلمەستە باشىم، كېسەي مەن تىلىم.

167. سۆزۈڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

168. بىر ئالىم دېدى تىل ئۈچۈن پۇختا سۆز،
ئايا تىل ئىگەسى كۆزەت باشنى ئۆز.

169. ئېسەنلىك تىلەسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ،
تىلىڭدىن چىقارما ياراقسىز سۆزۈڭ.

170. بىلىپ سۆزلىسە سۆز، بىلىم سانىلۇر،
بىلىمسىز سۆزى ئۆز بېشىنى يېيۇر.

171. تولا سۆزدە ئارتۇق پايدا كۆرمىدىم،
يەنە سۆزلىمەيمۇ پايدا تاپمىدىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەيدۇ: تىل ۋە نۇتۇق شۇنداق نەرسىكى، ئۇ ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ تىلماشىغا ئوخشايدۇ. سۆز ۋە نۇتۇق قەلبىتىكى ئەقىل بىلەن بىلىمنى دەل، توغرا ئىپادىلىيەلىسە، ئۇ شۇ قەلب ئىگىسىنى ئابرۇيلۇق، بەختلىك قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، قەلب ئىگىسىنى خار قىلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ بېشىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىملار ئېيتقان بىلىملىك ئادەملەر «پۇختا سۆز» قىلىشنى ئۆگىنىشى كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە زىكرى قىلىنىۋاتقان «پۇختا سۆز» شۇبھىسىزكى، سەنئەتلىك نۇتۇقنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەيدۇ: ئەڭ ئاددىيىسى ئۆزئارا ئېسەنلىك تىلەشكەندىمۇ «پۇختا سۆز» قىلىشنى بىلىش

كېرەك. ئەگەر تىلىڭدىن يارامسىز سۆزلەر تۆكۈلسە، تىلىڭ تۇرماق، چىشىڭمۇ ئۆز ئورنىنى تاپالماس. زىيادە سۆزدىن ھېچكىم ئارتۇق پايدا كۆرگەن ئەمەس. سۆز قىلمايمۇ ئوخشاشلا ھېچكىم پايدا كۆرمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆزنى ئورۇنلۇق، دەل جايىدا، تەسىرلىك ئىپادىلەش ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

173. كىشى بولغۇسى شاھ ئۆسۈپ سۆز بىلەن،
تولا سۆز قىلار بېشىڭنى يەر تۆۋەن.

174. بىلىم دەر «مەمەدانە» ، كۆپ سۆزلىسەڭ،
گاچا دەيدۇ سۆزنى ئەگەر دېمىسەڭ.

175. پاساھەت بىلەن قىل شۇڭا سەن سۆزۈڭ،
پەسىھ بولسا تىلىڭ، ئۆسەرسەن ئۆزۈڭ.

176. تىلىڭنى كۆزەت بەك، كۆزىتىلەر باش،
سۆزۈڭنى قىسقا قىل ئۇزارتىلار ياش.

راست، دۇنيادا ئەزەلدىن يۈقىرى مەرتىۋىلىكلەر گۈزەل لەۋزى، كىشىنى قايىل قىلىدىغان پاساھەتلىك نۇتۇقلىرى بىلەن شۇ ئورۇنغا مۇيەسسەر بولۇشى كېرەك. ئادەتتىكى كىشىلەر يارامىلىق نۇتۇقلىرى بىلەن ئۆسۈپ، ھەتتا شاھلىق تەختىگە چىقىشى مۇمكىن. ئورۇنسىز سۆز ۋە نۇتۇق ئادەمنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىشى مۇمكىن. بىلىممۇ قۇرۇق سۆزنى كۆپ قىلغان، «مەمەدانە» سۆز قىلىشنى بىلمىگەن ئادەملەرنى «گاچا» دەپ ئەيىبلەيدىكەن. شۇڭا قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىدىغان ھەم سۆزلەشنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ قورسىقىدىكى بىلىممۇ ناھايىتى ئازابتا ياشايدىكەن. ئۇ ئۆز ئىگىسىدىن چەكسىز زارلىنىدىكەن. شۇڭا تىلنى پاساھەت بىلەن بايان قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئۇلۇغلۇقتۇر.

www.uyghurkitap.com



178. ئەگەر مۇنداق بولسا، بىلىپ سۆزلە سۆز،
سۆزۈڭ بولسۇن كۆزسىز قارىغۇ ئۈچۈن كۆز.

179. ئېنىقكى بىلىمسىز بىر قارىغۇ ئېرۇر،
بىلىمدىن نەسىپ ئال، بىلىمسىز يۈگۈر.

180. تۇغۇلغان ئۆلەر، كور، قالۇر بەلگىسىز،
سۆزۈڭ ياخشى بولسا، ئۆزۈڭ ئۆلگىسىز.

ئەگەر سۆز ۋە نۇتۇق شۇنداق مۇھىم بولسا نۇتۇقتا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. بىلگەننى سۆزلەش، بىلمىگەننى سۆزلىمەسلىك كېرەك. چۈنكى نۇتۇق — قەلبى بىلىمگە تەشنا ئادەملەر ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇق. «سۆزۈڭ كۆزسىز قارىغۇ ئۈچۈن كۆز بولسۇن» دەيدۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ. ئۇ بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان «قارىغۇ» قورسىقىدا ئىلمى كۆپ بولمىغان، قەلبى ئىلىمگە چاڭقاق كىشىلەردۇر. شۇڭا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئىلىم ئۆگەتكۈچى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ياخشى نۇتۇق سۆزلىيەلىگەن ئادەم كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئادەمدۇر.

182. كىشى تۇغدى، ئۆلدى، سۆزى قالدى، كۆر،
ئۆزى كەتتى ئىنسان، ئېتى قالدى كۆر.

شۇڭا مۇتەپەككۇرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىل، سۆز، نۇتۇق ھەققىدىكى ھېكمەتلىرىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق يازىدۇ:

190. كىشىدىن ـ كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزنى تۇتساڭ يۈز پايدا بولۇر.

191. قاۋاق تۈرمە بۈگۈن، ئەي دانا ماڭا،
يەنە ئۆزۈر ئېيتسام ئەيمىنىپ ساڭا.

كلاسسىكلىرىمىزنىڭ نۇتۇق ھەققىدە ئېيتقانلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى

يوق. شۇنىسى ئېنىقكى، بىزنىڭ ئىسلام مائارىپىمىزدا نۇتۇققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدرىسىلەردىن تاكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەدرىسىلەرنىڭ ھەممىسىدە «ئىلمىي فەساھەت»، «ئىلمىي بەلاغەت»، «ئىلمىي مەنتىق» قاتارلىق نۇتۇقشۇناسلىق بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك دەرسلىكلەر قاتتىق تەلەپ بىلەن ئۆتۈلگەنىدى. كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، شۇ دەۋرلەردە نۇتۇقشۇناسلىقتا ئائىت ئۆزىگە خاس نەزەرىيىۋى سىستېما بولۇشمۇ مۇمكىن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كلاسسىكلىرىمىز نۇتۇققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

## 4. نۇتۇق سەنئىتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى

يۇقىرىدا بىز نۇتۇقنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە توختالدۇق. نۇتۇق سەنئىتىنى ئۆگىنىش ھەممە كىشى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. نۇتۇقنىڭ ئەھمىيىتى نۇتۇقشۇناسلىقنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى بەلگىلىگەن. چۈنكى نۇتۇقنىڭ ئەھمىيىتى نۇتۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ: نۇتۇق — تەشۋىق قىلىش، ئىلھام بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە؛ نۇتۇق — ھەرخىل بىلىملەرنى تارقىتىشتىكى ۋاسىتە؛ نۇتۇق — ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى مۇھىم تاكتىكا؛ نۇتۇق — رەھبەرلىك ۋە باشقۇرۇش ساھەسىدە جەزمەن بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئۆتكەل. نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى. ئۇ نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ بىلىش ئىقتىدارى، كۆزىتىش قابىلىيىتى، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى،

ئىپادىلەش ئىقتىدارى قاتارلىقلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئۇنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈش ۋە ئىلمىي نەزەرىيىۋى جەھەتتىن تەتقىق قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. نۆۋەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ پېداگوگىكا خاراكتېرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، نۇتۇق سەنئىتىنى ئۆگىنىش ۋە نۇتۇقشۇناسلىق ساۋادىغا ئىگە بولۇش زامانىمىزنىڭ مۇقەررەر تەقەززاسى. نۇتۇقنىڭ مەنتىقىلىقىغا، ئۇنىڭ سەنئەتلىك تۈسكە ماھىر بولالماسلىق زامانىمىز كىشىلىرى، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلىرىمىز دۈچ كېلىۋاتقان ئەڭ ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ھازىرقى ئوقۇغۇچىلاردا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىدىن بارغانچە يىراقلاپ، باشقىلارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ نۇتۇق بايان قىلىشتىن ئەنسىرەيدىغان پسىخىك كەيپىيات شەكىللىنىپ قالدى، بۇنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئاساسى بار، شۇنداقلا بۇ ھازىرقى مائارىپىمىزدىكى چوڭ يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بىرى.

ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ دوستلىرى ياكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئانچە تارتىنىپ كەتمەي بىر قەدەر تەبىئىي سۆزلىيەلىسىمۇ، ئادەم كۆپ سورۇنلاردا، يىغىنلاردا مۇئەللىم دەرسخانىدا سوئال سورىغانلاردا، دوكلات قىلغانلاردا تەمتىرەپ، قىزىرىپ، تىرنىقىنى تاتىلاپ، دۇدۇقلاپ گەپ قىلالماي قالىدۇ، گەپ قىلغان تەقدىردىمۇ دېمەكچى بولغان ئاساسىي پىكرىنى تولۇق ۋە توغرا يەتكۈزەلمەيدۇ، نۇتۇقنى راۋان بايان قىلالمايدۇ. بۇ ئۇلاردا جەمئىيەتكە چىقىپ ئەمەلىي ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە دۈچ كەلگەندە قورقۇمچان پسىخىك كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە زور توسالغۇلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە

خىزمەتلىرىدە ئالغا بېسىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئۆگەنگىنىنى ئەمەلىيەتتە دادىل ئىشلىتىش، مۇستەقىل پىكىر بايان قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. كىتابىي بىلىملەرنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي بىلىمىگە ئايلاندۇرالىغان، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بولغان كىشىلەرلا نۇتۇقنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرىنى ئورۇندىغان بولىدۇ. ئۆز بىلىمىنى قانداق يول بىلەن سەنئەتلىك بايقاش مەسىلىسى نۇتۇقشۇناسلىقتىكى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش نۇتۇق سەنئىتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم نۇقتا.

نۇتۇق كەڭ ئاممىۋىلىقا ئىگە بولۇشتەك خاراكتېرى بىلەن ناتىقنىڭ ئىدىيىسىنى ئاڭلىغۇچىلارغا سىڭدۈرىدۇ، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە خەلقىمىزنىڭ يېڭى ئۇچۇرلارغا، يېڭى بىلىملەرگە بولغان تەشنالىقى كۈنسايىن ئېشىپ بارماقتا. شۇڭا نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگىنىشنىڭ مەقسەتچانلىقىغا، سەپەرۋەر قىلىش ئالاھىدىلىكىگە، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنى تەربىيىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. دالې كارنېگىنىڭ «ناتىقلىق سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ مەزكۇر كىتابقا يازغان باش سۆزىدە «كارنېگ چوڭلار مائارىپىنىڭ بىر ئەۋلاد پىرى» دېگىنى دەل نۇتۇقنىڭ كىشىلەرنى تەربىيىلەش رولىغا قارىتىلغان.

نۇتۇق سەنئىتىنى ئۆگىنىش ئالىيجاناب ئەخلاق پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى. تەرتىپسىز نۇتۇق بايان قىلغۇچى ۋە مەنىسىز گەپنى كۆپ

www.uyghurkitap.com



قىلغۇچى ئادەتتە ئەخلاقسىز كىشىدۇر. ئادەمنىڭ خۇي - پەيلى ئۇنىڭ نۇتقىدا نامايان بولىدۇ. «ئەخلاق» دېگەن سۆزمۇ ئەرەب تىلى لېكسىكىسىدىكى «خۇلق» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. شۇڭا، ياخشى پېئىللىق، ئېسىل خۇلقلىق بولۇشمۇ گۈزەل تىل ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. نۇتۇق كۈچلۈك ھېسسىيات ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىشكە، ھېكمەت بىلەن باشقىلارنى قايىل قىلىشقا، گۈزەل تىل بىلەن باشقىلارغا ئېستېتىك زوق بېرىشكە ئەڭ قادىر بولغان ئۆزگىچە بىر سەنئەت شەكلىدۇر. شۇڭا ئۇ باشقا ھەرقانداق سەنئەت شەكىللىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىرسىي تۇغما ناتىقنىڭ بولۇشىنى ھازىر پەنمۇ چەتكە قاقمايدۇ، ئەمما پەن يەنە شۇنىمۇ چەتكە قاقمايدۇكى، ئادەملەر نۇرغۇن ئىقتىدارنى ئۆگىنىش ۋە بىلىش جەريانىدا تولۇقلايدۇ ۋە يېتىلدۈرىدۇ. دۇنيا نۇتۇقشۇناسلىق تارىخىدىن قارىغاندا، كۆپلىگەن ناتىقلار تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنىڭ نۇتۇق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، جەمئىيەتكە زور تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇ ناتىقلارنىڭ تارىخى شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇكى، نۇتۇق ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرەلمىگەن ئادەملەر ئۆزىنىڭ رولىنى جەمئىيەتتە تولۇق جارى قىلدۇرالمايدىغان ئادەملەردۇر. ئامېرىكىنىڭ 16 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى لىنكولىن دۇنيادا داڭلىق ناتىقلارنىڭ بىرى سانىلىدۇ. لىنكولىن قانۇن ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا، ئۆلۈك قانۇندىن تىرىك پايدىلىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى ناتىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئۆزىنىڭ نۇتۇق ئىقتىدارىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلانغان ئىدى. نەھايەت، لىنكولىن تىرىشىپ ئۆزىنىڭ نۇتۇق ئىقتىدارىنى

ئۆستۈرۈپ، بىر ناتىققا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئۇ ئاجايىپ بىر تارىخىي شەخس بولۇپ قالدى. شۇڭا نۇتۇقنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

نۆۋەتتە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى زور بىر تۈركۈم بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، نۇتۇق ئىقتىدارى يۇقىرى قوشۇنغا موھتاج. مەمۇرىي باشقۇرۇشتىن مائارىپ ئوقۇتۇشىغىچە، سودا - سېتىق، سانائەت ئىقتىسادىدىن يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىغىچە ھەممىلا ساھە ئەنە شۇنداق ناتىقلار قوشۇنىغا ئېھتىياجلىق. بۇ ئېھتىياجنى بىزنىڭ بەزى ساھەلىرىمىز تېخى چۈشىنىپ يەتمىدى. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، جەمئىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتى بۇ ئېھتىياجنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ، ئەڭ ئاددىيسى جەمئىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىمۇ ئىككى كەلىمە ياراملىق ۋە يېقىملىق سۆز قىلالىغان ئادەم ئىززەت - ئابرۇيغا ئىگە بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «بوغداي نېنىڭ بولمىسا، بوغداي سۆزۈڭ يوقمۇ؟» دەيدىغان گەپ بار. بۇ دېگەنلىك، ئېسىل سۆز قەلبنى ياشارتىدۇ، دېگەنلىك.

ھازىر ئۇيغۇر ئومۇمىي مائارىپىدىكى مائارىپچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مائارىپچىلار قوشۇنىمىز جۇڭگو ئومۇمىي مائارىپىنىڭ قەدىمىگە ماس ھالدا، «دىپلوم ئىنقىلابى»غا يۈرۈش قىلىپ، ھەرخىل يوللار بىلەن تولۇق كۇرس دىپلوملىرىغا ئېرىشىۋاتىدۇ. ئەمما، بۇ قوشۇندا ھازىر مەۋجۇت بولۇۋاتقان بىلىم ئىقتىدارى، نۇتۇق قابىلىيىتى كىشىنى ئەندىشىگە سالماي قالمايدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ تولۇق كۇرسلىرىدىن باشلاپ بىلىم ئىقتىدارى مەسىلىسىنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، نۇتۇقشۇناسلىق ئىلمىگىمۇ

www.uyghurkitap.com



ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشنى يېڭى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش لازىم. نۇتۇق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىمۇ، نۆۋەتتىكى ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇشى كېرەك.

## 5. نۇتۇق سەنئىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي رولى

ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىز يۇقىرىقى ماۋزۇلىرىمىزدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك نۇتۇققا بولغان ئېھتىياجنى كۈنسايىن ئاشۇرماقتا. تىل — ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ بىردىنبىر ئەڭ مۇھىم قورالى. تىل ئىنساننىڭ ئېغىزى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىنسان ئاغزىنىڭ ھەر خىل رولى بار. بىرىنچىدىن، ئۇ تاماق يېيىشتە ئىشلىتىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، سۆز قىلىشتا ئۇ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئەزا، ئۇنىڭ ئىككىنچى رولىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يەنە ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەزالارنىڭ بىرى. سۆز قىلىش ئىنسانغا نىسبەتەن ئادەتتىكىدەك نورمال ئىش ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۇنى دەل جايىدا توغرا ئىشلىتىش مەسىلىسىلا ئىنسانىي سۈپەتلەرنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى دەپ قارىلىدۇ. سوتسىئولوگلار ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە تاق تاۋۇش، ھەرخىل ئاۋازلار ئارقىلىق ئادەتتىكى ئۇقۇم ۋە غەرەزلىرىنى ئۇقتۇرۇشاتتى. كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى تاق بوغۇملۇق سۆزلەرنى پەيدا قىلدى. دېمەك، نازۇك ھېس - تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشكە قۇدرىتى يەتمىگەن ئىپتىدائىي تىل ناھايىتى زور سالماقتا بەدەن، قول، كۆز، چىراي ھەرىكەتلىرىنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلغان بولۇشى مۇمكىن. يۇناننىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ستوئىكو مۇنداق دېگەنىدى: «ئادەم گەپ قىلىشنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەلۇم نەرسىلەرنى دوراپ

ئاۋاز چىقىرىشتىن ئۆگەنگەن.»[1] مۇشۇ قاراش بويىچە بولغاندا، نۇتۇقنىڭ سەنئەت شەكلى تىلنىڭ مۇئەييەن مۇكەممەل تەرەققىيات باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. تىلنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بەلگىلەيدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، تىل — ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن ماس قەدەمدە ئالغا باسىدىغان ئىجتىمائىي قورال. تىلشۇناسلار «ئىنسانلار تىل پەيدا بولغاندىن كېيىنلا ئىجتىمائىي جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشالىغان» دەپ قەيت قىلىشىدۇ. تىل يەنە ئىجتىمائىي بىرلىكنىڭ پائالىيىتى ئۈچۈن غايەت زور رول ئوينايدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خۇددى ئېنگېلس كۆرسەتكەندەك: «تىل ئەمگەك جەريانىدا ئەمگەك بىلەن بىللە پەيدا بولغان. شۇنداق ئىكەن، ئەمگەك ۋە ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقى نۇتۇق بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ. تارىختا ھەرقانداق بىر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەيلى ئۇ قانچىلىك قالاق جەمئىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىجتىمائىي بىرلىكنى، ئەمگەكنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقىنى تىل ۋە نۇتۇقنىڭ ياردىمىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلگەنىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ، نۇتۇقنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. بەزى تىلشۇناسلار نۇتۇقنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تىلشۇناسلىقنىڭمۇ تەركىبىي قىسمىغا كىرگۈزدى. ھازىر غەرب ئەللىرىدە تەكىتلىنىۋاتقان «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق» تا نۇتۇقنىڭ ئىجتىمائىي رولىمۇ تىل قانۇنىيەتلىرى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىنىدىغان بولدى. ھازىر دۇنيا مىقياسىدا 8 مىليارد ئەتراپىدا خەت تونۇمايدىغان

---

① ۋۇلۇشىڭ: «سۆزلەش سەنئىتى»، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى، 1984 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - بەت.

ساۋاتسىز ئادەم بار. ئەمما، ئۇلار ئېغىز تىلى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا مەلۇم نۇقتىدىن ياندىشىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، نۇتۇقتىن ئۇلار ئۇنۇملۈك پايدىلىنىدۇ. پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەنە شۇ 8 مىليارد ساۋاتسىزنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلىشالماسلىقىدىن زور توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ئەمما نۇتۇق ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئالدىدا تۇرغان مانا شۇ توساقنى بۇزۇپ تاشلاش ئىقتىدارىغا ئىگە.

ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئادەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى بىر سائەت ئەتراپىدا گەپ قىلىدىكەن. بىر ئۆمۈرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇشۇ بىر سائەتنى ھېسابلاپ چىقسا ئىككى يېرىم يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت بولىدىكەن. مۇبادا مۇشۇ ئىككى يېرىم يىللىق گەپ خاتىرىلەنسە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 400 بەتتىن ئاشىدىغان كىتابتىن مىڭ پارچىسى پۈتىدىكەن.

ئەمەلىيەتتە، كىشىلەرنىڭ بارلىق پائالىيەت دائىرىسى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىن تارتىپ مەنىۋى ئىجادىي پائالىيەتلىرىگىچە، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىدىن تاكى كۈندىلىك تۇرمۇشلىرىغىچە سۆزلىشىش ئارقىلىق ئىدىيە ئالماشتۇرماي مۇمكىن ئەمەس. ئىدىيە ئالماشتۇرماي، ئۆزئارا چۈشىنىشمەي ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، ئىجتىمائىي جەمئىيەتمۇ سۆز، نۇتۇقسىز ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدۇ. نۇتۇقتىن ئايرىلغان ئىجتىمائىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا، نۇتۇقنىڭ ئىجتىمائىي رولى ھەقىقەتەن ناھايىتى زور. ھازىر دۇنيا يەر شارىلىشىش، قۇتۇپلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. دۇنيانىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى يەر شارى خاراكتېرلىك يېڭى ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى بەرپا قىلغۇسى. بۇ

ئىجتىمائىي تەرتىپ نۇتۇققا يېڭى ۋەزىپىلەرنى يۈكلىگۈسى. دۇنيا ئۇچۇر سىستېمىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يازما نۇتۇقتىن ئاغزاكى نۇتۇقنىڭ ۋاقىتتىن ۋە ئۇنۇمدىن ئۈتۈش نىسبىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلماقتا. بۇمۇ نۇتۇق سەنئىتىنى ئۆگىنىشنىڭ نۆۋەتتىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا بىر - بىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدىمۇ سەنئەتنىڭ بولۇشىنى تەكىتلەپ، بۇ ھەقتە خاس پەنلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. مۇئامىلە سەنئىتىدىمۇ يەنە دۇچ كېلىدىغان ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى نۇتۇق سەنئىتى مەسىلىسىدۇر. يېڭى گۋىنىيىدە مۇنداق بىر مىللەت بار بولۇپ، قەبىلە باشلىقى بولغانلار ئاممىغا سۆز قىلغاندا، چوقۇم بىر پۇتىنى يىغىپ، بىر پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرۇپ سۆزلىشى، ئۇ داۋاملىق ئۆرە تۇرالمىغان چاغدا سۆزىنى تۈگىتىشى بەلگىلەنگەن ئىكەن، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاممىنىڭ بۇ قەبىلە باشلىقىنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقى بولىدىكەن. تەتقىقاتچىلار ئون نەپەر رەھبەرنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن ياخشى - يامانلىقى ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقان:

ئومۇمەن، قول ئاستىدىكىلىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلار گەپ - سۆزنى جايىدا قىلالمايدىغان، ئۆز پىكرىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيدىغانلار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ نىيىتىدە يامانلىقنىڭ بولۇشى ناتايىن ئىكەن.①

دېمەك، نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي رولى

① لۇشىئەن: «مۇئامىلە سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 237 - بەت.

www.uyghurkitap.com



ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۇ نۆۋەتتىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قەدىمى، ئىقتىسادىي ئۇنۇم، بىلىم ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، يۇقىرى ئىقتىمائىي ئۇنۇم يارىتىدىغان زور كۈچتۇر.

## 6. ئوقۇتقۇچى ۋە ناتىقلىق

نۇتۇق پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشى، كىشىلەردىكى نۇتۇققا بولغان چۈشىنىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، نۇتۇق كىشىلەر بارغانسېرى ئېتىبار بېرىدىغان مەدەنىيەت پائالىيىتىگە ئايلانماقتا. نۇتۇقشۇناسلىقنى ئۆگىنىدىغان، نۇتۇقنى مەشىق قىلىدىغان ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىدا، جۈملىدىن پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە رەسمىي دەرسلىك بولۇش باسقۇچىغا يېتىپ باردى. نۇتۇقنى ئۆگىنىش، نۇتۇقنى مەشىق قىلىش، نۇتۇقنى تەتقىق قىلىش، يەنى نۇتۇقشۇناسلىق پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى — كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم دەرسلىكلىرىدىن بىرى بولدى. بۇ ئىچكىرىدىكى پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە ئومۇملىشىپ بولدى. ئوقۇتقۇچى بىلەن نۇتۇق ئارىسىدا تەبىئىي باغلىنىش بولۇشى كېرەك. بىر ئوقۇتقۇچى جەزمەن ياخشى بولغان ئاغزاكىي ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگىنىشى، نۇتۇق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق مەشىق قىلىشى، نۇتۇقشۇناسلىقتىن بەلگىلىك ساۋاتقا ئىگە بولۇشى لازىم. بۇ، ناتىق — ئوقۇغۇچىلار ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇتقۇچى بولۇشنىڭ ئۇنۇملۇك يولىدۇر.

جەمئىيەتتە، «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ گېپىنى ھۆكۈمەت پۇلغا ئالىدۇ، ئوقۇتقۇچىلار گېپىگە تايىنىپ نان تېپىپ يەيدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى دائىم ئاڭلايمىز. نۇتۇقشۇناسلىق كىتابلىرىدا «ئوقۇتقۇچى ئۈچ ئۇلۇش ئۆز تالانتىغا، يەتتە ئۇلۇش ئاغزاكى بايان قىلىش تالانتىغا تايىنىشى كېرەك.» دەيدۇ. روشەنكى، بۇ يەردىكى پىكىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارى، يەنى نۇتۇق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئەڭ چۈشىنىشلىك يول بىلەن ئۆز بىلىمىنى يەتكۈزگۈچى ناتىقتۇر. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى دەرس ئۆتۈش، دەرس مۇنبىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇق سۆزلەشتە بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس سۆزلەشكە ماھىر بولماسلىقى ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇبادا بىر ئوقۇتقۇچى ناتىق بولۇپ، دەرسنى تەسىرلىك، راۋان، قىزىقارلىق، ئېنىق سۆزلەپ بېرەلىسە، ئاڭلىغۇچىلار (ئوقۇغۇچىلار) دەرسنىڭ مەزمۇنىنى شۇنچە تېز ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ. مۇشۇ بىلىمنى ئېلىش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار يەنە ئۆزگىچە قەلب ئېستېتىكىسىنى، غايىۋى تۇيغۇسىنىمۇ ھېس قىلالايدۇ. ئەگەر بىر ئوقۇتقۇچى نۇتۇقتا ماھىر بولمىسا، تاغدىن - باغدىن پەلىپەتىش، تۇترۇقسىز سۆزلىسە، ئوقۇتقۇچى ھەر قانچە بىلىملىك بولغىنى بىلەن ياخشى ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشمىكى بەك تەسكە توختايدۇ. بۇنداق ئوقۇتقۇچى لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى بولالمايدۇ.

ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئىشلەشمۇ ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلىمگە بولغان قىزغىنلىق روھىنى ئۇرغۇتۇشتىن ئادەم بولۇش ھەققىدە ئىدىيىۋى خىزمەت

www.uyghurkitap.com

ئىشلەشكىچە ھەممىسى نۇتۇقتىن ئايرىلالمايدۇ. بىر ناتىق ئوقۇتقۇچى ئادەتتە ئوقۇغۇچىلار بىلەن نورمال پاراڭلاشقاندىمۇ تەبىئىي يېقىنلىق ھېس قىلدۇرالايدۇ. بۇنداق ئوقۇتقۇچىلار ئادەتتىكى مەنتىقىي ئۇقۇملار بىلەنمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلب تارىنى چېكەلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى ئۆسۈپ، ئالغا بېسىش نىشانى ئايدىڭلىشىدۇ. نۇتقى ياخشى بولمىغان ئوقۇتقۇچىلار ئاسانلا باشقىلارنى رەنجىتىپ قويىدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى تۆۋەنلىتىۋالىدۇ. بۇنداق ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا ياقمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتالىقلارنى تۈگىتىشكە، ئىجابىي، غايىۋى دۇنيا قاراشلارنى تىكلىشىگە ياردەم بېرەلمەيدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچىنىڭ نۇتقى بىلىمنى ئوقۇغۇچىلارغا سىڭدۈرىدىغان ۋە تەربىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە بولغان ئاساسلىق ھالقا. باشقا ئوقۇتۇش قوراللىرى، ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ۋاسىتىلىرى قاتارلىقلار پەقەت ياردەمچى قوراللاردىنلا ئىبارەت. سانسىزلىغان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن شۇنى يەكۈنلەشكە بولىدۇكى، ئەڭ ياخشى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى مۇقەررەر ھالدا ئوقۇتقۇچىنىڭ ناتىقلىقىغا باغلىقتۇر. ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس تەييارلىقى، مەيلى قانچىلىك ئەتراپلىق ۋە تولۇق بولۇشىدىن، مەزمۇنى قانچە يېڭى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئوقۇتقۇچىنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتى ئارقىلىقلا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ياخشى ئوقۇتقۇچى ناتىق ئېغىزنىڭ ئۆزىدۇر، شۇنداقلا تىلنىڭ گۈزەللىكى ھەم ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولالايدىغان تىل بىلەن بايان قىلىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان نەرسە يەنىلا ئېغىزدۇر. ئوقۇتقۇچىلار ناتىق بولۇشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە جۇڭگودىكى

داڭلىق تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، مائارىپچى يې شېڭتاۋ ئەپەندى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئوقۇتقۇچى تىل ئۆگىنىشتىن ئايرىلىپ قالماسلىقى، ئوتتۇق قابىلىيىتىنى توختاۋسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن مائارىپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ئۇتۇق قازانغىلى بولىدۇ.» ئېنىقكى، ناتىقلىق لاياقەتلىك بىر ئوقۇتقۇچى جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ساپا ۋە شەرتتۇر.

دەرسنىڭ ئۈنۈمىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈشى ۋە ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا بۇ نۇقتىدا ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگىنىش ۋە ئۈزلۈكسىز تۈردە مەشىق قىلىش ئەلۋەتتە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر. چۈنكى نۇتۇق ھەرقانداق ئاغزاكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئىچىدە يەنىلا ئەڭ ئالىي بىر خىل ئۇسۇلدۇر. نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىمۇ تەبىئىي ھالدا يېتىلىپ بارىدۇ. نۇتۇق بىلەن دەرس ئۆتۈشنىڭ ئارىسىدا مۇئەييەن پەرق بار، يەنە نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارمۇ بار. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دەرس ئۆتۈش بىر خىل ئالاھىدە نۇتۇق شەكلىدۇر (بەزىدە ئۇ ئوقۇتۇش نۇتقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، نۇتۇق ماھارىتىنى پۇختا ئىگىلىۋالسا، نۇتۇق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرسە، بۇنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بىۋاستە ياردىمى بولىدۇ.

ئۇنداقتا، دەرس ئۆتۈش بىلەن نۇتۇق ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق ئوخشىماسلىقلار بار؟

ئوقۇتقۇچى بىلەن نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئوخشاشلا نۇرغۇن

ئادەمگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەيدۇ، ئوخشاشلا نۇرغۇن ئادەمگە (ئاڭلىغۇچىلارغا) ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە بىلىمىنى يەتكۈزىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپى. لېكىن، ئوقۇتقۇچى ئۇ مۇقىم ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ مۇئەييەن مەزمۇنلار سىستېمىسىنى سۆزلىشى مۇقىملاشقان بولىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولسا، ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىم ئادەم بولماستىن، بەلكى ئۇ مەلۇم نۇتۇققا نىسبەتەن مۇقىملاشتۇرۇلغان ئادەمدۇر، بۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق. بۇنىڭدىن باشقا، ئىپادىلەش مەزمۇنى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئوقۇتقۇچىمۇ، نۇتۇق سۆزلىگۈچىمۇ ئاڭلىغۇچىلارغا گۈزەللىك، ھەقىقەت مەزمۇنلىرىنى يەتكۈزىدۇ. بۇلار ئوخشاشلا ئاڭلىغۇچىلارغا پايدىلىق ۋە كېرەكلىك نەرسىلەر. بۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىردەكلىكتۇر. ئەمما، يەتكۈزۈلىدىغان پىكىرنىڭ كونكرېت مەزمۇن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلەيدىغىنى تەييار بىلىم ۋە نەزەرىيە ھەمدە ئوقۇتۇش پروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن مەزمۇنلاردۇر. نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلەيدىغىنى بولسا، يېڭى قاراش، تەكلىپ ۋە مۇستەقىل ھېسسىيات بىلەن پوزىتسىيە ئارىلاشقان ئۈمىد - ئىستەكلەردىن ئىبارەت. شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتقى كۈچلۈك خاراكتېر تۇسىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ئوقۇتقۇچى ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەرس ئۆتىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولسا، ئاڭلىغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ قارىشى، ھېسسىياتى، پوزىتسىيىسىنى ئىزھار قىلىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئوقۇتقۇچىنىڭ مەقسىتى بىلىم يەتكۈزۈش بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئىدراكىي پۇراق كۈچلۈك، ھېسسىي پۇراق ئاجىزراق بولىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇق

سۆزلەشتىكى مەقسىتى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىدىيە - قارىشىنى ئۆزگەرتىش، ئۇلارغا ھېسسىيات جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىش بولغاچقا، بۇنداق نۇتۇقتا ھېسسىي تۇيغۇ كۈچلۈك بولىدۇ، مول ۋە چوڭقۇر لوگىكىلىق، كۈچلۈك ھېسسىياتچانلىق ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن، نۇتۇق پائالىيىتىنىڭ تەييارلىقى جەھەتتىن قارىغاندا، ئوقۇتقۇچى ھەممىشە دەرستىن بۇرۇن دەرس تەييارلاپ، ئىپادىلەش مەزمۇنلىرى جەھەتتە ئويلىنىۋالىدۇ، دەرس ھالقىلىرىنى ئالدىن كۆڭلىدە ئورۇنلاشتۇرۇۋالىدۇ، مۇئەييەن سۆزلەر ھەققىدىمۇ تەييارلىق قىلىۋېلىشى مۇمكىن. نۇتۇقنىڭ تەييارلىقىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. كونكرېت ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن قارىغاندا، دەرس سۆزلەش بىلەن نۇتۇق سۆزلەشتە ئوخشاشلا تىلنىڭ سەنئەتلىكلىكىگە، توغرىلىقىغا، تەسىرلىكلىكىگە، جۈملىلەرنىڭ گۈزەللىكلىكىگە، ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈملەرگە ئېتىبار بېرىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى كىچىك بولىدۇ.

دەرس سۆزلەش بىلەن نۇتۇقنى سېلىشتۇرۇشتىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، دەرس ئۆتۈشنىڭ ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى ۋە ماھارىتى نۇتۇق تەييارلاش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، ئۇندىن باشقا، نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ياكى ناتىقنىڭ دەرس ئۆتسە تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىنى دەلىللەپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار جەزمەن نۇتۇق سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دەرسخانىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

### 7. نۇتۇق سەنئىتىنىڭ ئوقۇتۇش تەلىپى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى

مەلۇمكى، نۇتۇقشۇناسلىق ئاساسىي نەزەرىيە، ئەمەلىي قوللىنىش نەزەرىيىسى ۋە نۇتۇق ماھارىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلىيەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بىر پەن. شۇڭا ئۇ باشقا پەنلەرگە قارىغاندا، ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن مەلۇم ئورتاقلىقا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار، ئۆزگىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمۇ بار. نۇتۇقشۇناسلىقنىڭ ئوقۇتۇش تەلىپى ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ تەلىپىدە ئىپادىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئوقۇتۇش پائالىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، نۇتۇق تۆۋەندىكى بىرقانچە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) نۇتۇقشۇناسلىق دەرسىنى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى چوقۇم مۇئەييەن نۇتۇق قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، نۇتۇقشۇناسلىق دەرسىنى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى مەلۇم جەھەتتىن پىشقان، مۇنەۋۋەر ناتىق بولۇشى كېرەك. بۇنى نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى تەقەززا قىلىدۇ. نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇق تېزىسىنى تۈزۈش جەھەتتىلا يېتەكچىلىك قىلىپ قالماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇتۇق مەشىقى ۋە نۇتۇق جەريانىدىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرگىمۇ يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇتۇق تېزىسىنى ياخشى يېزىپ چىقىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى جەزمەن يەنە مۇئەييەن يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا، يېزىقچىلىق ئۇسۇلى ھەققىدىكى ساۋاتلارغا ئىگە-بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولالايدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇتۇق

ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كونكرېت ياردەم بېرەلەيدۇ. مەزكۇر دەرسنى ئۆتۈش جەريانىدا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ھەمىشە نۇتۇق تېزىسى يېزىش تاپشۇرۇقى بېرىپ تۇرۇشى، ئۆزى ئۇنى ھەر ۋاقىت تەكشۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بېرەلەيدىغان بىر پارچە مۇنەۋۋەر نۇتۇق تېزىسىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى جەزمەن ناتىق ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ساپالارغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئالايلۇق، ئوقۇتقۇچى ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا، مۇكەممەل تەپەككۇر قابىلىيىتىگە، راۋان ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ۋە خەتنى چىرايلىق يازالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بىر قەدەر يۇقىرى ئىدىيىۋى سەۋىيىگە، بىلىم سەۋىيىسىگە، بىلىش، ئەخلاقىي سەۋىيىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇقتا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن، ئاغزاكى ئىپادىلەش قانۇنىيىتى ۋە ماھارىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، نەزەرىيە جەھەتتىن مۇكەممەللەشكەن كەسىپ ئەھلى بولۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى تەلەپپۇز قانۇنىيەتلىرى ۋە ئاۋازنىڭ سەنئەتلىك ئۇنۇمىنى چۈشىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلالايدىغان، ئاغزاكى راۋان بايان قىلالايدىغان، خەتنى ئېنىق ۋە چىرايلىق يازالايدىغان ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى لازىم. شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، نۇتۇقشۇناسلىق دەرسىنى ئۆتكەن ئوقۇتقۇچى ھەرىكەت قىياپىتى، تىل ئىشلىتىش قانۇنىيىتى ۋە ماھارىتىنى چۈشىنىشى، ئۆزىمۇ قىياپەت، تەقى ـ تۇرق، قول ھەرىكىتى، ھېسسىي ھەرىكەت قاتارلىقلارنى توغرا، دەل جايىدا ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com



مۇبادا، نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇتقۇچىسى ناتىق ئورۇنداشقا تېگىشلىك بولغان يۇقىرىقى ئەقەللىي تەلەپلەرنى ئورۇندىيالمىسا، بۇ دەرسنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

(2) نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇتۇشىدا نەزەرىيە جەھەتتىن مۇكەممەل سەۋىيىگە ئىگە بولۇش، ئەمەلىي نۇتۇق مەشىقىنى كۆپ قىلىش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. نۇتۇقشۇناسلىق ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك پەن بولغاچقا، بۇ دەرسنى تەسىس قىلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇددىئامۇ جەمئىيەتكە بىر تۈركۈم ناتىق ۋە يارامىلىق ئادەملەرنى تەربىيىلەپ بېرىشتۇر. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشمۇ مانا شۇ نۇقتىغا قارىتا ئېيتىلغان. شۇڭا نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇتۇش پرىنسىپى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە باشقا دەرسلەردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرق قىلىدۇ. نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇتۇشىدا، ئوقۇتقۇچى بۇ ھەقتىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى سۆزلەيدۇ، ئەمەلىي ماھارەتنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئوقۇغۇچىلار ئەمەلىي نۇتۇق ئىقتىدارىنى تىرىشىپ يۇقىرى ئۆستۈرمىسە ۋە مەزكۇر پەننىڭ يېتەكلىشىگە ماسلاشمىسا، نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ.

(3) نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇتۇشىدا دەرسخانا مەشىقى بىلەن دەرسخانا سىرتىدىكى مەشىقنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. نۇتۇق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئەمەلىي مەشىق ناھايىتى زور ئەقلىي كۈچ ۋە جاسارەت تەلەپ قىلىدىغان قىيىن ئۆگىنىش ئۆتكىلىدۇر. ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا پەقەت نەزەرىيە بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپلا قويىدۇ، ئەمما ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنى ئەمەلىي ھالقىلاردىن بىرمۇ بىر ئۆتكۈزۈپ كۆرۈش قىيىنغا توختايدۇ، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ يېتەرلىك ۋە قانائەتلىنەرلىك مەشىق جەريانىنى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئۆز

بېشىدىن كەچۈرۈشى قېيىنغا توختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر بىلەن بوش ۋاقىتلىرىدا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ نۇتۇق مەشىقى قىلىشى كېرەك. دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن دەرستىن سىرتقى ئەمەلىي مەشقنى زىچ بىرلەشتۈرگەندىلا، ئوقۇغۇچىلار ئەمەلىي نۇتۇق مۇھىت شارائىتىنى يارىتىپ، نۇتۇق ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلار نۇتۇق جەھەتتە ئۆزئارا بىر - بىرىگە ياردەم بېرىپ، بىرقانچىسى بىر گۇرۇپپا بولۇپ زېرىكمەي نۇتۇق مەشىقى قىلىشى زۆرۈر.

(4) نۇتۇقشۇناسلىق دەرسىنى ئۆتكۈچى ئوقۇتقۇچى بۇ دەرسنىڭ نەزەرىيە ماتېرىياللىرىنى تەييارلىغاندا، ئۇنىڭ بىلىم مەزمۇنى، مەشىق جەريانى ۋە ئۇسۇلى ھەققىدە ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك. نۇتۇقشۇناسلىقنىڭ بىلىم مەزمۇنى ئاساسلىق نۇتۇقنىڭ قىيىن - ئاسانلىقى، مۇھىم نۇقتىلىرى ۋە مۇھىم بولمىغان نۇقتىلىرىغا قارىتىلىدۇ. بىزنىڭچە، ئوقۇغۇچىلار نۇتۇقشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە قىسمىنى چۈشىنىۋالسىلا، نۇتۇقشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي بىلىم قىسمىنى ئېنىق ئىگىلىۋالسىلا كۇپايە. ئەمما، نۇتۇقتىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ۋە ماھارەت قىسمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەزمەن ئىگىلىۋېلىشى ۋە ئىشلىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بەزى مەزمۇنلارنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئوقۇۋالسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئوقۇتقۇچى ماھارەت مەسىلىسىدە ۋە تېخنىكىلىق نۇقتىلاردا كۆپ كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

نۇتۇقشۇناسلىق ئىلمىدە نۇتۇقنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ نۇتۇق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، نۇتۇق سەنئىتى ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە قېتىرقىنىپ مەشىق قىلىش، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىش تەكىتلىنىدۇ. نۇتۇقشۇناسلىقنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى جەھەتتە تۆۋەندىكى بىرقانچە كونكرېت نۇقتىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

www.uyghurkitap.com



(1) يەككە تۇر مەشىقى

نۇتۇق پائالىيىتى كۆپ خىل ئامىللاردىن تەشكىل تاپىدىغان بولغاچقا، نۇتۇقنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى مەشىق قىلىشنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن، ئاساسىي تېما مەشىقىنى كۆپەيتىش، ماتېرىيال تاللاش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، نۇتۇق قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاۋازلىق ۋە ئاۋازسىز تىل ماھارىتىنى مەشىق قىلىش قاتارلىقلار. مۇبادا، نۇتۇق ئۆگەنگۈچى دەسلەپىدىلا بۇ تۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈۋالسا ياكى بۇ تۈرلەرنىڭ ھەممىسىگە تەڭلا قول سالسا، تېز ئۇنۇمگە ۋە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشنى يەككە تۈردىن باشلاش كېرەك. دۇنيادا مەشھۇر ناتىقلارنىڭ بىرى سانالغان ئامېرىكىنىڭ 16 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى لىنكولىن نۇتۇق مەشىقى جەريانىدا ئالدى بىلەن قىياپەت، تەقى - تۇرق مەشىقى ئېلىپ بارغان، ئاندىن كېيىن ئۇنى نۇتۇق بىلەن بىرلەشتۈرگەن، نۇتۇق ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەلەپپۇز ۋە سۆز بايلىقىنى يېتىلدۈرگەن. گرېتسىيىلىك مەشھۇر ناتىق دىموستېنىش ياش ۋاقتىدا كېكەچلەپ گەپ قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەسلىدە گەپ قىلغاندا دولىسىنى قىسىپ قويىدىغان بىنورمال ئادىتى بار ئىكەن. كېيىن ئۇ نۇتۇق مەشىقى جەريانىدا ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئاۋاز مەشىقى ئېلىپ بارغان. دولىسىنى قىسىپ قويىدىغان ئادىتىنى تۈزىتىش ئۈچۈن، قولىغا ئىككى خەنجەرنى ئېلىپ، دولىسىغا: «گەپ - سۆز قىلىۋاتقاندا قوزغىلىدىغان بولساڭ رەھىمسىزلىك بىلەن چېپىپ تاشلايمەن» دېگەن. ئۇ مانا شۇنداق قەدەممۇ قەدەم يوللار بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا مەشھۇر مۇنازىرىچى ۋە ناتىققا ئايلانغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نۇتۇق سۆزلەشنى دەسلەپتە ئۆگەنگەندە، ھە دېگەندىلا ھەممە نۇقساننى بىرلا قېتىمدا تۈگىتىشكە ئۇرۇنماسلىق كېرەك.

(2) ئۇنىۋېرسال مەشىق

بىر مەزگىل يەككە تۈر بويىچە مەشىق ئېلىپ بارغاندىن

كېيىن، يەككە تۇردىكى بەزى ماھارەتلەرنى ئىگىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇنىۋېرسال مەشىق قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلىغانلىقتىن ئىبارەت. ئۇنىۋېرسال مەشىقتە ئالدى بىلەن نۇتۇق تېزىسىنى تەييارلىۋېلىش، ئاندىن تېزىس بويىچە سۆزلىمەكچى بولغان نۇتۇقنى يادقا بىلىش، مۇشۇ ئاساستا تەلەپپۇز، تەقى - تۇرق ماھارىتى ۋە ئاۋازسىز تىللارنىڭ ئۇنۇمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەمەلىي مەشىق ئېلىپ بېرىش ئەڭ ئاقىلانىلىقتۇر.

(3) يالغۇز مەشىق قىلىش

بۇ ئەڭ قۇلايلىق، ئەڭ ئەركىن مەشىق ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇسۇلدا ھەرقانداق ئادەم مەشىقنى، مەشىق ۋاقتىنى جانلىق كونترول قىلالايدۇ، نۇتۇق ئۇسۇلىنى ئەركىن تاللىيالايدۇ. تارىختا ئۆتكەن بەزى ناتىقلارنىڭ ئالدىدىكى ئەينەككە قاراپ يالغۇز نۇتۇق مەشىقى قىلىشى مانا مۇشۇ تۇرگە كىرىدۇ.

(4) كۆپچىلىك بىلەن بىللە مەشىق قىلىش

بۇ مەشىق ساۋاقداشلار ئالدىدا، ئەل - ئاغىنە، دوست - بۇرادەرلەر ئالدىدا ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ئالدىدا ئەمەلىي نۇتۇق مەشىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەشىقتە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نۇتۇقتىكى كەمچىلىكلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن پىكىرلىرىگە جەزمەن ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مۇشۇ نۇتۇق شەكلىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىسىلا، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بىمالال نۇتۇق سۆزلىگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# بىرىنچى باب ناتىق ۋە ئاڭلىغۇچىلار

## § 1. نۇتۇق سۆزلىگۇچى (ناتىق)

نۇتۇق جەريانىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئاساسلىق گەۋدىسى ناتىقتىن ئىبارەت. ناتىقنىڭ نۇتۇق پائالىيىتىدىكى ئورنى ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ، باشتىن - ئاخىر مۇھىم رول ئوينايدۇ. ناتىقنىڭ ساپاسى ۋە قابىلىيىتىگە بولغان تەلەپ ھەر تەرەپلىمە، شۇنداقلا ناھايىتى يۇقىرى ۋە قاتتىق بولىدۇ. ياكى جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تەشۋىقات خىزمىتىدە بولسۇن، ياكى دەرسخانىدىكى دەرس سۆزلەشتە بولسۇن، مۇۋەپپەقىيەتلىك نۇتۇق سۆزلەش نۇتۇق سۆزلىگۇچىنىڭ ئىقتىدارىغا باغلىق.

نۇتۇق سۆزلىگۇچى ئادەتتىكى نۇتۇق سۆزلىگۇچى ۋە ناتىق دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۇچىلەردىن ھەممىسىنىڭ ناتىق بولۇشى ناتايىن. ئەمما، ئاڭلىغۇچىلار نۇتۇق سۆزلىگۇچى ھەرقانداق كىشىنىڭ ناتىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. «نۇتۇق سۆزلىگۇچى» بىر ئىجتىمائىي ئاتالما ئەمەس، ئۇ پەقەت «نۇتۇقشۇناسلىق» تىكى «ئاڭلىغۇچىلار» نىڭ قارشىدىكى ئىنتايىن ئېنىق ئۇقۇمغا ئىگە بولغان، بەلگىلىك مەنىدىكى ئاتالما. ئادەتتە، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نەزەرىدە ئومۇمەن مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە ئۆزىنىڭ قارىشى، تەكلىپى، تەۋسىيىسى ۋە مەلۇم ئىشلارنى بايان قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «نۇتۇق

سۆزلىگۈچى» بولىدۇ. ئالايلۇق، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى يىل بويى مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئوقۇتۇش جەريانىدا مۇنبەرگە چىقىپ ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىپ دەرس سۆزلەيدۇ. مانا بۇلار ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەردۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناتىق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نۇتۇقشۇناسلىق بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، نۇتۇق ئەمەلىيىتى جەريانىدا تىرىشىپ ناتىقلىق دەرىجىسىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار پەقەت نۇتۇق بايان قىلغۇچىلاردىنلا ئىبارەت. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، نۇتۇقنىڭ مەتنىقلىق، سەنئەتلىك پەللىسىنى ۋايىغا يەتكۈزەلمىگەنلەر ناتىق ھېسابلانمايدۇ. ئەمما، ئۇلار نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەردۇر. ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ نۇتقى ۋە نۇتۇق سۆزلەش ئىقتىدارى ئارقىلىق بەلگىلىك ھۆرمەت تاپماقچى بولىدۇ ياكى مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولماقچى بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ مەلۇم ساھەدە مۇئەييەن ئارتۇقچىلىقلىرى، خىزمەتتە ئالاھىدە تۆھپىسى بار بولسىمۇ، بىراق نۇتۇق قابىلىيىتىنى ھازىرلىيالمىغانلىق تۈپەيلىدىن، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەسلىك ھادىسىلىرىمۇ مەۋجۇت. بۇنداق كىشىلەر ناتىق بولۇپ يېتىشىپ چىقالمىغان تەقدىردىمۇ، نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولۇپ، داۋاملىق تىرىشىدىغانلا بولسا، بەلگىلىك ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيدۇ. پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى، سىياسىي خىزمەت خادىملىرى ياكى ئەدەبىياتچى، دوختۇر، ئادۋوكات، تېخنىك خادىملارنىڭ ھەممىسى بۇ ساھەگە موھتاج. قىسقىسى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆزلىرى تۇرغان ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆزىنىڭ مەلۇم ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن شۇ ساھەدىكى بىلىملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەخسۇس مەشىقلەرنى

قىلغاندىلا، ياخشى بىر نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولۇپ چىقالايدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتۇق جەريانىدىكى بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مىللىتىمىز ئىچىدە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىلىم ئەھلىلىرى يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە ھەرقايسى پەن تۈرلىرى بويىچە پروفېسسورلار، دوكتورلار قوشۇنلىرى يېتىشتى. ئۇلار تېلېۋىزورلاردا مەخسۇس تېمىلار ئۈستىدە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ۋە مۇخبىرلارنىڭ غەيرىي رەسمىي زىيارەتلىرىدە ئاندا - ساندا سۆزلەۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە تىلنىڭ سەنئەتلىك پۇرىقى ئىنتايىن ئاجىز، ھەتتا يوق دېيەرلىك. بەزى زىيالىيلىرىمىز ئۆزىنىڭ قورسىقىدىكى بىلىمنى ئاڭلىغۇچىلارغا توغرا يەتكۈزۈپمۇ بېرەلمەيدۇ. ئۇلار نۇتۇققا ۋە نۇتۇقنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىگە ئەزەلدىن ئېتىبار بىلەن قارىمايدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، نۇتۇققا سەل قاراش بىلىم ئىگىلىكى تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. نۇتۇقتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي پائالىيەت جەمئىيىتىمىز كىشىلىرىنى تەربىيىلەپ ئۇلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلاردا قەتئىي ئىشەنچ ۋە كۈرەش قىلىش روھىنى تۇرغۇزىدىغان تەڭداشسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە قورال. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە زور بىر تۈركۈم ناتىقلار قوشۇنى يېتىشىپ چىققاندىلا، ئىجتىمائىي ھايات قايتىدىن جانلىنىدۇ.

نۇتۇق ھازىر جۇڭگودا تېخى بىر خىل كەسىپكە ئايلانمىدى. جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نۇتۇق سۆزلەش مەخسۇس بىر ئىجتىمائىي كەسىپ سۈپىتىدە جەمئىيەت

تەرىپىدىن چوقۇم ئىتىراپ قىلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، تەرەققىي قىلغان بەزى دۆلەتلەردە نۇتۇق سۆزلەش ئاللىبۇرۇن بىر خىل مۇستەقىل كەسىپكە ئايلىنىپ، مەۋجۇدلۇق ۋە تەرەققىياتنىڭ قورالى بولدى. مەسىلەن، ئامېرىكىدا« خارى. ۋوك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر شىركەت بولۇپ، بۇ شىركەتنىڭ ئون نەچچە خادىمى ۋە ئالتە ئېغىز ئىشخانىسىلا بار. ئەمما، بۇ شىركەت ھەرخىل كەسىپلەر بويىچە يېتىلگەن ناتىقلارنى ياللاپ تەلەپلەر بويىچە نۇتۇق سۆزلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ خادىملىرىمۇ ئاساسەن يېتىشكەن ناتىقلاردىن ئىبارەت. بۇ شىركەت ئەمەلىيەتتە ناتىقلار شىركىتىدۇر. شىركەتنىڭ تىجارىتى ئىنتايىن روناق تاپقان بولۇپ، يىللىق ساپ كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرى ئىكەن. غەرب ئەللىرىدە بەزى كىشىلەر تىلنى، پۇلنى، كومپيۇتېرنى بۇرۇنلا ئۈچ چوڭ ئىستراتېگىيىلىك قورال دەپ قارايدىغان بولدى. مانا بۇلار نۇتۇق سۆزلەش ۋە كەسپىي ناتىقلارنىڭ مۇھىم رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ.

نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ تالانتى، نۇتۇق قابىلىيىتى پۈتۈنلەي ئىرسىيەتلىك ۋە تەبىئىي نەرسىمۇ ئەمەس. نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇنبەردە نۇتۇق سۆزلىگەندە، باشتىن - ئاخىر قەلب دۇنياسىدىن تاشقى قىياپەتلىرىگىچە ئاساسەن ئۆزىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سەھنە ئەسەرلىرىدە ياكى كىنو فىلىملىرىدە رول ئالغان ئارتىسلار بىلەن نۇتۇق سۆزلىگۈچى ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. چۈنكى ئارتىس باشقىلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى سۇنئىي يول بىلەن ئۆزىنىڭ قەلب دەپتىرىگە كىرگۈزۈپ، سۆزنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىلا نۇتۇق بايان

www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ. ئىقتىدارلىق نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ئاساسلىقى، ئىجتىمائىي ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مۇتېبەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر نۇتۇق بايان قىلىش پەقەت ئېغىزنىڭلا تۆھپىسى ئەمەس، شۇنداقلا ياڭراق، يېقىملىق تەلەپپۇز، ئاھاڭ، ئۇرغۇ ۋە تەقى - تۇرقىنىڭ رولىلا ئەمەس، بۇ يەردە يەنە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىچكى ئامىل — ئىدىيە ۋە ھېسسىيات، بىلىم ۋە تەجرىبە، روھىي ھالەت قاتارلىقلارمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇتۇق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش تىرىشىپ تەربىيىلەنىشلا تامامەن يەتكىلى بولىدىغان نۇقتا. ئۇنى خاس تەبىئىي تالانتقا ياكى ئىرسىي ئامىللارغا باغلىۋېلىشنىڭ ئۆزى تولۇق ئىلمىي قاراش بولالمايدۇ.

مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر نۇتۇق ئاجايىپ ئېسىل يېزىلغان بىر پارچە ماقالىغا، قايىل قىلىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر پارچە ئەسەرگە ئوخشايدۇ. ئۇ يەنە ئاجايىپ سەنئەت بىلەن تويۇنغان بىر پارچە گۈزەل رەسىمگە ۋە كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ لىرىك بىر مۇزىكىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ھە دېگەندىلا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ناتىق بولالماسلىقىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ يەردە.

نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ناتىق ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش مۇناسىۋىتىمۇ بار. ناتىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ھە دېگەندىلا ناتىق قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس، بەلكى ئۇلار دەسلەپتە نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولغان. نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك تەجرىبە - ساۋاقلار ئاخىرى ئۇلارنى ناتىقلىق سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان.

نۇتۇق سۆزلەش بىر خىل ئەمەلىي ئىجتىمائىي تەربىيە پائالىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلار كوللېكتىپىنى بىر پىكىر لىنىيىسىگە باغلايدۇ.

نۇتۇق سۆزلىگۈچى شەخسىي سالاھىيىتى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارغا يۈزلىنىپ نۇتۇق سۆزلەيدۇ. بىر نۇتۇق سورۇنىنىڭ ئاڭلىغۇچىلارغا ۋە جەمئىيەتكە قانداق تەسىر بېرىشى ئالدى بىلەن سۆزلىگۈچى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇ نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتقىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىيلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا شەكىللىنىدىغان ئەمەلىي باشلاش ۋە ئەگىشىش مۇناسىۋىتى تولىمۇ روشەن بولىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتقىنىڭ ئاساسى دېگىنىمىز، دەل مۇشۇ نۇقتىغا قارىتا ئېيتىلغان. نۇتۇق مەنىۋى جەھەتتىكى ئۆزگىچە بىر خىل ئەمەلىي سەنئەت پائالىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، نۇتۇق سۆزلىگۈچىدىن مۇستەقىل ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاسىتىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئاۋازلىق تىل — ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي ۋاستە. ئۇ قىلىپلاشقان تەلەپپۇز، يېقىملىق ئۇرغۇ ۋە تىلنىڭ رىتىمى قاتارلىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى تولۇق ئىپادىلەپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش سېزىمىدا مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلىپ ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئېقىپ كىرىدۇ.

ئاۋازسىز تىل — تىللىق خاراكتېرى بولمىغان «تىل» بولۇپ، ئۇ «ھەرىكەت تىلى»، «تۇرق تىلى»، «ھېسسىيات تىلى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، «ئاۋازسىز تىل» ئاۋازلىق تىلنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈمىنى يارىتىپ بېرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىدۇر.

تەققى - تۇرق، يەنى قىياپەت ئوبرازى دېگىنىمىز، بەدەن شەكلى، چىراي، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ئاڭلىغۇچىلارغا

كۆرۈش سېزىمى بىلەن بىۋاسىتە تەسىر قىلىدىغان تاشقى قىياپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىمۇ بىر خىل ئاۋازسىز تىل دېيىشكە بولىدۇ.

مانا مۇشۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىرقانچە تەرەپنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشى، بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى نۇتۇقنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيىتى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت. ئۇ يەنە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ مەركىزى ۋە ھەل قىلغۇچ ئورنىنى تىكلەيدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ قىياپەت ئوبرازى تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۇ جانلىق تىلغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. نۇتۇق مۇنبىرىدە ئۇنىۋېرسال، مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق ھالەت شەكىللىنىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ۋە بەلگىلەنگەن دائىرىدە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ قارىشى ۋە تەشەببۇسى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلاردا تەسىرات، قايىل قىلىش كۈچى ۋە ھاياجان ھاسىل قىلىش نىشانلىنىدۇ. ئېنىقكى، نۇتۇق پائالىيىتىدە ئاۋازلىق تىل بىلەن ئاۋازسىز تىلنىڭ يۇكسەك تۈردىكى بىرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك، بۇ ئىككىسىدىن بىرسى كەم بولۇپ قالسا، ئۇ ھەقىقىي نۇتۇق بولالمايدۇ. شۇڭا، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ھەر قانداق نۇتۇقتا جەزمەن كونكرېت نۇتۇق مۇددىئاسى كۆزلەنگەن بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغ ناتىق لىنكولىن نېگىرلارنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى نۇتقىدا ئامېرىكا خەلقىنىڭ بارلىق جىنايى قىلمىشلاردىن قول ئۈزۈپ، قۇللۇق تۈزۈم بىلەن كۈرەش قىلىشنى ئەڭ ئالىي مەقسەت قىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ نۇتقى ناتىق ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق شەرتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ھالەتتە بايان قىلىنغاچقا، ئەينى چاغدىكى نۇرغۇن ئامېرىكا خەلقىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغانىدى.

نۇتۇقنىڭ تۈپ مەقسىتى نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ كونكرېت مۇددىئاسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. نۇتۇقنىڭ ئىجتىمائىي رولىمۇ نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ رولىنى ئالدىنقى شەرت ۋە ئاساس قىلىدۇ. ئەگەر نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىسا ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىسا، پۈتكۈل نۇتۇق پائالىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى ھەققىدىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

نۇتۇقشۇناس دالې كارنېگ: «مەن ئاچقان ناتىقلىق كۇرسىدا ھەر قېتىم دەرس باشلىغىنىمدا، كۇرسانتلاردىن ئۆگىنىش مەقسىتىنى جەزمەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىمەن، شۇڭا كۇرسانتلاردىن مۇنداق ئىككى مەسىلىنى سوراپ قويىمەن: (1) سىز نېمە ئۈچۈن تەلىم ئالىسىز؟ (2) تەلىم ئېلىش جەريانىدا قايسى جەھەتلەردە نەپ ئېلىشنى ئۈمىد قىلىسىز؟» دەيدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، نۇتۇقتا ۋە نۇتۇق سەنئىتىنى ئۆگىنىشتىمۇ كىشىدە مۇئەييەن مۇددىئا ۋە مەقسەت بولۇشى كېرەك، مەقسەتسىز ئىش ۋە مەقسەتسىز سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تېتىقسىزلىق بولىدۇ.

دالې كارنېگ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كۇرسانتلارنىڭ يۇقىرىقى ئىككى سوئالغا بەرگەن جاۋابى خىلمۇخىل بولسىمۇ، ئۇنى يىغىنچاقلىغاندا ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئارزۇسى: جامائەت ئالدىدا سۆز قىلىشقا كۆرسىتىلگەن چاغلاردا ئىنكاس ھەمىشە دېگۇدەك زىيادە كۈچىيىپ كېتىش، بۇنىڭ بىلەن قورقۇنچ بېسىپ دىققەتنى يىغالماسلىق، دېمەكچى بولغان گەپلەرنى تاپالماي كاللىسى ئېلىشىپ كېتىش، شۇ سەۋەبتىن بۇ كۇرسقا قاتنىشىپ، كىشىنى قايىل قىلالايدىغان نۇتۇق بايان قىلىش ئىقتىدارىغا ئېرىشىش.»[1]

بۇ خىل ئەھۋال كىشىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك دېگۇدەك مەۋجۇت

① دالې كارنېگ: «ناتىقلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 11 -، 12 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ، ھەتتا بىر ئوقۇتقۇچى تۈنجى قېتىم دەرس تەييارلىقىنى كۆتۈرۈپ سىنىپ ئىشىكىگە يېقىنلاپ بارغاندا تەمتىرەپ، يۈرىكى سېلىپ، پۇت - قوللىرى تىترەپ كېتىدۇ. ئۇ ھە دېگەندىلا دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىنى، نۇتقىنىڭ تەرتىپسىزلىكىنى ئوقۇغۇچىلارغا بىلدۈرۈپ قويىدۇ، بۇ ھال بەزى ئوقۇتقۇچىلاردا ھەتتا ئۇزۇن زامان داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭدا ھەرخىل سەۋەبلەر بار. ئالايلۇق، پسىخىك روھىي ھالەتتىكى ئىشەنچسىزلىك. دەرس تەييارلىقىنىڭ پۇختا بولماسلىقى ۋە باشقىلار. شۇڭا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتۇق پائالىيىتىدە باشتىن - ئاخىر ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە يىغىنلار ناھايىتى كۆپ ئېچىلىدۇ. بولۇپمۇ، سىياسىي ئۆگىنىش خاراكتېرىدىكى يىغىنلار ھەر ۋاقىت ئېچىلىپ تۇرىدۇ. بىز مۇنداقلا بىر ئاددىي ستاتىستىكىنى قىلىپ باقايلى: بىز ھازىر ھەپتىدە ئاز دېگەندە ئىككى سائەت سىياسىي ئۆگىنىش قىلىمىز. مۇشۇنداق بولغاندا بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت كۈن سىياسىي ئۆگىنىش قىلغان بولىمىز. ئەگەر بىر كىشى ئۆمرىدە 35 يىل ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلسا، ئۇنىڭ توپتوغرا 140 كۈن ۋاقتى سىياسىي يىغىنلارغا قاتنىشىش بىلەن ئۆتىدۇ. ھالبۇكى، مۇشۇ 140 كۈن ۋاقىتتا نۇرغۇن سىياسىي مەسىلىلەرنى ئىگىلەپ بولغىلى بولىدۇ. لېكىن ھازىرقى خىزمەتچىلەرنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتىن قوبۇل قىلىدىغىنى ئىنتايىن ئاز. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ سەۋەب شۇ يەردىكى، سىياسىي يىغىننى ئاچقۇچى رەھبەرنىڭ نۇتۇق سۆزلەشتىن قەتئىي خەۋىرى يوق، ئۇ يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىنى ئالدىرىماي بىر ئاماللارنى قىلىپ كۆپچىلىك ئالدىدا بىرمۇبىر ئوقۇپ بېرەلىگىنى بىلەن خۇش. بىزنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي خادىملىرىمىز ئەلۋەتتە ۋەزىپە

شەكلىدىكى گەپلەرنى قىلىدۇ، بۇ گەپلەرنىڭ نۇتۇق خاراكتېرىنى ئېلىشى لازىملىقىنى ھېس قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى كۆپچىلىك ئالدىدا ئوقۇۋاتقان سىياسىي تەشۋىقات ۋە پەرمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ھەققىدە ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. ئۆزى سۆزلەۋاتقان مەسىلە ھەققىدە ئۆزىنىڭ چۈشىنىشى، باھاسى، تەجرىبىسى، قىزىقىشى، قىسقىسى، ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە ھېسسىياتىنى نۇتۇق مەزمۇنىغا قەتئىي ئارىلاشتۇرمايدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئېچىلغان بۇنداق يىغىنلاردىن ئېرىشىدىغىنى ئۇلارنىڭ ئازراقلا ۋاقىت ئاجرىتىپ، گېزىتلەردىن ئۆزى ئوقۇۋالغان سىياسىي بىلىمگە يەتمەيدۇ. بۇنداق يىغىنلار كۆرۈشمىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىۋېلىش سورۇنى، چارچاپ كەتكەنلەرنىڭ بىر دەم كۆز يۇمۇپ كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش سورۇنى، بەزىلەرنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماي ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان باشقا ماتېرىياللارنى كۆرۈۋېلىش سورۇنىغا ئايلىنىدۇ. بىز ياخشى سۆزلەنگەن بىر قېتىملىق نۇتۇقنى ياخشى يېزىلغان بىر ئەسەر بىلەن تەڭ ئەقلىي نەپ بېغىشلايدۇ، دەپ ئۆتكەنىدۇق. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئۆمۈر بويى قاتناشقان يىغىنلىرىمىزنىڭ بىزگە قانچىلىك ئەقلىي نەپ بەرگەنلىكىنى دەڭسەپ كۆرسەك، مەسىلىنىڭ ھەقىقەتتى ئۆزلۈكىدىن ئايدىڭ بولىدۇ.

ماھىيەتتە، نۇتۇق بىرخىل يېڭى ئۇچۇر، ئەقلىي بىلىم ھەرىكىتىنىڭ تەھلىلى بولۇپ، شۇبھىسىزكى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇشۇ جەرياندىكى تەھلىلچى ۋە ھەرىكەتنىڭ مەركىزىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ھامان يېڭى ئەقلىي پىكىر ۋە يېڭى بىلىم ئۇچۇرىغا ئىگە بولمايدىكەن، ئۇنىڭ نۇتقى ھامان كىشىگە تەسىر قىلالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com



نۇتۇق جەريانىدا ئاڭلىغۇچىلار نۇتۇقتىن تەسىرلىنىش، ئۇنىڭدىن ئەقلىي نەپ ئېلىش ۋە ھاياجانلىنىشنى تەلەپ قىلغان بولىدۇ. مۇشۇ تەلەپ ئورۇندالمىسا، ئۇلارغا بۇ نۇتۇق مۇھىتى شۇنچىلىك مەنىسىز ۋە ئازابلىق بىلىنىدۇ، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر زومىگەر، تېتىقسىز، مەيدانى يوق كىشىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا نۇتۇق جەزمەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۇرغۇتىدىغان روھىي كۈچ بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى چوڭقۇر ئىدىيىۋى تونۇشقا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن ئىجتىمائىي، تارىخىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشى، ئۆزىنىڭ سۆزلىمەكچى بولغان تېمىسى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ سەۋىيە قاتلىمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى مۆلچەرلەشنى بىلىشى كېرەك.

نۇتۇق كىشىلەرنى تەربىيىلەيدۇ، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ ۋە قايىل قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى كىشىلەرنىڭ روھىي ئىنژېنېرىدۇر. شۇڭا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى يەنە يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى، ئەمەلىيەت جەھەتتىمۇ باشقىلارغا ئۈلگە بولالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇ سەھنىدە يولۋاس بولۇپ، سەھنىدىن چۈشكەندە مۈشۈككە ئايلانسا ۋە ياكى ئۇ مۇنبەردە مۈشۈك بولۇپ، سەھنىدىن چۈشكەندە چاشقانغا ئايلانسا، ئۇ ھەرقانچە دەبدەبىلىك ۋە تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاڭلىغۇچىلار دەسسەپ تۇرغان زېمىن دائىرىسىدىن چىقالمايدۇ. گېرمانىيىنىڭ بۈيۈك شائىرى گيوتې مۇنداق

دېگەنىدى: «ئادەتتە، مۇئەللىمنىڭ ئۆزىنىڭ پەزىلىتى قىممەت جەھەتتە ئۇنىڭ سەنئەتكارلىق ئىستېداتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئاڭلىغۇچىلارغا ئۇنىڭ پەزىلىتى ئەسىرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ.»① كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆزىدە بەلگىلىك ئەخلاق - پەزىلەتنىمۇ يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىز بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ساھىبقىران بولۇشىنى كۆپ تەكىتلەيتتى. بۇ بىر كىشىنىڭ ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ھەممە ساھەسىدە كامالەت ھاسىل قىلىشىغا قارىتىلغان، بۇ ئىنتايىن تەس ئىش. ئەمما كىشىنىڭ پۈتۈن ھايات پائالىيىتى تاكامۇللۇققا قاراپ يۈزلىنىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانىي پەزىلەتلەر ناھايىتى زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مۇبادا، بىر تىلەمچى شۇنچىلىك ناتىق بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ساھىللىق مۇساپىسىدە بىر ئۆمۈر «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»لەردىكى كىشىنىڭ ھالال مېھنەت بىلەن ياشاش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئاجايىپ ئەقلىيلەرنى قانچىلىك سەنئەتلىك تۈستە بايان قىلمىسۇن، ئۇنىڭ سۆزلىرى بەربىر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە قىممەت تاپالمايدۇ. بىر ساختىپەز كاززاپ ھەقىقەت ھەققىدە خۇدانىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ سۆزى كىشىلەرگە ئىجابىي تەسىر بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى شەخسىي پەزىلەتكە، ئىجتىمائىي ۋە كەسپىي ئەخلاققا ئىگە بولۇشى لازىم.

نۇتۇق سۆزلىگۈچى مول مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن قوراللىنىشى، ئەڭ مۇھىمى ئۆزى سۆزلەۋاتقان تېما سىستېمىسى بويىچە مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق بىلىم سىستېمىسىغا ئىگە بولۇشى

---

① «نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇشلۇقى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1998 - يىل، 6 - بېسىلىشى، خەنزۇچە نەشرى، 30 - بەت.

www.uyghurkitap.com



لازىم، بىلىم نۇتۇقنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ سېھىرلىك قورال. مول ۋە ئەتراپلىق بىلىم ئاڭلىغۇچىلارنى جەلپ قىلىدىغان مۇھىم شەرت. قابىلىيەتلىك نۇتۇق سۆزلىگۈچى جەزمەن بەلگىلىك سەۋىيە بىلەن باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ كەڭ بولۇشى كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ بولمىغان كىشى ھېچ ۋاقىت باشقىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

دەۋرىمىز زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ، يېڭى بىلىم ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى، تەبىئىي پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ قەدەممۇ قەدەم بىر - بىرىگە گىرەلىشىشى بىلەن خاراكتېرلەندى. شۇنىڭ بىلەن، ھازىرقى دۇنيا مىقياسىدا بىرمۇنچە ئالاقىدار پەنلەر ( 边缘学科 ) ۋە پەن ھالقىغان پەنلەر ( 跨学科 ) ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ پەنلەر ھەرقايسى پەنلەرنىڭ تەتقىقاتلىرىنى يۇكسەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەقەززاسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلماقتا. زامانىمىزدا نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگەنگۈچىلەر مەزكۇر پەن تۈرلىرى بويىچىمۇ بەلگىلىك بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگەنگۈچىلەر ھارماي - تالماي ئۆگىنىش روھىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئوزۇق قىلىپ، ھازىرقى زامان بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك.

نۇتۇق سۆزلىگۈچى مەلۇم نۇقتىدىن ئېنىق ۋە ھەقىقىي بولغان غەزەپ - نەپرەت بىلەن سۆيگۈ - مۇھەببەت ھېسسىياتىغا ئىگە بولۇشى لازىم. ھەرقانداق نۇتۇق سۆزلىگۈچىدە ئېستېتىك

تەربىيە قاتلىمى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. سەپسەتىدىن يىرگىنىش، ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈش ئىپنىق بولغاندىلا، نۇتۇق ھېسسىيات جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش شەرتىنى ھازىرلايدۇ. نۇتۇق ئادەتتىكى سۆزلەرنىڭ بايان قىلىنىشىلا ئەمەس، سۆزگە ھېسسىيات جەھەتتىن رەڭ بېرىش نۇتۇقنىڭ سەنئەتلىك تۇسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ھالقىلارنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلىگۈچى ھېسسىيات جەھەتتە ئىلمىي تەربىيىگە موھتاج. ھېسسىياتتىكى نازۇك نۇقتا خۇددى ئىدىيە، ئەخلاق ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېتىلدۈرۈشكە ئوخشاشلا، ئىنسان پەزىلىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ناھايىتى مۇھىم تەركىبىي قىسىمدۇر.

دالې كارنېگ نۇتۇق سۆزلىگۈچى ھەققىدە توختالغاندا: «ھاياتىي كۈچ، جۇشقۇنلۇق ۋە سەمىمىيلىك نۇتۇق سۆزلىگۈچىدە كەم بولسا بولمايدىغان شەرت»[①] دەپ كۆرسەتكەن.

نۇتۇق سۆزلىگۈچى يەنە نۇتۇق ماتېرىيالىنى ئەتراپلىق تاللاش، ھېسسىياتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، قىزغىنلىقنى ئىپادىلەش قاتارلىق نۇقتىلارغىمۇ قىزغىنلىق بىلەن قاراش كېرەك.

## § 2 . نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلار

دۇنيا تارىخىدا بەزى ناتىقلارنىڭ ئوخشاش تېما، ئوخشاش شەكىلدىكى نۇتۇقلىرى تەكرار - تەكرار سۆزلەنگەن. كونۋېل رورىنىڭ داڭلىق نۇتقى — «مەرۋايىت تۇپراق» ئالتە مىڭ

① دالې كارنېگ: «ناتىقلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 75 - بەت.

www.uyghurkitap.com



قېتىمدىن كۆپرەك سۆزلەنگەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ خۇددى بىر ياخشى كىتابنىڭ تىرازى چەكسىز ئاشقىنىدەك، ئۇنىڭ كىتابخانلار قوشۇنى بارغانچە زورايغىنىدەك، بىر ياخشى نۇتۇقنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرىمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ. بۇ جەمئىيەتتە ھەتتا زور ئىجتىمائىي دولقۇن پەيدا قىلىدۇ. مەشھۇر ناتىق كونۋېل رورىنىڭ ئالتە مىڭ قېتىمدىن كۆپرەك سۆزلەنگەن يۇقىرىقى نۇتقى خۇددى ئۇنىڭ ئالغۇدا قايتا قويۇلغاندەك، شۇنچە كۆپ سۆزلەنگىچە سۆز - جۈملىلەرنىڭ ئاھاڭىمۇ ئۆزگەرتىلمىگەن، بۇ ئەھۋالغا قاراپ بەزىلەر ئۇ نۇتۇقنى يادلىۋالغان دەپمۇ قارىغان.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ شۇنچىلىك بازار تېپىشى ئۇنىڭ ناتىقلىق ئىقتىدارىغا باغلىق. ئۇ ئاساسىي تېمىنى ئۆزگەرتمىگىنى بىلەن، ھەر قېتىملىق نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، ئېستېتىك تەلىپى ۋە باشقا تەرەپلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالغانلىقىدىندۇر. مانا بۇ سەزگۈر ناتىقنىڭ تاماشىبىنلار ھەققىدە توختالغاندا ئەڭ ئاۋۋال ئويلاشقا تېگىشلىك بولغان نۇقتىسىدۇر.

نۇتۇقنى قوبۇل قىلىدىغان گەۋدە — ئاڭلىغۇچىلار. بۇ ئاڭلىغۇچىلار ئادەتتە نۇتۇق جەريانىدا پاسسىپ بويسۇنغۇچى ئورۇنىدا تۇرىدۇ. ئاڭلىغۇچىلار نۇتۇقنىڭ .ناھايىتى زور بىر ئاملى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇتۇقنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار نۇتۇق ئاخىرلاشقىچە بولغان ئارىلىقتا ناتىق بىلەن ئورتاق قاراش، ئورتاق مەيدان ۋە ئورتاق ھېسسىيات ھاسىل قىلىدۇ. كونۋېل رورى ئۆز كىتابىدا يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «مەن مەلۇم بىر جايغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلەشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن شۇ جايدىكى پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ساتىراشخانىنىڭ خوجايىنى، بانكىنىڭ دىرېكتورى، مەكتەپنىڭ

مۇدىرى، ئىنژېنېر قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلىمەن، ياكى بولمىسا خالىغىنىمچە بىرەر دۇكانغا كىرىپ، پىركازچىكلار بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆزىتىمەن. ئۇلارنىڭ نېمە ئارزۇ - تىلىكى بارلىقىنى قىياس قىلىمەن، ئاندىن شۇ جاينىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى باش تېما قىلىپ نۇتۇق سۆزلەيمەن.»①

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، دۇنيادا نۇتۇقتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ناتىقلار نۇتۇق سۆزلەشتىن بۇرۇن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن تۇرمۇش ئادىتىگىچە، پسىخىك ھالىتىدىن قىزىقىشىغىچە بولغان بارلىق تەپسىلاتلارنى پۇختا ئىگىلەيدۇ. بۇ نۇتۇق سەنئىتىدە نۇتۇقنى ئاڭلىغۇچىلارغا ماسلاشتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ خىل ماسلاشتۇرۇش بولمىسا، نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر بىلەن ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا كۈچلۈك ۋە تەسىرلىك ھېسسىيات لىنىيىسىنى ئورنىتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولمايدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆز نەزەرىنى ئاڭلىغۇچىلارغا تىكىپ، ئۇلار قىزىقىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان نۇقتىلارنى نۇتۇققا كىرگۈزۈپ قايىل قىلارلىق تەھلىل كۈچىگە ئىگە قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاڭلىغۇچىلار بىلەن سۆزلىگۈچى ئوتتۇرىسىدا ھېسسىيات بىردەكلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. ئاڭلىغۇچىلارنى نۇتۇقتىن بۇرۇن نەزەردىن ساقىت قىلىش نۇتۇقنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولىدۇ. سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نۇتۇق ئاڭلاشتىكى ئەڭ تۈپ مەقسىتىنى سەگەكلىك بىلەن ھېس قىلىشى، ئاڭلىغۇچىلار

---

① دالې. كارنېگ: «ناتىقلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 83 -، 84 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن نىسبەتەن ئورتاق بولغان قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈشى كېرەك. ئاڭلىغۇچىلار ئېنىقسىز دىكى ھەل قىلالمىغان قىيىن مەسىلىلەر مۇشۇ نۇتۇق بىلەن ھەل بولىدۇ، دەيدىغان تۇيغۇدا نۇتۇق ئاڭلايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئاڭلىغۇچىلار بىلەن سۆزلىگۈچى ئوتتۇرىسىدا ئورگانىك بىرلىك بولىدۇ. سۆزلىگۈچىنىڭ ئىدىيىسى، مۇشۇ ئىدىيىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان تەھلىل ۋە پاكىتلىرى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئۇلارغا ئۈمىد بېغىشلىيالمىسا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېڭىدا بۇ نۇتۇق ئۇلارغا نىسبەتەن مۇناسىۋەتسىز دەك ھېس قىلىنىدۇ ـ دە، ئۇلار نۇتۇقتىن بىزار بولىدۇ. ئەسنەشكە، مۈگىدەشكە، دىققىتىنى باشقا نۇقتىلارغا ئاغدۇرۇشقا ۋە سائىتىگە قاراشقا باشلايدۇ.

نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىر ئادەم، ئەمما ئاڭلىغۇچىلار كۆپ ساندىكى جامائەتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلار نۇتۇققا ئۆزلىرىنىڭ مۆئەييەن ئورتاق دۇنيا قارىشى ۋە ئۈمىدى بويىچە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئەگەر نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مۇشۇ ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالمىسا، ئاڭلىغۇچىلاردا دەرھاللا نۇتۇققا نىسبەتەن زېرىكىش ۋە ئازاب پەيدا بولىدۇ. ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان نۇتۇق ئىلمىيلىكى كۈچلۈك، تەسەۋۋۇرى چوڭقۇر، لوگىكىلىق قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن پاكىتلىق نۇتۇقتۇر. ئەگەر نۇتۇقنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىسا، بۇ نۇتۇق ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاڭلىغۇچىلار بىلەن ئۆزىگە ئورتاق بولغان كۆز قاراش نۇقتىسىنى تېپىش ئانچە ئاسانغا توختىمايدۇ. شۇڭا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى، ئورتاق پسىخىك روھىي ھالىتى،

ئۆرپ - ئادىتى ۋە مىللىتىگىچە بولغان بارلىق تەپسىلاتلاردىن يۈزەكى بولسىمۇ ئالدىن خەۋەر تېپىشى لازىم. نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئاڭلىغۇچىلار بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئېنىق، ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نۇتۇق سۆزلىنىدىغان سورۇنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. سورۇنغا قاراپ گەپ قىلىشنى بىلمەسلىك نادانلىقنىڭ چوڭ بەلگىلىرىدىن بىرى. مەسىلەن، ئاتېزم تەربىيىسىنى مەسچىت، جامەدەك دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جايلاردا سۆزلىسە كىشىلەرگە ئەكس تەسىر بېرىپلا قالماي، بەلكى چەكسىز غەزەپ - نەپرەتنى قوزغايدۇ. شۇڭا سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىنى ياخشى تەكشۈرۈپ پۇختا ئىگىلىشى، نۇتۇق سۆزلىگەندە ھېسسىيات جەھەتتىن ئاڭلىغۇچىلار بىلەن بىر بولۇپ كېتىشى لازىم. ھېسسىيات جەھەتتىن بىرلىشىشتە نۇتۇق سۆزلىگۈچى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار ئەمەلىي مەسىلىلەر بولىدۇ. ئالايلى، سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بويىچە ھەممىگە تونۇشلۇق ئەمەلىي مىساللاردىن پايدىلىنىشى، گېزى كەلسە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدىلىكى بار كىشىلەرنى ئاتاپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ھېسسىياتىنى نۇتۇق مۇھىتىغا باشلاپ كىرىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇشۇ ساھەگە مەنسۇپتۇر.

نۇتۇق سۆزلەش ھەم سۆزلەش، ھەم ئورۇنداشنىڭ يۈكسەك بىرلىكىدۇر، ئەمما نۇتۇق سەنئىتىنىڭ باشقا سەنئەت شەكىللىرىدىن، بولۇپمۇ تىياتىر سەنئىتىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، نۇتۇق سەنئىتىدە ناتىق ئۆز ئىدىيىسىنى سەنئەتلىك بايان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ. شۇڭا، تىياتىر سەنئىتىنى كۆرگۈچى تاماشىبىنلار ئېستېتىك زوق ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش تۇيغۇسى بىلەن ئويۇن كۆرسە، ئوتتۇق ئاڭلىغۇچىلار ئەقلىي پىكىر ئېلىش، ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى يېڭىلاش مەقسىتىدە ئوتتۇق ئاڭلايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ھەر بىر سۆزى ۋە ھەر بىر جۈملىسىگە ئىنچىكە مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئوتتۇقتا ئوتتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئوتتۇق ئاڭلىغۇچىلار بىلەن ئورتاق ھېسسىيات لىنىيىسى ئورنىتىشى نازۇك ئوقتىلارنىڭ بىرى. شۇڭا ئوتتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئالدىدا يەنە كىچىك پېئىل، ئەستايىدىل ۋە سەمىمىي بولۇشى لازىم. تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن دىن تارقاتقۇچى مىسيونېرلار ناتىق بولغاندىن سىرت، مانا شۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەندۇر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئاۋام ئالدىدا ھۆرمەتكە ئېرىشىشى ناھايىتى تېز بولغان. ئىلمىي مۇنازىرىلەردىمۇ مۇنازىرىلەشكۈچىلەردىن كەمتەر، ئەستايىدىل، سەمىمىي بولغانلىرى غالىب كېلىدۇ. ئەكسىچە، مەنمەنچىلىك، تۈترۇقسىزلىق، سەمىمىيەتسىزلىك قىلغانلار ھەرقانچە كۈچلۈك ۋارقىرىسىمۇ، ھەرقانچە چوڭ ھەيۋە كۆرسەتسىمۇ، ھامان مەغلۇپ بولىدۇ.

ئوتتۇقنى ھەقىقىي ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇق سۆزلىگۈچى يەنە مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە ۋە ئوبيېكتىپ باھا بېرىشى، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلارغا ئۆزىنىڭ قىزغىنلىق ۋە سوغۇققانلىق خاراكتېرىنى سىڭدۈرۈپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ روھىي كەيپىياتىدا كۆتۈرەڭگۈ ھالەت ھاسىل قىلىشى لازىم. ئاڭلىغۇچىلار ئوتتۇقنىڭ گۈزەللىكى ۋە ھوزۇر بېرىش كۈچىگە تەبىئىي ھالدا ماسلىشىدىغان ئەڭ لىللا باھالىغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان ئوتتۇق ھەقىقىي

مەنىسىدىن مەغلۇپ بولغان نۇتۇقتۇر. ئۇلارنىڭ باھاسى ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك تەربىيىلىنىشى ۋە دۇنيا قارىشى مۇھىتىدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆزىنى بەك يۇكسەك ئورۇنغا قويۇۋالسا يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەككىلا ئوخشاپ قالىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش ھاجەتكى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى نۇتۇقنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پسىخىك ھالىتىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش نىسبەتەن مۇرەككەپ مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، نۇتۇق سۆزلىگۈچى يەنە بىر پسىخولوگ بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىنى ئېتىبارغا ئېلىشى كېرەك:

1. نۇتۇق سۆزلىگۈچى پسىخىكىلىق ئورتاقلىقنى قانداق بايقاش ۋە ئۇنى قايسى نۇقتىدىن كۆزىتىشنى ئوبدان بىلىشى كېرەك. ئاڭلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ پسىخىك روھىي ھالىتىنى خالىغانچە تاللىۋالالايدۇ، ئەمما نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە ئۇنداق ئىمكانىيەت بولمايدۇ. يۇزلىگەن، مىڭلىغان ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە خاراكتېر، روھىي ھالەت پسىخىكىسى ھەر خىل كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە نۇرغۇن ئورتاق پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكى، ياش پەرقى، جىنس ئايرىمىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوخشىمايدۇ. بۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى ھەر خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالايلۇق، بىر پروفېسسور بىلەن بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئارىسىدا ياش، كەچۈرمىش، مەدەنىيەت جەھەتتە تەربىيىلىنىش ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورۇن جەھەتلەردە ناھايىتى چوڭ پەرق بولىدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان پەرقلەر نۇتۇقنىڭ

www.uyghurkitap.com



سەنئەتلىك قۇدرىتى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئانچە مۇھىم ئورۇندا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشى كېرەك. بىر نەۋقىران يىگىت بىلەن بويىغا يەتكەن بىر نازىنىن قىزنى سېلىشتۇرساق، يىگىتلەرنىڭ خاراكتېرىدا ھېكمەتكە، يېڭىلىققا ئىنتىلىش، بوۋسۇش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش روھى، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. نازىنىن قىزلاردا گۈزەللىككە، ھېسسىي تۇيغۇلارغا بېرىلىش، يۆلىنىشچانلىق خاھىشى كۈچلۈكرەك بولىدۇ، مانا بۇ جىنسىي پەرقنىڭ پسىخىكا ۋە خاراكتېر جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇشۇنداق خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئاڭلىغۇچىلار توپىنى بىر نۇتۇق مەركىزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، جەزمەن ئورتاق ئىلمىي ھەقىقەتلەر، يېڭى بىلىملەر ھاجەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بۇ پسىخىكا جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلارنى ئورتاق نۇتۇق مەركىزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھاجەت. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پسىخىك جەھەتتىكى توقۇنۇشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئورتاق كەيپىيات ۋە ئورتاق ھالەتنى تېپىپ چىقىش سەزگۈرلۈك تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە.

2. نۇتۇق جەريانىدا، ھەمىشە بەزى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پىكىر ۋە ھەرىكەتلىرى كۆپ ساندىكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشىماي قالىدۇ، ئەمما كۆپچىلىكنىڭ پىكرى ئومۇمەن ئوخشاش چىقىدۇ. ئوخشاش بولمىغان قاراشتىكىلەرنىڭ بولۇشى ئۆزىگە ئىشىنىش، قارىغۇلارچە بويسۇنۇش، باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش، تار قورساقلىق خاراكتېرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئورتاق پسىخىكىسىنى تەھلىل قىلغاندا، يەنە ئىجابىي تەرەپلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوخشاش

بولمىغان قاراشلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا پاسسىپ قاراش دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق كىشىدە قىزغىنلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما، ئۇلاردا يەنە بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، سۆزلىگۈچىنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئالغا ئىنتىلىش تۇيغۇلىرى ئوخشاش بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئورتاق تەرىپىدۇر. ئوخشاش بولمىغان پسىخىك روھىي ھالەت گەۋدىلىك بولسا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئورتاق پسىخىك ئامىللارنى تاللىۋېلىپ، ئاساسىي كۈچنى مۇشۇ نۇقتىغا قارىتىشى لازىم.

3. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ھېسسىيات ئورتاقلىقى ۋە پسىخىك ئورتاقلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى لازىم. نۇتۇقتىكى ئورتاق پسىخىك ئالاھىدىلىك ئاڭلىغۇچىلار، ئەڭ مۇھىمى ئاڭلىغۇچىلار بىلەن نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىدۇر. شۇڭا نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلار شۇنداق بىر تۇيغۇغا كېلىشى كېرەككى، ئۇلار شۇ دەقىقىلەردە ئاڭلاۋاتقان نۇتۇقنىڭ ئومۇمىي پىكرىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئاللىبۇرۇن غۇۋا ھېس قىلغان، ئەمما ئۇنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمىگەندەك ھېس - تۇيغۇغا كەلسۇن. شۇنداق بولغاندىلا، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ قەلبى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبى بىر رىشتىگە باغلانغان بولىدۇ.

نۇتۇق پائالىيىتىگە قاتنىشىش، باشقىلارنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاش كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى دائىملىق ئىشلارغا ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاڭلىغۇچىلارمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشى، نۇتۇقتىن ئالغان ئىلھامى بىلەن بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىجتىھات قىلىشى كېرەك. بىر يارامىلىق ئاڭلىغۇچى بولۇشمۇ يارامىلىق نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولۇشتەك مۇھىم. ئەگەر نۇتۇق ئاڭلىغۇچى ئۆزىنى تەربىيىلەشكە سەل قارىسا، ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرمىسە، ئىلىمگە چاڭقاقلىق خاراكتېرىنى

يېتىلدۈرمىسە، ئۇ ھەرقانداق نۇتۇقتىن قىلچە ئەقلىي نەپكە ئېرىشەلمەيدۇ. نۇتۇق ئاڭلىغۇچى يەنە ئۆزىنىڭ پسىخىك كەيپىياتىنى تەڭشەشكە ماھىر بولۇشى لازىم. ئەڭ ياخشى پسىخىك كەيپىيات روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئاڭلىغۇچىنى ھېسسىيات، تۇيغۇ جەھەتتە سۆزلىگۈچى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ، سەنئەتلىك نۇتۇقنىڭ ئەقلىي مۇھىتىغا باشلاپ كىرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر پسىخىك كەيپىيات ناچار بولسا ئاڭلىغۇچىنىڭ پىكرى چېچىلىپ، نۇتۇق مۇھىتىغا ئۆزلىشەلمەيدۇ ـ دە، نۇتۇق ئاڭلاشتىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇتۇق سۆزلىگۈچىلا ئەمەس، نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارمۇ نۇتۇقشۇناسلىق ئىلمىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە خەۋەردار بولۇشى، ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىش ۋە نۇتۇق مۇھىتىغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى لازىم. ئاڭلىغۇچىنىڭ ساپاسى قانچە يۇقىرى بولسا، ھەقىقىي نۇتۇقتىن شۇنچە كۆپ نەپكە ئېرىشەلەيدۇ.

## § 3. نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى

يۇقىرىدا بىز نۇتۇق سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمەلىيەتتە، نۇتۇقنىڭ ماھىيىتى، پرىنسىپاللىقى ۋە ئىجتىمائىي رولى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككىسى ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان ئورگانىك بىرلىككە ئىگە.

نۇتۇق سۆزلىگۈچى ياكى ناتىق پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن ۋە خەلق ئۈچۈن مېھنەت قىلغۇچىدۇر. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، نۇتۇق — تەشۋىقات، تەربىيە پائالىيىتىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسي

مەقسىتى ئاڭلىغۇچىلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارغا خىزمەت قىلىش ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى خىزمەت قىلىش ۋە خىزمەت قىلغۇزۇش مۇناسىۋىتىدۇر. بۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت جەھەتتىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ ئوخشىماسلىقى مەۋجۇت. ھەر ئىككىسى يەنە بىر - بىرىگە باغلانغان ۋە بىر - بىرىنى شەرت قىلغان بولىدۇ. بۈگۈنكى نۇتۇق ئاڭلىغۇچى ئەتە مۇنبەردە نۇتۇق سۆزلىشى، ئەتىكى ناتىق بۈگۈن نۇتۇق ئاڭلىغۇچى سۈپىتىدە ئاڭلىشى مۇمكىن. نۇتۇق سۆزلىگۈچى گەرچە تەربىيىلىگۈچىنىڭ ئورنىدا تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئاڭلىغۇچىلارنى مەلۇم نۇقتىدىن ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. بۇ خۇددى يازغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلقنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئەمەلىيەتتىن تۇرمۇش ئۆگەنگىنىگە ئوخشايدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن يېقىملىق ۋە تەبىئىي نۇتۇق مۇھىتىنى يارىتالايدۇ. ئاڭلىغۇچىلارغا بولغان ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە نۇتۇقتا ئوخشاش بولمىغان نەتىجىلەرگە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈشى، ئاڭلىغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى كېرەك.

نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆز نۇتقى بىلەن كەڭ نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارغا تەشۋىقات، تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ، لېكىن نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلار بولسا، مۇتلەق كۆپ ئەھۋاللاردا ئۆز ئىختىيارلىقى بويىچە تەربىيە قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ نۇتۇققا بولغان پوزىتسىيە مەسىلىسى ئەمەس. بۇنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى نۇتۇق

www.uyghurkitap.com

سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېسسىيات ۋە باشقا جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىرى بىلەن باغلىنىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا، زىددىيەت ھەر ۋاقىت مەۋجۇت بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ خىل زىددىيەت مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىر نۇتۇقنىڭ بارلىق ئاڭلىغۇچىلارنى يۈز پىرسەنت قانائەتلەندۈرۈشى، ھەممىسىگە بىرلا خىل ئېستېتىك قىممەت ئاتا قىلىشى مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئەمما زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى يەنىلا سۆزلىگۈچىدە بولىدۇ. دالې كارنېگ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «پەقەت نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتۇق بىلەن بىر توپ ئاڭلىغۇچىلارنى باغلاپ، مۇستەھكەم گەۋدىگە ئايلاندۇرالىغاندىلا، نۇتۇق كەيپىياتى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ھازىرلىغان بولىدۇ.»[①] بۇ سۆز شۇنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتىكى، سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بىردەكلىككە ئىگە. يۇقىرى سەۋىيىلىك ناتىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ شۇ قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۇلارنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى، شادلىق - قايغۇسى، ھەتتا ئىجادكارانە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بىلەن ھېسابلاشقانلىقىدىندۇر، بۇ يەردىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتۇر. دېمەك، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يېتەكلەش ۋە يېتەكلىنىش مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇلار ھەم زىددىيەتلىك خۇسۇسىيەتكە، ھەم بىردەكلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە.

ئاڭلىغۇچىلارغا ھەقىقەتنى تەشۋىق قىلىش، يېڭى

① دالې كارنېگ: «ئۈنۈملۈك نۇتۇق ماھارىتى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 46 - بەت.

ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش، ئۇلارنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىش ناتىقنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى. ناتىق مانا شۇ مەجبۇرىيەتنى ھېس قىلغاندىلا، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە بىلىم ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بەل باغلايدۇ.

نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتقى شەخسىنىڭ خاراكتېرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ناتىقنىڭ نۇتۇق بايان قىلىش ئۇسلۇبى ئوخشاش بولىۋەرمەيدۇ، ئەمما بىر قەدەر ئورتاق بولغان نۇتۇق ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

1. قىزغىنلىق ۋە ئاكتىپچانلىق. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇتۇقلاردا ئومۇمەن ناتىقنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە قىزغىنلىقى نامايان قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزى سۆزلىمەكچى بولغان تېمىنىڭ مەزمۇن چوڭقۇرلۇقىغا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كىرىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق نۇتۇق قىزغىنلىقى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلب تارىنى چەكمەي قالمايدۇ.

2. سەمىمىيلىك ۋە راستچىللىق. ئاڭلىغۇچىلارنى يادرو قىلىپ ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق تېما ئۈستىدە تەپەككۇر ئېلىپ بېرىش — نۇتۇقنىڭ بىلىش ئۇنۇمىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ھالقىلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇ يەنە يۇقىرىدا بىز دەپ ئۆتكەندەك ئاڭلىغۇچىلار بىلەن ئورتاق مەيدان، ئورتاق تۇيغۇ ھاسىل قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان نۇقتا.

3. تەۋرەنمەس ئىشەنچ. ئاڭلىغۇچىلارنى ئىشەندۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىدە تەۋرەنمەس ئىشەنچ بولىدۇ. نۇتۇق باشلىنىشى بىلەن تەڭلا ئۇ ئاڭلىغۇچىلاردا قەتئىيلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، بۇ نۇتۇقنىڭ كېيىنكى

تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان، قەتئىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان جەڭگىۋار نۇتقى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىدىمۇ شۇنداق كەيپىياتنى پەيدا قىلىدۇ.

دېمەك، نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدىكى يۇقىرىقى نۇقتىلارنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش نۇتۇق سەنئىتىنى ئۆگىنىشتە تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ئىككىنچى باب  نوتۇق ۋە پىسخىك ساپانى ئۆستۈرۈش

## § 1. نوتۇق پسىخىكىسى

نوتۇق پسىخىكىسى سۆزلىگۈچىنىڭ نوتۇق پائالىيىتىدىكى ئىجابىي ئىنكاسى، شۇنداقلا نوتۇق ئەمەلىيىتىدىكى ئەمەلىي تەقەززا. نوتۇق پسىخىكا ساپاسى نوتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نوتۇق سۆزلەشتىن ئىبارەت مەنىۋى ئەمگەككە كىرىشكەن ۋاقىتتا شەكىللىنىدىغان، نىسبەتەن مۇقىم بولغان پسىخىك ئالاھىدىلىك ۋە مۇشۇ جەرياندا ئىپادىلىنىدىغان، ئەسلىي بار بولغان پسىخىك ئاساستۇر. ياخشى پسىخىك ساپا نوتۇق سۆزلەشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپلا قالماي، بەلكى نوتۇقتا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىشنىڭمۇ ئىشەنچلىك كاپالىتى. نوتۇق سۆزلەشنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن، نوتۇق پسىخىكىسىنى بىلىش ھەمدە ياخشى پسىخىك ساپانى يېتىلدۈرۈش كېرەك. نوتۇقنىڭ جەريانىدىن قارىغاندا، نوتۇق سۆزلىگۈچى نوتقىنىڭ نىگىزىدە ھەقىقەتنى ئىزدەيدۇ. نوتۇق سۆزلەشتە تەييارلىق باسقۇچلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلمىي ھەم سەنئەتلىك ئىجادىيەتكە كىرىشكە توغرا كېلىدۇ. نوتۇقنىڭ ئاتقۇرۇلۇشى سەنئەتنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇڭا نوتۇق سۆزلىگۈچى ھەقىقەتنى ئىزدەشتە قەيسەر بولۇشى، ئىجادچانلىقتا ۋە سەنئەتلىك ئىپادىلەش پسىخىك ساپاسىغا ماھىر بولۇشى كېرەك. نوتۇق پسىخىكىسى ۋە پسىخىك

www.uyghurkitap.com

ساپانى كۆپ ھاللاردا تەبىئىي ۋە ئىرسىي ئامىل دەپ قارايمىز. ئەلۋەتتە، بۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما، ئاساسلىقى يەنىلا كېيىنكى جاپالىق مەشىقكە مۇناسىۋەتلىك. ياخشى نۇتۇق پىسخىكىسى ۋە پىسخىك ساپا نۇتۇق ئەمەلىيىتىدىكى مەشىق ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ.

نۇتۇق — نىسبەتەن مۇرەككەپ بولغان بىر خىل مەنىۋى ئەمگەك. ئۇ ئىدىيىۋى سەۋىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ پىسخىكىسى ۋە پىسخىك ساپاسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ياخشى پىسخىك ساپا نۇتۇق سۆزلەشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. مۇنەۋۋەر ناتىقلار ياخشى پىسخىك ساپانى يېتىلدۈرگەن بولىدۇ، شۇڭا بىز نۇتۇق ئۆگەنگەندە نۇتۇق پىسخىكىسى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ياخشى پىسخىك ساپايىمىزنى يېتىلدۈرۈشنى بىلىشىمىز كېرەك. ھەرقانداق بىر نۇتۇقنى سۆزلەشتىن بۇرۇن بۇ نۇتۇقنى نېمە ئۈچۈن سۆزلەيدىغانلىقىمىزنى، قانداق تېمىنى تاللايدىغانلىقىمىزنى، قانداق مەقسەتنى كۆزلەيدىغانلىقىمىزنى، نۇتۇقنىڭ باش - ئاخىرىنى قانداق ماسلاشتۇرۇش لازىملىقىنى ئوبدان ئويلىشىپ مۇقىملاشتۇرۇشىمىز لازىم. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى نۇتۇقنى چۆرىدىگەن ھالدا شەكىللىنىدىغان پىسخىك پائالىيەتلەردۇر. ئالايلۇق، مۇنبەرگە چىقىشتىن بۇرۇن جىددىيلىك ھېس قىلىمىزمۇ - يوق؟ مۇنبەرگە چىققاندىن كېيىن تەمترەش بولامدۇ؟ نۇتۇق جەريانىدا ئۆز سېزىمىمىز قانداق بولىدۇ؟ نۇتۇقتىن كېيىن نۇتۇقنىڭ ئۈنۈمىگە نىسبەتەن ئۆزىمىزنىڭ مۆلچەرى قانداق؟ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى نۇتۇققا بولغان پىسخىك سېزىم بولۇپ، پىسخىك ساپايىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پىسخىك

ھەرىكەت ۋە پىسخىك سىبزىمنىڭ بەلگىلىك جەريانى بولىدۇ، بۇ جەريان ئۇتۇقنىڭ پىسخىك جەريانىدۇر. ئۇتۇقتىكى پىسخىك ھەرىكەت، پىسخىك سىبزىم ۋە پىسخىك جەريانلار ئۇتۇق پائالىيىتىگە ماس ھالدا ئىلىپ بېرىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇتۇق پائالىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئۇتۇقنىڭ پىسخىك ساپاسى دېگىنىمىز، ئۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا تەبىئىي شەكىللەندۈرگەن ھەمدە تەبىئىي ئىپادىلەنگەن، نىسبەتەن مۇقىم بولغان پىسخىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئەسلىدە بار بولغان پىسخىك ئاساسى، دەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىر ئادەمنىڭ پىسخىك ساپاسى تەبىئىي ۋە ئىرسىي تەركىبلەرگە ئىگە بولىدۇ، ھەر بىر ئاتىقنىڭ پىسخىك ساپاسىدىمۇ بەلگىلىك پەرقلەر بولىدۇ، بۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئۇقتا. ئەمما، بۇ تەبىئىي ۋە ئىرسىي ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزگىچىلىك ئۇتۇققا نىسبەتەن ئېيتقاندا يۇقىرى - تۆۋەنلىك، ياخشى - يامانلىق پەرقىگە ئىگە ئەمەس. ئۇتۇقتىكى پىسخىك ساپانىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، ياخشى - يامانلىقى ئۇتۇق ئەمەلىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇتۇق ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىلەر قانچە كۆپ بولسا، ئۇتۇققا بولغان تونۇش شۇنچە چوڭقۇرلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇتۇقنىڭ پىسخىك ساپاسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە ياخشىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇتۇقتىكى پىسخىك ساپا گەرچە نىسبەتەن مۇقىملىققا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ مۇقىم ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس. ئۇ ئۇتۇق ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ ھەمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

بىز مەيلى قانداقلا بىر ئىش قىلمايلى، بەلگىلىك پىسخىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەرىكەت شەكىللىنىدۇ، شۇنداقلا پسىخىك ساپاغا نىسبەتەن چوقۇم بەلگىلىك ماس تەلەپلەر قويۇلىدۇ. ئوتتۇقمۇ دەل شۇنداق بولىدۇ، ئوتتۇق سۆزلىگۈچى كەڭ ئىجتىمائىي رېئال تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، رېئال تۇرمۇشتىن ماتېرىيال تاللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتتۇق ئاساسىنى تىكلەيدۇ. ئوتتۇق سۆزلىگۈچى ھەر خىل ناتونۇش ئاڭلىغۇچىلار ئالدىدا — مۇرەككەپ مەيداندا ئوتتۇق سۆزلەيدۇ. ئوتتۇقتىكى ئىككى تەرەپنىڭ چۈشىنىشىنى ئوتتۇق سۆزلىگۈچى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ پسىخىك ھەرىكىتى ناھايىتى جىددىيلىك ئىچىدە بولىدۇ. دەل مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇقنىڭ ئوتتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ پسىخىك ساپاسىغا قويىدىغان تەلىپى تەبىئىي ھالدا ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا، ئوتتۇق سۆزلىگۈچى پەقەت ياخشى پسىخىك ساپانى ھازىرلىغاندىلا، ئاندىن ئوتتۇقتىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى ئەمگەكنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىپ كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان ئوتتۇقنى بايان قىلالايدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئوتتۇقتىكى پسىخىك ساپا قانداق شەكىللىنىدۇ؟ يۇقىرىدا بىز ئوتتۇق پسىخىكىسى بىلەن ئوتتۇق ئەمەلىيىتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئوتتۇق ئەمەلىيىتى ئوتتۇق پسىخىكىسى ۋە پسىخىك ساپانى بەلگىلەيدۇ. مۇكەممەل ئوتتۇق ئەمەلىيىتى ئوتتۇق مۇھىتى ۋە ئوتتۇق جەريانىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن تەشكىل تاپىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوتتۇقتىكى پسىخىك ساپا ئوتتۇق ئەمەلىيىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. ئوتتۇق مۇھىتى بىلەن ئوتتۇق جەريانى ئوتتۇق ئەمەلىيىتىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرەپ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل باغلىنىشى ھەمدە ئوتتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىدا

بىر دەكلىكمۇ بار.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان نۇتۇق مۇھىتى نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا تۇرغان مۇھىتىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، نۇتۇق سۆزلىگەن چاغدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەبىئىي مۇھىتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى، شۇ چاغدىكى سىياسىي كەيپىياتنى، نۇتۇق دۇچ كەلگەن مەركىزىي تېما ۋە ئىشنى، شۇنداقلا نۇتۇق مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە شارائىتنى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى كەيپىيات ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ھەمدە سۆزلىگۈچىنىڭ سالاھىيىتى، ئورنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۇتۇق بەلگىلىك ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. نۇتۇقنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى نۇتۇقنىڭ ۋاقىتتىن ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن، شۇ دەۋرنىڭ روھىدىن ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. نۇتۇق مەيدانى ۋە ئەتراپىتىكى مۇھىت بىر قېتىمدا بىر خىل بولىدۇ، ھەممىسىدىلا بىردەك بولمايدۇ، ھەر قېتىمدا نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قاتلىمى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى كەيپىياتىدىمۇ، ئارزۇ - ئىستەكلىرىدىمۇ پەرق بولىدۇ. ھەتتا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ناتىققا بولغان پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما، ناتىق مۇنبەرگە چىققاندا ئادەتتىكى نورمال تۇرمۇشقا قارىغاندا ئۇنىڭ كەيپىياتىدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قانچىلىك بولۇشى، قانداق ئادەملەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاڭلىغۇچى شۇ ۋاقىت، شۇ ئورۇندا گەۋدىلىك ۋە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دەل مانا شۇ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ ئامىللار نۇتۇق مۇھىتىنى بەلگىلەيدۇ، ناتىق مانا شۇنداق مۇھىتتا نۇتۇق سۆزلەيدۇ، بۇ ھال نۇتۇقنىڭ چەكلىمىلىكلىكىنى ۋە مۇرەككەپلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، نۇتۇق

www.uyghurkitap.com



سۆزلىگۈچى گەرچە نۇتۇق سۆزلەشتىن بۇرۇن تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇ پەقەتلا ئالدىن قىلىنغان تەسەۋۋۇر، ئالدىن قىلىنغان قىياس ۋە ئالدىن قىلىنغان مانىۋېردۇر. ئەمەلىيەتكە كەلگەندە شۇ چاغدىكى مۇھىت بىلەن ماسلاشتۇرۇش يەنە بىر گەپ. نۇتۇق مۇھىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن نۇتۇق مەزمۇنىنى تېز ۋە دەرھال تەڭشەشكە، نۇتۇق مۇھىتىغا ماس ھالدا يەنە بەزى تەركىبلەرنى قوشۇشقا، يېڭى ئۇچۇر مەنبەلىرىنى چاقماق تېزلىكىدە ئويلاشقا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسىنى چۈشىنىشكە، نۇتۇق سورۇنىنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا نۇتۇق سۆزلىگۈچى پەقەتلا بىردىنبىر كاللا ۋە بىردىنبىر ئېغىزغا تايىنىدۇ، شۇڭا بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ جەرياندۇر. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ناتىق ھەر قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەندە، پسىخىكا جەھەتتىن بىر قېتىملىق مۇھىتقا ماسلىشىش جەريانىغا دۇچ كېلىدۇ. ئوبيېكتىپ مۇھىت بىلەن سۇبيېكتىپ مۇددىئانى دەرھال بىرلەشتۈرمىگەندە، نۇتۇقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىغا زور تەسىر يېتىدۇ. بۇ نۇتۇق سەنئىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى. ئەنگلىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى ماكلېللان دىبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا قىلغان سۆزىنىڭ مۇقەددىمىسىدىلا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىۋالغان: «مېنى قارشى ئالغىنىڭلارغا رەھمەت، ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ يەردە نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتىم ھەقىقەتەن ئاز، لېكىن مەن ئۆزۈمنى ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بولغانلىقىم ئۈچۈنلا تەكلىپ قىلىندىم، دەپ قارىمايمەن.» ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى ئەسلەپ، ئاڭلىغۇچىلارغا ئانىسىنىڭ دەل مۇشۇ

شتاتتا تۇغۇلغان ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكىنى، بوۋىسىنىڭ ھىندىئانا شتاتى دىبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىرىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ماكلېللاننىڭ ئۆزىنىڭ ۋارىسلىق قىلغان تۇغقانلىرىغا بولغان قانداشلىق مۇھەببىتى ۋە ئاچقۇچىلار دەۋرىدىكى ئامېرىكا مەكتەپلىرىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى تېما قىلىپ سۆزلىگەن نۇتقى قوزغىغان ئىنكاسىنىڭ قىزغىنلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ.

بۇ نۇتۇقتا، ماكلېللان مۇھىتنى ئىنتايىن چوڭ نۇقتىدىن چۈشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان.

نۇتۇق جەريانى نۇتۇق پىسخىكىسى بىلەن نۇتۇق ساپاسىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى، دېگەن ئىدۇق. نۇتۇق جەريانى قوزغىتىش باسقۇچى، ئىجادىيەت باسقۇچى ۋە سۆزلەش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئۈچ باسقۇچ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق، يەنە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئوخشاش بولمىغان بۇ كونكرېت باسقۇچلارغا نىسبەتەن تەبىئىي ھالدا ئوخشاش بولمىغان پىسخىك كەيپىياتتا بولىدۇ. ئۇ پەقەت ھەربىر باسقۇچنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس ھالدا ئۆزىنىڭ پىسخىك ئەھۋالىنى ماسلاشتۇرغاندىلا، ئاندىن نۇتۇقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىيالايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نۇتۇق پىسخىكىسى نۇتۇقشۇناسلىقتىكى ئىنتايىن نازۇك مەسىلە. بۇ نازۇك نۇقتىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىش كۆپ مەشىق، ئىجتىھات ۋە سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. پىسخىك ساپانى ھە دېگەندىلا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېتىلدۈرۈۋالغىلى بولمايدۇ، ئۇنى قەدەممۇ قەدەم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يېتىلدۇرۇش كېرەك.

## § 2. نوتوقتىكى پسىخىكىلىق ساپانىڭ شەكىللىنىشى

نوتوقتىكى پسىخىكىلىق ساپانىڭ مەزمۇنى ئوبيېكتىپ تەرەپ بىلەن سۇبيېكتىپ تەرەپنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. نوتوق سۆزلىگۈچى نوتوق جەريانىنىڭ ئۈچ باسقۇچىغا نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل پسىخىك روھىي ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئۈچ خىل روھىي ھالەت پسىخىك ساپانىڭ ئۈچ خىل ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش نوتوق پسىخىك ساپاسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرىدۇر. نوتوق مەيلى قانداق سەۋەبتىن سۆزلەنمىسۇن، بىر ھەقىقىي ناتىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇپ پسىخىك ئامىل شۇبھىسىزكى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بولۇپ، ئۇ ھەقىقەت ئۇستىدە ئىزدىنىش، ھەقىقەتتە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ۋە ھەقىقەتنى تەشۋىق قىلىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناتىقنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش باشقىلار ئۇنىڭغا تاڭغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەلبىدە ئەسلىي بار بولغان پەزىلەتتۇر. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئەقىل - پاراسىتى نورمال ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىدۇر. بىز رېئال دۇنيانى تونۇش بىلەن بىللە، تەبىئىي ھالدا ھەقىقەت گۈزەللىكىگە باھا بېرىشنى ۋە ئۇنى ئىزدەشنى ئۆگىنىمىز، ئەلۋەتتە، ناتىقمۇ، ئاڭلىغۇچىلارمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە، ئاڭلىغۇچىلار ۋاقىتلىق توپلاشقان بىرلىكتۇر، بۇ

بىرلىكتە ھەر خىل ئادەملەر بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ پسىخىك ساپاسى، مەقسەتلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ يەنىلا ئورتاق تەرىپى بار، بۇ ئورتاقلىق ئۇلارنىڭ مەلۇم شەيئىلەرگە، مەلۇم ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۈمىد، ئىستەك، تەلپۈنۈشلىرى، ھەقىقەتكە بولغان ئىنتىلىشلىرىدە ئەكس ئېتىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئاڭلىغۇچىلاردىكى ئەڭ چوڭ ئورتاقلىق ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان پسىخىك ئورتاقلىقتۇر.

بۇ نۇقتا ناتىقنىڭ نۇتۇقنى سۆزلەشكە باشلىغان چاغدىكى ئومۇمىي كەيپىياتىدىنلا روشەن كۆرۈنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى روھىي كەيپىياتىدىلا ئۆز نۇتقىنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ رولى ۋە ھەقىقىتى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ. نۇتۇق جەريانىدا سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ مەلۇم بىر مەسىلە ۋە ئىشقا نىسبەتەن تونۇشى، كۆز قارىشى، تەپەككۇر ئۇسۇلى بىردەك بولمايدۇ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بولىدۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش نۇقتىسىدىن پۈتۈنلەي بىردەكلىككە ئىگە، بۇ نۇتۇقنى بىر پسىخىك لىنىيىگە باغلايدىغان مۇھىم رىشتە. مانا مۇشۇ روھىي كەيپىيات ۋە پسىخىك ھالەتنىڭ يېتەكلىشىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پسىخىكىسى ۋە ھەقىقەتكە بولغان ئەقىدە تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ ھەمدە سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىنى بىر پىكىر تۈغى ئاستىغا جەم قىلىدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىغانكى، نۇرغۇن ھەقىقەتلەر نۇتۇق سورۇنلىرىدا ئۆزىنى نامايان قىلغان، شۇنداقلا جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن.

ئىلىم - پەن ۋە باشقا ساھەلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىلمىي مۇنازىرىلەردىكى ئىككى تەرەپنىڭ تالاش - تارتىشى ھەقىقەتنى

بىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتنى ئېلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. ناتىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەيلى ئۇنىڭ نۇتقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسۇن ياكى نۇتۇقتىن كېيىن نۇرغۇن تالاش - تارتىش، مۇنازىرىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارسۇن، ئۇ ھەقىقەتنىلا ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئاخىرقى ھېسابتا يەنە ناتىق ۋاستىلىك ۋە ۋاستىسىز ھالدا ئۆز مەقسىتىگە يەتكەن غالىب ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ ئەڭ زور قۇدرىتى ھەقىقەت بىلەن باغلانغانلىقىدا.

نۇتۇق نەزەرىيىچىلىرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى نۇتۇق پىسخىك ساپاسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ. بۇ نۇتۇق تارىخىدىكى ناتىقلارنىڭ نۇتۇق ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغان ھەقىقەتتۇر.

يۇناننىڭ مەشھۇر سىياسىئونى ۋە مەشھۇر ناتىقى پېرىكلېس (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 495 - يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 429 - يىللارغىچە ياشىغان) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 432 - يىلى «مەن بىر قەيسەر ئەزىمەت بولۇشنى خالايمەن» ناملىق نۇتقىنى بايان قىلغان. ئەنە شۇ نۇتۇقنىڭ ئەينى چاغدىكى نۇتۇق مۇھىتى ئىچكى جەھەتتە ئەلدە چۇما (بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل) كېسەللىكى تارقىلىپ كەتكەن، تاشقى جەھەتتە بولسا، قوشنا تاجاۋۇزچى ئەللەرنىڭ قوشۇنلىرى باستۇرۇپ كىرگەن، پۈتۈن خەلق بارلىق مەسئۇلىيەتنى پېرىكلېسقا يۈكلىگەن بىر شارائىت ئىدى. مۇشۇنداق بىر شارائىتتا پېرىكلېس چوڭ يىغىن ئېچىپ مەزكۇر نۇتۇقنى سۆزلىگەن. ئۇنىڭ نۇتقى مۇنداق ئىدى: «سىلەرنىڭ ماڭا بولغان پۈتمەس غەزىپىڭلارنى ھېس قىلىمەن، چۈنكى مەن سىلەرنىڭ ماڭا غەزەپلىنىشىڭلارنىڭ سەۋەبىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. مېنىڭ بۇ يىغىننى چاقىرىشتىكى

مەقسىتىم، سىلەرنىڭ ئىلگىرىكى قارارلىرىڭلارنى ئىسىڭلارغا سېلىش ھەمدە سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ ئاساسلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشتۇر....... مېنىڭ پىكرىم مۇنداق: ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ پۈتكۈل ئەلنىڭ ئوڭۇشلۇق ئالغا بېسىۋاتقان ۋاقىتتا ئېرىشىدىغان مەنپەئىتى پۈتكۈل دۆلەت ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقاندا ئېرىشىدىغىنىدىن كۆپرەك بولىدۇ. بىر كىشى شەخسىي تۇرمۇشىدا قانچىلىك بېيىمىسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ دۆلىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدىغانلا بولسا، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئورتاق ھالاكەتنىڭ قايىنىمىدا غەرق بولىدۇ. ئەگەر، پەقەت دۆلەتلا ئەمىن بولسا، ھەرقانداق كىشى ئۆز بەختى يولىدا، شەخسىي مەنپەئەت يولىدا چەكسىز پۇرسەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ....... ئەگەر، بىر كىشىدە تاللاش ئەركىنلىكى بولىدىغان بولسا، ئۇ جەزمەن تىنچ، ئەمىن تۇرمۇشنى تاللايدۇ، ھېچكىم ئۇرۇشنى ۋە قاباھەتلىك تۇرمۇشنى تاللىمايدۇ. ئەگەر، مەجبۇرىي كۈچ تەرىپىدىن تاللاتقۇزۇلسا، ئۇ شۈبھىسىزكى، قۇللۇقنى تاللىماي ئامالسىزدۇر. مەن قورقماس، قەيسەر بولۇشنى خالايمەن. قاچقۇن بولۇشنى، قۇل بولۇشنى، ئۆلۈمنى نومۇس بىلىمەن.......»

پېرىكلېس مانا شۇ قىيىن مەزگىلدە نۇتۇقنىڭ قوزغىتىش رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاڭلىغۇچىلاردا ھەقىقەتكە بولغان ئىشەنچنى ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھىي كەيپىياتنى قايتا تىكلىگەن، شۇنداقلا ئۇ ھەر بىر شەخسنىڭ مەنپەئىتى بىلەن دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى بىر نۇقتىغا قويۇپ، نۇتۇقتا ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغان. دېمەكچىمىزكى، نۇتۇقتا پىسخىك ساپا مەسىلىسى ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

نۇتۇقتا پىسخىك ساپا مەسىلىسىدىن باشقا، يەنە نۇتۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىجادىيىتى پسىخىكىسىنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىش كېرەك. بۇنى بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن نوتۇق ئىجادىيىتىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. نوتۇق ئىجادىيىتى نوتۇق پسىخىك ساپاسى ئاشكارىلىنىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى. نوتۇقتىكى ھەقىقەت ئىزدەشنى قوزغاتقۇچ قىلىپ، مۇشۇ ئاساستا ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان ۋە ھەقىقەت ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان تەييارلىق خىزمىتىگە كىرىشىش، ئىسپاتلارنى تېپىپ چىقىش ۋە شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق جەريانلار نوتۇق ئىجادىيىتى دېيىلىدۇ.

ئىجادىيەتنىڭ نەتىجىسى بەزىدە يازما نوتۇقتا، بەزىدە ئاغزاكى نوتۇقتا نامايان بولىدۇ. بەزىلىرى تېزىس تۈسىگە كىرمەيلا بىۋاسىتە ئاغزاكى نوتۇق بايانى شەكلىدە جامائەتچىلىككە مەلۇم بولىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى پسىخىك پائالىيەتنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا بىرخىل پسىخىك ئىجادىيەتتۇر. شۇڭا، نوتۇق ئىجادىيىتى تەسەۋۋۇر ۋە ئۇلارنىما تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق رېئال تورمۇشتىن ھەقىقىي ماتېرىياللارنى تاللاپ چىقىپ، لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى سەنئەتلىك بايان قىلىش، ئىلمىي ئابستراكتلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئادەتتىكى قانۇنىيەتنى خۇلاسىلەيدىغان بىرخىل پسىخىك ھەرىكەتتۇر. تېخىمۇ قاتتىقراق ئېيتقاندا، نوتۇق ئىجادىيىتى بىرخىل ئىلمىي ۋە سەنئەتلىك ئىجادىيەتتۇر.

ئۇنداق بولسا، نوتۇق ئىجادىيىتىدىكى پسىخىك ساپا قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟

نوتۇق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا نوتۇق سۆزلىگۈچى ئالدى بىلەن ئىلمىي، سەنئەتلىك ھالدا ھەقىقەتنى تونۇش

ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، ئاندىن ئىجادىي پىسخىك ئىقتىدار ياكى ئىجادىي پىسخىك ساپاغا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ ساپا تەسەۋۋۇر، ئۇلانما تەسەۋۋۇر، لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرلارنىڭ يۇكسەك بىرلىكى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. بۇنداق پىسخىك ساپا نۇتۇق ئىجادىيىتى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ھەممىسىگە باب كېلىدۇ.

ئۇنداق بولسا، نۇتۇق ئىجادىيىتى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ پەرقى قەيەردە؟

چوڭ دائىرىدىن ئېيتقاندا، نۇتۇق ئىجادىيىتى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى پىسخىك ساپا ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش يۆنىلىشى ۋە مۇددىئاسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئوبرازلىق تەپەككۇر ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ، بىۋاسىتە سېزىمنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى بىلەن تەسەۋۋۇر مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇ ئەڭ ئاخىرى ئوبرازلىق تەپەككۇرغا يول ئاچىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مۇنبەت زېمىنىدۇر. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بارلىق پىكىر ـ مۇددىئالار بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئوبراز ئارقىلىق پىكىر قىلىنىدۇ، ئەمما نۇتۇق ئىجادىيىتىدە لوگىكىلىق تەپەككۇر ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭدا بىۋاسىتە ھېس قىلغان تەپەككۇر پائالىيىتى بىلەن ئۇلانما تەسەۋۋۇر تەمىنلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىقى ئومۇملاشتۇرۇش، قىياس قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش شەكىللىرى ئارقىلىق ئابستراكت خۇلاسىگە ئورۇن بېرىدۇ. نۇتۇق ئىجادىيىتىدە ھەقىقەت ئاڭلىغۇچىلارغا ئەنە شۇنداق يول بىلەن ئىنتايىن ئېنىق

www.uighurkitap.com

ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرقتۇر.

نۇتۇقتا تەپەككۇر ۋە ئۇلانما تەسەۋۋۇرنىڭ رولى ئىنتايىن زور بولىدۇ، نۇتۇق ئىجادىيىتى تەپەككۇر ۋە ئۇلانما تەسەۋۋۇردىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇ يەنە تەپەككۇر ۋە ئۇلانما تەسەۋۋۇرنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن بىرلىشىپ تەمىنلىگەن ماتېرىياللىرىغا تايىنىدۇ، ئەگەر كونكرېت ماتېرىيال بولمىسا، ھەرقانداق تەپەككۇر شەكلىنىڭ رولى بولمايدۇ.

نۇتۇق ئىجادىيىتىدە ئالدى بىلەن تەپەككۇر بولۇشى كېرەك. نۇتۇق سۆزلىگۈچى رېئال تۇرمۇش ۋە ئەمەلىي كەچۈرمىشلىرىدىن تەپەككۇر ئارقىلىق مەسىلىلەرنى بايقاپ چىقىدۇ، شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى بايقاشقا ماھىر بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، تەپەككۇر نۇتۇق ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گېگېل «تەپەككۇر ئىجادچانلىقتۇر»[1] دېگەنىدى. راست، تەپەككۇر ئەمەلىيەتتە ئىجادىيەت جەريانىدۇر. ئۇلانما تەسەۋۋۇر تەپەككۇردىكى مەلۇم بىر شەيئىنىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا شەيئىلەر ئۈستىدىكى مۇلاھىزە شەكلىدۇر. نۇتۇق ئىجادىيىتىدە ئۇلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق تەپەككۇر ھازىرلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا باشقا ماتېرىيال مەنبەلىرى ۋە پىكىرلەر تۇغۇلىدۇ، بۇ ئاساسىي ماتېرىياللار ۋە يېڭى پىكىرلەر يېڭى مەسىلە ۋە يېڭى تونۇشلارغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا، نۇتۇق ئىجادىيىتىگە يېڭى قاراشلارنى ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا بىز ئۇلانما تەسەۋۋۇرنىمۇ تەپەككۇر ئاساسىدىكى ئىجادىيەت دەپ قارايمىز.

① گېگېل: «ئېستېتىكا» (1 ـ توم)، سودا نەشرىياتى، 1982 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 357 ـ بەت.

بىز يۇقىرىدا نۇتۇق ئىجادىيىتى ھەققىدە توختالدۇق. ئۇنداق بولسا، نۇتۇق ئىجادىيىتىنىڭ زادى قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

نۇتۇق ئىجادىيىتى ھەم ئىلمىي، ھەم سەنئەتلىك بولىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇ ئىلمىي ئىجادىيەت. ئۇ فورمال لوگىكا ۋە باشقا لوگىكا شەكىللىرى ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھەقىقەت قاراشلىرىنى خۇلاسىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نۇتۇق ئىجادىيىتى ئەلۋەتتە ئىلمىي بولىدۇ. ئۇ ئىلمىي بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە سەنئەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئىجادىيەتتە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار كىشىلەرگە تەسىر قىلىدىغان تاللانغان ماتېرىياللار بولۇپ، ئۇ خۇددى بەدىئىي ئوبرازلارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پىكرىنى يورۇتۇشتىكى مول ئىچكى مەزمۇنى گايىدا كىشىگە سەنئەت تۇيغۇسىنى بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ ناتىقنىڭ سەنئەتلىك تىلى بىلەن تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق بايان قىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نۇتۇق ئىجادىيىتى سەنئەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، نۇتۇق ئىجادىيىتى ئىلمىي ئىچكى يادرو بىلەن سەنئەتلىك تاشقى ئىپادىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئايرىلماس بىرلىكنى تەشكىل قىلغان. گېگىل مۇنداق دېگەنىدى: «ناتىق ھەرگىزمۇ پەنگە قارشى ۋە ئۆزىنىڭ بىلىشى بويىچىلا گەپ قىلماسلىقى، جەزمەن بىر ئىلمىي ھەقىقەتكە تايىنىشى كېرەك. ئۇ بىزدە ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد تىكلىمەكچى بولسا ۋە بۇ جەھەتتە بىزنى قايىل قىلماقچى بولسا، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بىر ئامال قىلىپ پۈتۈن خەلققە تەسىر كۆرسىتىپ، ھېسسىيات ۋە قاراش جەھەتتە ئورتاقلىقنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.......

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ پەقەت لوگىكىلىق قىياس ۋە ھۆكۈم شەكلى بىلەنلا بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ، بەلكى ئۇ بىزنىڭ

ھېسسىياتىمىز ۋە ئىستىكىمىزنى قوزغىتىش بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىزگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بىلىمىمىزنى بېيىتىش بىلەنلا بىزنى قايىل قىلالايدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاڭلىغۇچىلارنى قەلبكە تەئەللۇق بولغان بارلىق جەھەتلەردىن تەسىرلەندۈرەلىگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولىدۇ.»①

گېگىل بۇ يەردە نۇتۇق ئىجادىيىتىنىڭ ئىلمىي ۋە سەنئەتلىك بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. نۇتۇق سەنئىتى ئالاھىدە بىر سەنئەت شەكلى بولغاچقا، نۇتۇق ئىجادىيىتى پىسخىك لىنىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ پىسخىك لىنىيە مۇنۇ جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ: بىلىش نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلى بويىچە ئىلمىي تەھلىل قىلىش لىنىيىسى، بۇ لىنىيە ئۈچ مۇھىم ھالقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) سىز قانداق تېمىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى؟

(2) بۇ مەسىلىنى قانداق تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىسىز؟

(3) بۇ ھەقتە قانداقلارچە ئىلمىي ۋە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئاساسەن خۇلاسە چىقىرىسىز؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ مەسىلە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ۋە ئۇنى تارقىتىش ئۈچۈن بىر قېتىملىق نۇتۇقتا سىز ھامان ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى بەزى ھادىسىلەردىن بايقىغان مەسىلىلەردۇر. بۇ مەسىلىلەر كونكرېت ئىش، كونكرېت ئۇچۇر قاتارلىقلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن مەلۇم تەھلىل، تونۇش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئىنكار قىلىش ھەمدە ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەش، بۇ ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. بۇنداق

① گېگىل. «ئېستېتىكا» (3 - توم)، سودا نەشرىياتى، 1981 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 43 - بەت.

قىلمىغاندا، نۇتۇق سۆزلەشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ بولماي قالىدۇ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ھەققىدە تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ مۇستەقىل پىسخىك لىنىيە ماھىيەتتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش لىنىيىسىدۇر.

يەنە بىرى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارى، ساپاسى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، نۇتۇق مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سۆزلىگۈچىنىڭ شەكىللەندۈرىدىغان پىسخىك لىنىيىسى. نۇتۇقنىڭ ئىجادىيەت باسقۇچىدا نۇتۇق سۆزلىگۈچى باشتىن ـ ئاخىر ئاڭلىغۇچىلارنى نەزەردە تۇتىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇنىڭدا ئۆزگىچە پىسخىك روھىي ھالەت شەكىللىنىدۇ، مۇشۇ جەريانىدىكى پىسخىك روھىي ھالەت يەنە بىر خىل پىسخىك لىنىيىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: (1) بۇ نۇتۇقنى كىمگە سۆزلەش مەسىلىسى. (2) قانداق مەزمۇنلارنى سۆزلەش كېرەكلىكى مەسىلىسى. (3) نۇتۇقتىن كېيىن قانداق نىشانغا يېتىش مەسىلىسى. بۇ پىسخىك لىنىيىدە ئاڭلىغۇچىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇڭا پىسخىك جەھەتتە ئېنىق ئوبيېكت بولۇشى، شۇنداقلا ئوبيېكتنىڭ تەلىپى، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش لازىم. پەقەت ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىشىنى، ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن نۇتۇق ھاياتىي كۈچكە ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ پىسخىك لىنىيە مۇستەقىل ھالدا نۇتۇق مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان لىنىيىدۇر. ئەگەر بۇ لىنىيىلەردىن چەتنەلسە، نۇتۇق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. نۇتۇق ئىجادىيىتى ۋە نۇتۇق پىسخىكىسىدا بۇ ئىككى لىنىيىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېڭى سىستېما ھاسىل قىلىش كېرەك. بۇ سىستېمىدا بىرىنچى خىل لىنىيىنىڭ بەزى ھالقىلىرى بىلەن ئىككىنچى خىل لىنىيىنىڭ ھەر بىر بۆلىكى بەلگىلىك باغلىنىشقا ئىگە بولىدۇ. ئالايلۇق، بىرىنچى خىل لىنىيىدىكى «مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ھالقىسى» ئىككىنچى خىل لىنىيىدىكى «كىمگە سۆزلەش» ، «نېمىلەرنى سۆزلەش» ، «سۆزلەشنىڭ مۇددىئاسى» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمنىڭ ھەممىسى بىلەن باغلىنىدۇ. نۇتۇقشۇناسلىقتا بۇ مەسىلە تۆۋەندىكىدەك سخېما بىلەن كۆرسىتىلگەن:




ئىككى خىل پسىخىك لىنىيىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىش سخېمىسى

نۇتۇق ئىجادىيىتىدىكى يۇقىرىقى پسىخىك مەسىلىلەر ھەققىدە بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئالتە نۇقتا پسىخىك جەھەتتىن زىچ بىرلەشكەن بولىدۇ، ئۇنى ئايرىپ سۆزلەشتىكى مەقسەت پەقەت چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈندۇر، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۇلار بىرلىككە كەلگەن جەرياندا ئىپادىلىنىدۇ.

## § 3. نۇتۇقتىكى پسىخىك ساپا تەھلىلى

نۇتۇقتىكى پسىخىك ساپا نۇتۇقنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ

سەنئەتلىكلىكىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. يۇقىرىقى ماۋزۇ ئاستىدا بىز پسىخىك ئەھۋاللار ئۈستىدە مەلۇم دەرىجىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. يۇقىرىقى مەسىلىلەردىن باشقا، نۇتۇقنىڭ پسىخىك تەھلىلىدە نۇتۇقنى سەنئەتلىك ئىپادىلەشنىڭ پسىخىك ساپا تەھلىلى مەسىلىسىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. سەنئەتلىك ئىپادىلەش نۇتۇق پسىخىك ساپاسىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. نۇتۇق ئىجادىيىتى ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەشنىڭ ئىپادىلىنىشى «پەردە ئارقىسى» دا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما نۇتۇق ئەمەلىيىتى جەريانىدا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇنبەرگە چىقىپ ئاڭلىغۇچىلارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەيدۇ. نۇتۇقنىڭ ئەمەلىيەت باسقۇچىدا ئىپادىلەنگىنى بۇرۇن تەييارلىۋېلىنغان نۇتۇق ئىجادىيىتىدۇر، شۇنداقلا نۇتۇق ئەمەلىيىتى ئەنە شۇ نۇتۇق ئىجادىيىتىنىڭ داۋاملىشىشىدۇر. نۇتۇق ئەمەلىيىتى نۇتۇقنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈم باسقۇچىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇ نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ يۇكسەك سەنئەتلىك ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سەنئەتلىك ئىپادىلەش نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا ئىپادىلىگەن ھېسسىياتى، ئەقلىي پىكرى قاتارلىقلارنىڭ، شۇنداقلا تىل سەنئىتىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. سەنئەتلىك ئىپادىلەش نۇتۇق سۆزلىگۈچىدىن ئۆتكۈر تەپەككۇر، چوڭقۇر تونۇش، مول ئىچكى تۇيغۇ، توغرا قاراش، تېز ئويلاش، جانلىقلىق، تەبىئىي تالانت قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق بىرلىكى ئاساسىدا قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولىدۇ. نۇتۇق جەريانىدا ئىككى تەرەپنىڭ تونۇشى قانچىكى بىردەكلىككە ئىگە بولسا، ھېسسىيات ۋە سېزىممۇ ئورتاق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، نۇتۇقنىڭ ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. بۇ مەسىلىلەر سەنئەتلىك

ئىپادىلەشتىكى پسىخىك ساپا مەسىلىسىدۇر. سەنئەتلىك ئىپادىلەش ناتىقتىن تۆۋەندىكى پسىخىك ساپالارنى تەلەپ قىلىدۇ:

(1) ناتىقتا كۈچلۈك ئىپادىلەش ئىستىكى بولۇشى كېرەك.

(2) ناتىقتا ئاڭلىغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىجادىيەتكە باشلاپ كىرىش ئىقتىدارى يېتىلىشى كېرەك.

(3) ناتىق كەيپىياتنى تەڭشەشكە ۋە ئۇنى كونترول قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك.

(4) ناتىق پسىخىك جەھەتتىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئورتاق پسىخىكىسى بىلەن بىردەكلىكىنى ھاسىل قىلالىشى كېرەك.

سەنئەتلىك ئىپادىلەش ئالدى بىلەن ناتىقنىڭ كۈچلۈك ئىپادىلەش پسىخىك ئىستىكىدىن بارلىققا كېلىدۇ، بۇنداق ئىستەك بولمىسا، سەنئەتلىك ئىپادىلەشمۇ بولمايدۇ. ئادەتتە، ھەرقانداق كىشىدە نۇتۇقنى جانلىق، سەنئەتلىك ئىپادىلەش ئىستىكى بولىدۇ، ئەمما ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەش ناھايىتى قىيىن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، نۇتۇقنىڭ سەنئەتلىك ئىپادىلىنىشىگە ئېتىبار بىلەن قارىمىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش ئىستىكىنى قانائەتلەندۇرمىگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار پسىخىك ساپا يېتىلدۈرۈشكە سەل قارايدۇ. نىھايەت، نۇتۇقنى سەنئەتلىك ئىپادىلەشكە مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. دالې كارنېگ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئويلىغانلىرىمىزنى ئىپادىلەيمىز، ئۆزىمىزنىڭ ھېس - تۇيغۇ ۋە قاراشلىرىمىزنى، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزنى ئاممىۋى سورۇنلاردا ئىپادىلەيمىز. مۇشۇ ئىپادىلەشتىن باشقىلار بىزنىڭ نۇتۇق جەھەتتىكى ئىقتىدارىمىزنى ھېس قىلالىسا، ئۇ ھالدا، بىز ئۆز ئىدىيىمىزنى نىسبەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلىگەن بولىمىز. ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ

ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ھەقىقىي تۈردە ئۆزىنى قەدەممۇ قەدەم بايقىۋالىدۇ، . . . . . . ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ ئامىل نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ساپاسىنىمۇ ئۆستۈرىدۇ، ساپانىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى كەيپىيات، پسىخىك تەربىيە ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك. دېمەك، ساپا يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ھەر ۋاقىت ئۆزىنى روھلۇق، جەڭگىۋار ھېس قىلىدۇ، نۇتۇقتىن كېيىن چەكسىز راھەتلىنىدۇ.»①

كارنېگ بۇ يەردە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ پسىخىك ساپانىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ جەھەتتە ناتىق لىنكولىننىڭ كەچۈرمىشلىرى تېخىمۇ ياخشى بىر ئۈلگىدۇر. ئۇ نۇتۇق سۆزلەش مەشىقىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغلاردا، ئۆزىنىڭ پسىخىك ساپاسىنى يېتىلدۈرۈشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ پسىخىكىسىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلغان. ئۇ ئىنتايىن قىزغىن ئىزدەنگۈچى بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن باشقىلار سۆزلىگەن، مەن چۈشەنمەيدىغان ئىبارىلەردىن بەك زېرىكىش ھېس قىلىمەن، مەن ھەرقانداق ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ئىبارىلەر چۈشىنىكسىز ئىبارىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەشتىن بۇرۇن ئاشۇ چۈشىنىكسىز ئىبارىلەرنىڭ ئازابىنى تارتىمەن، كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار بولىمەن. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ بىر خىل غالجىرلىق

① سۇسو قاتارلىقلار تۈزگەن «دالې كارنېگ ئېغىزچە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش»، جىلىن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان دەرسلىك، خەنزۇچە نەشرى، 13 - بەت.

www.uyghurkitap.com

كېسەللىكىن، يەنە كېلىپ، بۇ كېسەللىك مېنىڭ ئۇخلاپ بۇ يەردە ياتقان پسىخىك تۈيغۇلىرىمنى غىدىقلىغۇچى بولىدۇ.»[①] شۈبھىسىزكى، بۇ يەردە لىنكولىن ئۆزىنىڭ پسىخىك ساپاسىنى تەھلىل قىلىنۋاتىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىپادىلەش ئىستىكىنى بايقاۋاتىدۇ. مانا مۇشۇ كۈچ ئۇنى نۇتۇق بابىدا سەنئەتلىك ئىپادىلەشنىڭ ئۈستىنى قىلىپ، يېتىشتۈرۈپ چىققاندۇر. كۈچلۈك ئىپادىلەش ئىستىكى سەنئەتلىك ئىپادىلەش گۈلزارىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، ياخشى روھىي ھالەتمۇ نۇتۇقتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىر ناتىق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، يۈكسەك نۇتۇق ئىجادىيىتىگە كىرىشكەندە، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى سەنئەتلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، سەنئەتلىك ئىپادىلەشنىڭ ئۈنۈمى ۋە نۇتۇق ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ناتىق جەزمەن ياخشى روھىي ھالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ياخشى روھىي ھالەت تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) نۇتۇق مۇھىتىغا دەرھال ئۆزلىشىش

بىر ناتىق نۇتۇق سورۇنىغا قەدەم بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى، پسىخىك جەھەتتىن نۇتۇق مۇھىتىغا كىرىپ بولغان بولۇشى، يەنە مۇنبەرگە چىقماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نۇتقى ھەققىدە تولۇق ئىشەنچ ۋە قەتئىي مەيدان تۇرغۇزۇپ بولۇشى كېرەك. مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنى ئويلىغان ناتىق ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ئەسلىي تېمىسى بىلەن قەتئىي مۇناسىۋەتى بولمىغان خۇسۇسىي ئىش، غەيرىي دېتاللارنى نۇتۇق سورۇنىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشى

---

① سۇسو قاتارلىقلار تۈزگەن «دالې كارنېگ ئېغىزچە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش»، جىلىن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان دەرسلىك، خەنزۇچە نەشرى، 70 - بەت.

كېرەك. شۇنداق بولمىغاندا، مەنتىقسىز ئامىللار ئوتتۇق كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

(2) ياخشى كەيپىياتنى نامايان قىلىش

ناتىقتىكى پىسخىك كەيپىياتنىڭ قانداقلىقى بىر تەرەپتىن، ناتىقنىڭ ئوبرازى بىلەن سەنئەتلىك ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشقا تەسىر يەتكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېڭىدا ناتىقنا بولغان كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ھۆرمەتسىزلىك پوزىتسىيىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇق سۆزلىگۈچى ئوتتۇق سۆزلەشتىن بۇرۇن، ئۆزىدە جەزمەن ئەڭ ياخشى پىسخىك ھالەتنى ھازىرلىۋېلىشى كېرەك. ئۇ مۇنبەردە ئوتتۇق سۆزلەشكە كىرىشكەندە بولسا، ھەم دېگەندىلا ئاڭلىغۇچىلاردا تولۇق ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرۈشى زۆرۈر.

(3) دەسلەپىدىلا ئاڭلىغۇچىلار بىلەن قىسقا ئالاقە ئورنىتىۋېلىش

ناتىق مۇنبەرگە چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن نەزىرىنى ئوتتۇق سورۇنىدىكى ئاڭلىغۇچىلارغا تاشلىشى، ئۆزىنىڭ نەزەر كۆزى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشى كېرەك. مانا بۇ قىسقا ئالاقە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىسقا ئالاقىگە سەل قارىغاندا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى دەسلەپىدىلا سوغۇق سۇ سەپكەندەك تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ ئالاقە كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقىچىلا تاماملىنىپ بولىدىغان ئىنتايىن قىسقا مۇددەتلىك ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە سۆزلىگۈچىنىڭ ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھە دېگەندىلا ناتىقنىڭ تۇنجى ئوبرازى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە خۇنۇكلىشىدۇ. دېمەك، بۇ خىل قىسقا مۇددەتلىك ھېسسىيات

ئالماشتۇرۇش نۇتۇق جەريانىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھالقىلارنىڭ بىرى.

(4) ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى، نۇتۇقنىڭ ئىجادچانلىقىنى تەڭشەش

نۇتۇقنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدىكى نۇتۇق ئىجادىيىتى مۇنبەرگە چىقماستا، پسىخىك روھىي ھالەت نىسبەتەن تۇراقلىق شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەمما نۇتۇق جەريانىدا بولسا، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئىجادىيىتىنى مۇئەييەن ئاڭلىغۇچىلارغا يەتكۈزۈش، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھاياجىنىنى قوزغاش، ئالدىن كۆزلەنگەن مەقسەتكە يېتىش مۇددىئا قىلىنىدۇ. مانا بۇ، نۇتۇق ئىجادىيىتىنىڭ «ئوچۇق» شەكىلدىكى قايتا ئىجادىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئەمەلىي نۇتۇق مۇھىتىدىكى ئىجادىي ئېڭى بويىچە، ئاڭلىغۇچىلارنى نۇتۇق ئىجادىيىتى مۇھىتىغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ناتىق مۇنداق ئىككى جەھەتتىن تونۇشقا ئىگە بولۇشى كېرەك:

(1) ھەرقانداق بىر ناتىق بىلىمى قانچىلىك كەڭ بولۇشىدىن، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى قانچىلىك مول بولۇشىدىن، نۇتۇقنىڭ ئىجادىيەت باسقۇچىدىكى تەييارلىقلىرى قانچىلىك تولۇق ۋە تەپسىلىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىجادچانلىقىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىكى ھالقا دەپ قارىمىسا، توغرا خۇلاسىگە ئىگە بولالمىسا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. سەنئەتلىك ئىپادىلەشنىڭ ئۆزىلا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەقىقەتنى چۈشىنىش جەريانىدۇر. نۇتۇقنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئاكتىپچانلىقىنى مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى قىلىش لازىم. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئاكتىپچانلىقى ئىزدىنىش ئىچىدە بولىدۇ، بۇ ئىزدىنىش ئۇلارنىڭ نۇتۇققا بولغان ئىنتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇشۇ ئەھۋالنى تولۇق چۈشىنىشى كېرەك.

(2) نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنى باشتىن - ئاخىر ئۆزى سۆزلەۋاتقان نۇتۇقنىڭ ئىگىدارچىلىرى دەپ چىن كۆڭلىدىن سەممىي ئېتىراپ قىلىشى، ئۆزىنى مەن ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىمەن، دەپ بىلىشى كېرەك. ئاڭلىغۇچىلار مەلۇم ئىجتىمائىي پسىخىكىغا ئىگە بولغان ۋاقىتلىق كوللېكتىپ بولۇپ، نۇتۇققا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئوبيېكتتۇر. ئۇلار نۇتۇقنى قوبۇل قىلغۇچىلار، نۇتۇقنى بىۋاسىتە باھالىغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇلارنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، نۇتۇقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداشنىڭ دەسلەپكى كاپالىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا سەنئەتلىك ئىپادىلەشنى بىر خىل داۋاملىق ئىجادىيەت جەريانى دەپ تونۇيمىز. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى ۋە ئىنكاسى بىلەن بىرلىشىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بۇ ئىجادىي ئەمگەكنى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

نۇتۇق سۆزلىگۈچىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارزۇسى بولىدۇ. نۇتۇقشۇناسلىق نۇتۇق سۆزلىگۈچىدە شۇ ئارزۇنىڭ بولۇشى بىلەن بىللە، ئەڭ مۇھىمى نۇتۇق سۆزلىگۈچىدە جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىشەنچىسى بولۇش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ھەرقانداق بىر ئۇلۇغۋار مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئالدى بىلەن ئىشەنچ تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك. ئەگەر سىز ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي، سۆزلىمەكچى بولغان باش تېمىڭىز ئۈستىدىلا باش قاتۇرۇپ: «بۇ تېما توغرىمىدۇ - خاتامىدۇ؟ ئاڭلىغۇچىلار قىزىقارمۇ -

قىزىقماسمۇ؟» دەپ ئىككىلىنىسىز، ئۇ چاغدا نۇتۇقىڭىز، شۈبھىسىزكى، مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مۇنداق نۇتۇقنى ئەڭ ياخشىسى سۆزلىگەندىن سۆزلىمىگەن ياخشى. شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىنى ئىنكار قىلىدىغان تەسەۋۋۇردىن يىراق تۇرۇش لازىم.

نۇتۇق سۆزلەۋاتقان چاغدا، سۆز - ئىبارىلەرنى دەل جايىدا ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىك ھەققىدىلا باش قاتۇرۇش، ئىشلەتمەكچى بولغان سۆزلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەش، باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقۇش تۇيغۇلىرى ئىشەنچسىزلىك تۇپرىقىدا ئۇنۇپ چىقىدىغان شۇم بۇيلاردۇر. نۇتۇقنى سۆزلىمەي تۇرۇپلا پىكىرنى چېچىۋېتىشنىڭ ئۆزى نۇتۇق تەرتىپىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدىغان قارا كۆلەڭگۈ. شۇڭا مۇنبەرگە چىقىشتىن ئاۋۋال، نۇتۇق سۆزلىگۈچى پۈتۈن زېھنىنى يىغىشى، ئۆزىنى ئەركىنرەك تۇتۇشى كېرەك.

## § 4. نۇتۇق پىسخىك ساپاسىنىڭ مەزمۇنى

نۇتۇق پىسخىك ساپاسىنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىقى ماۋزۇلاردا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، نۇتۇقتىكى ھەقىقەت مەسىلىسىگە باغلىنىدۇ. نۇتۇقتا ھەقىقەتنى ئىزدەش نۇتۇقتىكى ئەڭ مۇھىم پىسخىك ساپا مەزمۇنىدۇر. كىشىلەرنى قايىل قىلىشنىڭ بىردىنبىر قورالى — ئىلمىي ھەقىقەت. سەپسەتە ھەرقانداق ئادەمنى بىزار قىلىدىغان قۇرۇق گەپتۇر. شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئەڭ ئاۋۋال نۇتۇق پىسخىك ساپاسىنىڭ مەزمۇنىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئىلمىي ھەقىقەت، يېڭى بىلىش ھەرقانداق ۋاقىتتا خۇددى گۈلدۈرماممىدەك كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ،



www.uyghurkitap.com

قەلبىنىڭ لەرزىگە كېلىشىدەك پىسخىك تۈيغۇ ناتىققا قارىغاندا ئاڭلىغۇچىلاردا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇ ئىنكاسنى ناتىق دەرھال توغرا سېزىشكە ماھىر بولۇشى ھەمدە ئۆزىنى مۇشۇ خىل پىسخىك تۈيغۇ مۇھىتىغا قويۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ قەلب جەھەتتە ئاڭلىغۇچىلار بىلەن تېخىمۇ زىچ رىشتە ئورنىتالايدۇ. كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، نۇتۇقنىڭ پىسخىك ساپا مەزمۇنى ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ نۇقتىدا ئەكس ئېتىشى كېرەك.

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش نۇتۇقشۇناسلارنىڭ ئورتاق خۇلاسىسى ۋە تەشەببۇسى. نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار نۇتۇقنىڭ كىشىگە مەزمۇنى مول، قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى ھۆزۈر بېغىشلايدىغانلىقىنى، بۇ ھۆزۈرنىڭ ئالدى بىلەن ھەقىقەتتىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، نۇتۇقنىڭ قىممىتى ھەقىقەتنىڭ ۋەزنى بىلەن ئۆلچىنىشى كېرەك. نۇتۇق پىسخىك ساپاسىنىڭ مەزمۇنىمۇ ھەقىقەتنىڭ قانچىلىك سەنئەتلىك تۈستە ئىپادە قىلىنغانلىقىغا باغلىقتۇر. دەبدەبە بىلەن سۆزلەنگەن ھەرقانداق سەپسەتە كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالالمايدۇ. ئەكسىچە، سەنئەتلىك تۈسى ئانچە قويۇق بولمىغان ھەقىقەتمۇ قەلب تارىنى بەلگىلىك تىترىتىشكە سەۋەب بولىدۇ.

نۇتۇق مەزمۇنىغا تەئەللۇق بولغان بارلىق ئامىللار نۇتۇقنىڭ پىسخىك ساپا مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ھەقىقەتكە بولغان تونۇشنىڭ چوڭقۇرلۇقى كىشىدە يۇقىرى پىسخىك ساپانى يېتىلدۈرىدۇ. كىشىدىكى پىسخىك خاراكتېرنىڭ تۇراقسىزلىقى ئەمەلىيەتتە، ھەقىقەتنى تونۇشنىڭ چوڭقۇر بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭا ئۇزۇن مەزگىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئومۇمىي پىسخىكىسى

نىسبەتەن تۇراقلىق بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، نۇتۇق پسىخىك ساپاسىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ھەقىقەتنىڭ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق يورۇتۇلۇشىغا باغلىق.

## § 5. نۇتۇق پسىخىك ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش

1. نۇتۇق پسىخىك ساپاسىنىڭ يېتىلىشى بىر قەدەر ئۇزۇن ۋاقىتنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز نۇتۇق پسىخىك ساپاسىنىڭ نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇق ئوبيېكتىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ شەكىللەندۈرگەن بىر قەدەر تۇراقلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە مۇشۇ جەرياندا كېلىپ چىققان بىر قەدەر مۇقىم پسىخىك ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندۇق. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، پسىخىك ساپا مەلۇم نۇقتىدىن تۇغما تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ، لېكىن، ئۇ ئاساسلىقى يەنىلا ئۇزۇن مەزگىل جاپالىق مەشىق قىلىش ۋە ئۆزىنى تەربىيىلەش بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بولۇپمۇ، ياخشى پسىخىك ساپانىڭ شەكىللىنىشى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. بۇ نۇقتا قەدىمدىن ھازىرغا كەلگىچە مەشھۇر ناتىقلارنىڭ يېتىلىشىدىكى كەچۈرمىشلىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان. نۇتۇق پسىخىك ساپاسىنىڭ يېتىلدۈرۈلۈشى ۋە مەشىق مەزمۇنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پسىخىكىسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. نۇتۇقنىڭ ئۆزى ھەقىقەتنى نامايان قىلىش ۋە ئۇنى ئىزدەشتۇر، شۇنداقلا ئۇ يەنە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىشتۇر. ھەقىقەت نۇتۇق مەزمۇنىنىڭ يادروسى بىلەن ئۇنىڭ جەۋھىرىدە مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇ، نۇتۇقنىڭ مەقسىتىنى، يېتىدىغان مۇددىئاسىنى نامايان قىلىدىغان،

ئاڭلىغۇچىلارنى قايىل قىلىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەتتۇر. ئوتتۇق پاك، سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن ھەقىقەت گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ، كىشىلەردە ھەقىقانىي ھېس - تۇيغۇ ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بېرىش روھىنى ئويغىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇق سۆزلىگۈچى ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ پىسخىك ساپانى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

(2) ئىجادچانلىق پىسخىكىسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ھەقىقەت ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا نامايان بولىدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقەتنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە بايان قىلىش بولسا بىر خىل ئىجادىيەتتۇر. بۇ خىل ئىجادىيەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ يەنە يېڭى چوڭقۇرلۇققا شۇڭغۇپ، ئىلمىيلىك ۋە سەنئەتچانلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئاڭلىغۇچىلارنى قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس مۆھۈر بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ناتىق ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىق پىسخىكىسىنى يېتىلدۈرۈشى زۆرۈر.

(3) ناتىق جەزمەن سەنئەتلىك ئىپادىلەش ماھارىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئوتتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ قەلبىدە ئاڭلىغۇچىلاردىن ئىبارەت ئوبيېكت باشتىن - ئاخىر مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشى، ئوتتۇق سۆزلىگۈچى ئۇلارنى ئويلىشى، ئۇلارنى كۆزدە تۇتۇشى، ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى لازىم. ئاڭلىغۇچىلار بىلەن سۆزلىگۈچىنىڭ ئىجادچانلىق رولى بىرلەشكەندىلا، سەنئەتلىك ئىپادىلەشنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يول ئاچقان بولىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ خىل پىسخىك ساپا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېتىلمەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئىجتىھات قىلىش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب ئاغزاكى ئىپادىلەش — تىل ماھارىتى مەشقى

بۇ بابتا ئاۋازلىق تىلنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈش رولى، ئاڭلىغۇچىلارنى قايىل قىلىش ئىقتىدارى، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇنىڭ تەپەككۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۆلچەملىك تەلەپپۇز نورمىسى، تىلنىڭ ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلار نۇقتىلىق شەرھلىنىدۇ.

## § 1. ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

نۇتۇق ئاممىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ پىكىر ۋە كۆزقاراشنى بايان قىلىدىغان تىل پائالىيىتىدۇر. شۇڭا، ئاۋازلىق تىل كەم بولسا بولمايدىغان ۋاسىتە. نۇتۇق پائالىيىتىدە نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاۋازلىق تىل بىلەن بايان قىلىدۇ، ئاڭلىغۇچىلار ئەنە شۇ ئاۋازلىق تىلدىن پايدىلىنىپ، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئىدىيىسى ۋە كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلىدۇ. تىل تاۋۇشىنىڭ قانداق بولۇشى بىر ئادەمنىڭ قانداق كىيىنگىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاڭلىغۇچىلارغا ئەڭ ئاۋۋال تەسىر قىلىدىغان نەرسە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئاۋازى،

تەلەپپۇزى قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئامىللارنىڭ سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تۇنجى قەدەمدە قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقىغا باغلىق بولۇپ، نۇتۇقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئاۋازى ياڭراق، تەسىرلىك، تەلەپپۇزى ئېنىق، ئۇرغۇلۇق بولسا، ئۇنىڭدىن ئاڭلىغۇچىلارغا بىر خىل گۈزەل سېزىم تۇيغۇسى نېسىپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، نۇتۇقنىڭ مەزمۇنى قانچە ياخشى بولغىنى بىلەن، ئۇنۇمى ياخشى بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر چىقىراق، بوغۇق، يېقىمسىز ئاۋازدا سۆزلەيدۇ. بەزى ئەرلەرنىڭ ئاۋازى ئايال كىشىلەرنىڭ ئاۋازىدەك ئىنچىكە چىقىدۇ. بەزى ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەرلەرنىڭكىدىنمۇ قوپال ئاڭلىنىدۇ. بۇنداق ئاۋازلار ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىدە بىر خىل يېقىمسىزلىق پەيدا قىلىپ، نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىغا بولغان قىزىقىشىنى سۇسلاشتۇرىدۇ.

نۇتۇقتىكى ئاۋازلىق تىل ھەرگىزمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بىز ھەمىشە ئىشلىتىپ يۈرگەن تەبىئىي تىل ئەمەس. نۇتۇق جامائەتنىڭ ئالدىدا سۆزلىنىدىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ئادەتتىكى پاراڭلىشىشلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ياڭراق، تېخىمۇ جەڭگىۋار، تېخىمۇ ئېنىق ۋە تېخىمۇ ئۇرغۇلۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۇتۇقنىڭ ئۆزى بىرخىل جەڭگىۋار چاقىرىق بولغاچقا، نۇتۇق سۆزلىگۈچىدىن تىلنى تېخىمۇ ھېسسىياتلىق ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، نۇتۇقتىكى ئاۋازلىق تىل پىششىقلاشتىن ئۆتكەن تىل بولۇپ، ئادەتتىكى تەبىئىي تۇرمۇش دىئالوگلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. نۇتۇقنىڭ تىلى سەھنە تىلى بولغاچقا، ياڭراق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەمما، ئۇنىڭ تىلى ئەدەبىيات - سەنئەت تۇسىغا ئىگە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

درامىدىكى سەھنە تىلىدىن يەنە روشەن پەرق قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز نۇتۇقتىكى ئاۋازلىق تىل ماھارىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز، نۇتۇقنىڭ ئاۋازلىق تىلى بىلەن ئادەتتىكى ئېغىز تىلىمىزنىڭ ھەمدە سەنئەت نومۇرلىرىدىكى ئاۋازلىق تىلنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

1. نۇتۇقتىكى ئاۋازلىق تىلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

(1) ئاۋاز ياڭراق، يېقىملىق، جەزبدار بولۇش

يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىغۇچىلارغا ھوزۇر بېغىشلايدۇ، يېقىمسىز ئاۋاز ھەممىدىن بۇرۇن ئاڭلىغۇچىلارنى بىزار قىلىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئاۋازىنىڭ قانداق بولۇشى نۇتۇقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مەغلۇبىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، نۇتۇق بىرخىل سەنئەت بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىگە يېقىملىق، تەبىئىي تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ نۇقتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم نەرسىلەرنىڭ بىرى. نۇتۇقنىڭ تىلى ۋە ئاۋازى پىششىقلانغان بولىسىمۇ، ئەمما، سەنئەتلىك مۇبالىغە (بەدىئىي مۇبالىغە) دىن يىراق بولۇشى كېرەك.

(2) سۆز ئېنىق، ئۇرغۇلۇق، راۋان بولۇش

نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن كىتاب ئوقۇغۇچى ئوخشىمايدۇ، كىتاب ئوقۇغۇچى كىتابنى قايتىلاپ ئوقۇسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، نۇتۇقنى قايتىلىغىلى بولمايدۇ. ئاڭلىغۇچى ناتىقنىڭ بىر جۈملىسىنى قايتا ئاڭلاشنى ئويلىسىمۇ، ئۇ شۇ نۇتۇق مۇھىتىدا تەكرارلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتۇقنى چۈشىنىشلىك، ئاممىباب، ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان، ئېنىق، راۋان تىلدا ئۇرغۇلۇق بايان قىلىشى كېرەك. نۇتۇقنىڭ ئاۋازلىق

تىلىدا كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى تۈز نۇتۇق تەرتىپى، قىسقارتىلغان جۈملىلەر ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ، شۇنىڭدەك كۆپ ئادەم چۈشىنەلمەيدىغان يەرلىك شىۋىلەر مۇمكىنقەدەر ئىشلىتىلمەيدۇ شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئاممىباب، ئېنىق، ئوبرازلىق، جانلىق تىل سوستاۋىغا باي بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

(3) رىتىم ئېنىق، جۈملە راۋان، جۈملىدىكى ئاھاڭنىڭ ئېگىز - پەسلىكى ۋە ھېسسىيات تۈسى ئېنىق بولۇش

نۇتۇقتىكى ئاۋازلىق تىلنىڭ رىتىمى، ئېغىر - يېنىكلىكى تىل بايان قىلىۋاتقان مەزمۇن بىلەن تەبىئىي رەۋىشتە بىرلىشىدۇ. ناتىقنىڭ ھېسسىيات ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، نۇتۇق گاھىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ، گاھىدا پەسىيىدۇ، ئەمما نۇتۇقتىكى بۇ خىل رىتىم تەبىئىي بولۇشى كېرەك.

(4) ھېسسىيات چىن، سەمىمىي، كىشى قەلبىگە تەسىر قىلالايدىغان بولۇش

نۇتۇقنىڭ ئاۋازلىق تىلى ھېسسىياتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. مەيلى خۇشاللىق ياكى قايغۇ بولسۇن، مەيلى نەپرەت ياكى مۇھەببەت بولسۇن، ناتىق پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يەنە شۇ ھېسسىيات مۇھىتىغا كىرەلىگەندىلا، نۇتۇق تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، قايغۇلۇق نۇتۇقنى ھىجىيىپ تۇرۇپ سۆزلىگىلى بولمايدۇ. شادلىق ھېسسىياتى ئەكس ئېتىپ تۇرغان مەزمۇننى جىددىي، قايغۇلۇق قىياپەتتە تۇرۇپ سۆزلىگىلى بولمايدۇ. نەپرەتنى مۇھەببەتلىك تۈستە، مۇھەببەتنى نەپرەتلىك تۈيغۇدا بايان قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بايان قىلغۇچىلار بولسا، ئۇ، جەزمەن مەنىۋى مېيىپتۇر.

2. نۇتۇقنىڭ ئاۋازلىق تىلى بىلەن ئاغزاكى تىل ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تىلىنىڭ پەرقى

نۇتۇقنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن باشقا ئاۋازلىق تىللاردىكى تەلەپپۇزنىڭ پەرقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، نۇتۇقشۇناسلىقتا بىرمۇنچە ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئىشلەنگەن. ئۇرغۇنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى نۇقتىسىدىن تەكشۈرگەندە ۋە رىتىم نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، نۇتۇق تىلى بىلەن دېكلاماتسىيە ئۇرغۇلىرى ئوتتۇرىسىدا نىسبەتەن يېقىنلىق بولغان. نۇتۇقتىكى بەزى جۈملىلەر ھەتتا شېئىرىي مىسرالارنى دېكلاماتسىيە قىلغاندەك ئۇرغۇلۇق، رىتىملىك چىققان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، نۇتۇق تىلى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت تىلىنىڭ مەلۇم ئورتاقلىقلىرى بار. ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى نەسر ۋە نەسرىي شېئىر ژانىرلىرى ئاجايىپ جانلىق نۇتۇق تېكىستلىرىگە ئوخشايدۇ. ئەمما، بۇلار ئوتتۇرىسىدا يەنە پەرق بار. نەسر ۋە نەسرىي شېئىردا لىرىك ئوبراز، ھېكمەت سۆزلىنىدۇ، ئەمما نۇتۇق تىلىدا بۇنداق بەدىئىي ئەدەبىيات ھادىسىسى پەقەتلا كۆرۈلمەيدۇ. ئەمدى نۇتۇق تىلى بىلەن ئاغزاكى تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنى يۇقىرىدىمۇ قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئاغزاكى تىلدا ۋە جانلىق تۇرمۇشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەردە ئاساسەن سەنئەتلىك پۇراق بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇرغۇ، رىتىم تەرتىپلىرىمۇ ئادەتتىكى ئاغزاكى تىلنىڭ مۇھىم شەرتلىرى ئەمەس. ئاغزاكى تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئادەت سۆزلىرى ۋە مەۋھۇم ئۇقۇملار نۇتۇق تىلىدا بىردەك چەتكە قېقىلىدۇ.

## § 2. ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارى

تىل بىلەن تەپەككۇر ناھايىتى زىچ بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ،

تىــل تــەپــەككۇرنىڭ قانىتىدۇر. ئەگەر تەپەككۇرنى ماشىنىغا تەققاسلىساق (ئوخشاتساق)، تىل ماشىنىنىڭ ماتورىدۇر. ئادەم قــايسى تىلدا سۆزلىسە، ئۇنىڭ تەپەككۇرى شۇ تىل مۇھىتىدا بــولــىدۇ، تــىــلدىن ئايرىلغان تەپەككۇرنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بــولــمــايدۇ. تــەپــەكــكۇر قابىلىيىتى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بولسا، يۇقىرىقى پىكىر بويىچە ئېيتقاندا، تىل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئادەملەر توپىدا تەپەككۇر يوقمىدى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. راست، تىل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى كىشىلەر توپىدا تەپەككۇر ئــەمــەس، بــەلــكــى بــاشــلانــغۇچ ئاڭنىڭ ھېسسىي تۇيغۇلىرىلا بولغانىدى. بۇنى سوتسىئولوگلار ئاللىبۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان. ئۆزىمىزنىڭ تېمىسىغا قايتساق، ھەرقانداق بىر ناتىق نــۇتۇق سـۆزلــىــگــەندە، نۇتۇقتا كۈچلۈك قاراتمىلىقنى ئەكس ئــەتــتۇرىدۇ، بۇ قاراتمىلىق ئادەمنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىدىن ئادىــلا ئــايــرىلمايدۇ. ناتىقتىكى تەپەككۇر ئىنتايىن جانلىق ۋە چــوڭــقۇر بولىدۇ، بۇ تەپەككۇر نۇتۇقتا ئەكس ئەتتۈرۈلمەكچى بولغان ئەسلىي پىكىر دائىرىسىدە توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنى تۆۋەندىكى سخېما بويىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:




نــاتــىــق ســەزگــۈر تــەپــەككۇر، ئۆتكۈر تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىنى ئۇزلۇكسىز بېيىتىپ، ئــۇنــى ئــۆز تەرتىپى بويىچە بايان قىلىشنىڭ مەنىۋى قورالىغا

ئايلاندۇرالايدۇ. نۇتۇقنى ئاغزاكى ئىپادىلەش بىلەن تەپەككۇر
ئوتتۇرىسىدا تولىمۇ زىچ باغلىنىش بار، ئۇلار ئۆزئارا بىر -
بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. تەپەككۇر
قانچە ئۆتكۈرلەشسە، ئاغزاكى ئىپادىلەش شۇنچە جانلىق كەيپىياتقا
كىرىدۇ. كىشى ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا قانچە باي بولسا،
تەپەككۇر شۇنچە جانلىقلىشىدۇ. لىرىك تەسەۋۋۇر ئۇچۇن
ئىزدەنگۈچىلەر، بولۇپمۇ شائىرلار خەلقنىڭ جانلىق تىلىنى كۆپ
ئۆگىنىدۇ، كۆپلىگەن قوشاقلارنى يادقا ئالىدۇ، رىۋايەت،
جەڭنامىلەرنى بىلىشنى خالايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟
شۇبھىسىزكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇرىنى ئەركىن پەرۋاز
قىلغۇزۇشنىڭ بوشلۇقىنى ئىزدەيدۇ. ئاغزاكى ئىپادىلەش
ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ناتىقلار ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەربىر
ئوقۇتقۇچى ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى،
ئوقۇتقۇچىمۇ ماھىيەتتە بىر نۇتۇق سۆزلىگۈچىدۇر.
ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى
مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنىڭ مۇھىم
مەزمۇنلىرىدىن بىرى، كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولغان
تىل ئاغزاكى تىل ۋە كىتابىي تىل (يازما تىل) دەپ ئىككىگە
بۆلۈنىدۇ. نۇتۇقتىكى ئاغزاكى ئىپادىلەش ماھىيەتتە نۇتۇق تىلىنى
كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئاغزاكى تىلغا مەنسۇپتۇر. بىزگە مەلۇمكى،
ماقالىنى بىر كىشى كۈندە يازمىسىمۇ بولىدۇ، كىتابنى بىر كىشى
كۈندە ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. بىراق گەپنى كۈندە قىلماي ۋە
ئاڭلىماي مۇمكىن ئەمەس. بىر مەھبۇس قاراڭغۇ كامېردا يېگانە
ياتقان تەقدىردىمۇ ئۆزىگە - ئۆزى گەپ قىلىشنىڭ سەۋەبى مانا
مۇشۇ يەردە بولۇپ، ئۇنىڭ تەپەككۇرى كامېر دېرىزىسىنىڭ تۆمۈر
رېشاتكىلىرىدىن ئاللىبۇرۇن قاڭقىپ تىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ،

شۇڭا كىتابىي تىلغا قارىغاندا ئاغزاكى تىل بىۋاسىتە ۋە كەڭ رول ئوينايدۇ. بىزگە مەلۇمكى، ھازىرقى زامان تەرەققىياتىدا سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش بارغانسېرى تەكىتلىنىدىغان بولدى. جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋاقىتنىڭ قەدرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرمەكتە. ئامېرىكا، ياپونىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە مېھمان كۈتۈش، ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش ئىشخانىلىرىنىڭ ئىشىكىگە «سۆھبەت بەش مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىڭ!» دېگەن سۆزلەر يېزىلىدۇ. بۇ ئالدى بىلەن كىشىلەر ئۆزئارا پاراڭلاشقاندىمۇ ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلىشى كېرەك، دېگەننى ئۇقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى ئېنىق، مەزمۇنى ئوچۇق، يىغىنچاق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشنى تەكىتلەيدۇ. ھازىر دۇنيا مىقياسىدا ئۈچۈر تېخنىكىسى ۋە باشقا پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئارىلىقنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. زامانىمىز كىشىلىرى ئاسماندا، باشقا پىلانېتلاردا، سۇدا، ھەتتا يەرنىڭ تېگىدە ئۆزئارا سۆزلىشەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. شۇڭا، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈنمۇ ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش زۆرۈر.

ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ۋە يازما نۇتۇق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. تىل تەپەككۇرنى قوزغاتقۇچىدۇر. بىز ئوخشاش بولمىغان نۇتۇق مۇھىتىدا ئوبيېكتلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن دائىرىسىدە سۆز قىلىمىز، بۇ بىزنىڭ ھەر جەھەتتىكى تەپەككۇرىمىزنى قوزغايدۇ. بىز ھەرقانداق بىر نەرسىنى يازغاندا، ئالدى بىلەن ئويلىنىۋالىمىز، نېگىزىدىن ئالغاندا، تىل ۋاسىتىسى بىلەن

تەپەككۇر قىلىنىۋالمىز، ئاندىن ئۇ قەغەز يۈزىگە چۈشىدۇ. ئەگەر تەپەككۇرى سەگەك ۋە جانلىق ئادەم بولسا، ئۇنى يازمىسىمۇ شۇنچە چاققان ۋە راۋان چىقىدۇ. دېمەك، بۇمۇ تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ ئايرىلماس گەۋدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاغزاكى ئىپادىلەش جەريانى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان پسىخولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ھەرىكەت جەريانىدۇر. ئالدى بىلەن، نۇتۇق سۆزلىگۈچى بۇ خىل ئىپادىلەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىچكى تىلى (تەپەككۇرى) نى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر ئارقىلىق ئاۋازلىق تىلنى تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئادەم ئېغىز تىلى بىلەن مەلۇم تەپەككۇرنى ياكى پىكىرنى ئىپادىلىگەندە، تەپەككۇر ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن ئۈستىگە مەركەزلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە تۆۋەندىكى ئاساسىي ئامىللارغا ئېتىبار بېرىش كېرەك: (1) تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش. مەيلى ئاغزاكى ئىپادىلەش ياكى يازما ئىپادىلەش بولسۇن، ھەرقانداقى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدۇ. بىراق شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاغزاكى ئىپادىلەش جەريانىدا تەپەككۇرنىڭ تېز، كەڭ دائىرىدە بولۇشى، پائالىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولۇشى، لوگىكىلىقى يېتەرلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇبادا، ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى بىر زاۋۇتقا تەققاسلىساق، كۆرۈش سېزىمى، ئاڭلاش سېزىمى قاتارلىق ۋاسىتىلەر كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان خام ئەشيانى دەرھال ۋە ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە مۇشۇ زاۋۇتقا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇددى توك ئېقىمىدەك تېز سۈرئەت بىلەن خام ماتېرىيال تەھلىل قىلىنىدۇ، ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ،

يىغىنچاقلىنىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرى خۇلاسىلىنىدۇ، ئاندىن ئاۋاز چىقىرىش ئورگانىزمىنىڭ ياردىمىدە ئاۋازلىق تىل مەھسۇلاتى بارلىققا كېلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سۆزلەش ياكى ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش جەزمەن تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. (2) سۆزلەشتىن ئىلگىرى ئاغزاكى ئىپادىلەشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ياردەمچى سۆيىتىدە ئىپادىلەش تېزىسى تۈزۈۋېلىش ئاقىلانىلىقتۇر. بۇ جەريان ئەمەلىيەتتە تەپەككۇرنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدۇر، كىشىلەرنىڭ ئىچكى تىلى ئەمەلىيەتتە يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچاملانغان تىلدۇر. تېزىس يېزىش جەريانى دەل مەزكۇر ئىچكى تىلنى تېپىپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ، بۇ سۆزلەپ كېتىۋېتىپ ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىخچام تېزىس تەييارلىۋېلىش تەرتىپلىك بايان ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ناتىق سۆزلەپ كېتىۋېتىپ، تېزىستىكى بىرەر سۆز ياكى بىرەر جۈملىگە كۆز تاشلايدۇ - دە، دەرھال تەرتىپلىك بايانىنىڭ ئەسلىي سىستېمىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. تېزىس تۈزگەندە ئاساسىي مەزمۇندا كېرەك بولىدىغان خاس سۆزلەرنى ۋە بۇ سۆزلەرنىڭ تولۇق مەنىسىنى خاتىرىلىۋېلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئېغىز تەرجىمىسىدىمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشتىن ئاۋۋال ئەسلىي پىكىرنىڭ ئاچقۇچىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. (3) ئاغزاكى ئىپادىلەشتە كېڭەيتىپ سۆزلەش مەشقى ئېلىپ بېرىش. بۇ بىرەر ماھىيەتلىك مەسىلىنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە تەھلىل قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئۇندىن باشقا، يەنە مەلۇم ئىلمىي ماقالىنى ۋە تەپەككۇرنى ئۇرغۇتىدىغان تېكىستلەرنى ئوقۇغاندىن

كېيىن، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي مەزمۇننى ئاغزاكى، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلەش مەشىقى ئېلىپ بېرىش كېرەك. (4) تىلنىڭ ئاھاڭدارلىقى ۋە تاۋۇش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، پىكىر مەزمۇنىنى ھېسسىياتلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش. بۇ مەسىلە يۇقىرىدا بىز دەپ ئۆتكەن نوتۇقنىڭ پىسخىك ساپا مەسىلىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. كۆڭۈلدىكى گەپنى ئېغىزدىن چىقارماسلىق ياكى ئاساسىي پىكىرنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىك بىر خىل ئازاب. تېخىمۇ مۇھىمى دەل جايىدا ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىك ئازابتۇر. بۇ نۇقتىدا ھېسسىيات بەك مۇھىم رول ئوينايدۇ. «ئوخشاش بىر جۈملە سۆزنىڭ ھېسسىياتتىكى ئىچكى تەرتىپ تۇپەيلىدىن، سۆز ئورۇنلىرىدا سەل - پەللا ئۆزگىرىش بولىدىغان بولسا، تىلنىڭ مەنە ئىپادىلەش ئۈنۈمىدە ناھايىتى زور پەرق شەكىللىنىدۇ.»① مەسىلەن، «سەن نەدە ئوقۇغان؟» دېگەن جۈملە بىلەن «سەن قەيەرلەردە ئوقۇغان بولغىيتتىڭ؟» دېگەن جۈملە ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور مەنە پەرقى بار. بۇنى بىز ئادەتتە سۆز ئورامىنىڭ ئوخشىماسلىقى دەپمۇ ئاتايمىز، بۇ پەرقنى دەل ھېسسىيات كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاغزاكى ئىپادىلەشتە ھېسسىياتنىڭ رولىغىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. نوتۇقشۇناسلىقتا نوتۇقنىڭ مەزمۇنىنى ئاغزاكى ئىپادىلەش مەسىلىسى ئەڭ مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

نوتۇقنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتە، نوتۇقشۇناسلىق ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق ئىككى خىل يولنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ

① لۇشىن: «مۇئامىلە سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 67 - بەت.

بىرى، ئاغزاكى ئىپادىلەش ماھارىتى ياكى تىل بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى؛ يەنە بىرى، ھېسسىيات ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر. تىل بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىرقانچە نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) بايان قىلىش

بايان قىلىش دېگىنىمىز، ئاساسىي پىكىرنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ۋەقەلىكلەر ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ جەريانىنى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش سەۋەبىنى ئاغزاكى، جانلىق، تەرتىپلىك، ئوبرازلىق ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىپادىلەش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇدۇل بايان ياكى تۈز سىزىقلىق بايان، تەتۈر بايان، قىستۇرما بايان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل بايان شەكىللىرى شەكىل جەھەتتىن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ پروزا ژانىرىدىكى بايان تۈرلىرىگە ئوخشايدۇ. بايان نۇتۇق تىلىنىڭ ئاساسى.

(2) مۇھاكىمە قىلىش

مۇھاكىمە قىلىش دېگىنىمىز، ناتىق سۆزلىمەكچى بولغان ئاساسىي پىكىرنىڭ ھەقىقەتلىكى دائىرىسىدە ھەق ـ ناھەق، ئىجابىي ۋە سەلبىي تۇسلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەپەككۇر جەريانىدۇر. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئەمەلىي ماتېرىيال، كىشىنى قايىل قىلىدىغان دېتاللار بىلەن لوگىكىلىق ئەقلىي يەكۈن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى شەرھلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەيدانى ئاشكارىلىنىدۇ. مۇھاكىمە قىلىش ياكى تەھلىل قىلىش سۆزلىگۈچىنىڭ كۆز قارىشى، نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى ۋە دەلىل ئىسپاتلاردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ، مۇشۇ ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا

www.uyghurkitap.com



نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆز مەيدانىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىسپاتلاپ، ئەڭ ئاخىرقى ئەقلىي خۇلاسىگە ئېرىشىدۇ. بۇ جەرياندا رەددىيە بېرىش، تەتقىق قىلىش، رەت قىلىشلارمۇ بولىدۇ. ئەمما شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى يېتەرلىك ئىلمىي پاكىت، نەزەرىيىۋى يۇكسەكلىك ئاساسىغا قويۇلغان بولىدۇ.

(3) چۈشەندۈرۈش

چۈشەندۈرۈش شەيئىلەرنىڭ ھالىتى، شەكىللىنىش سەۋەبى، قاراشلارنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى دەل، ئېنىق، توغرا تىل بىلەن روشەن بايان قىلىشقا قارىتىلغان. چۈشەندۈرۈشتە مۇنداق بىرنەچچە خىل ئۇسۇل بولىدۇ: بىرىنچى، تەبىر بېرىش ئۇسۇلى. ناتىقلار كۆپىنچە مەلۇم ھۆكۈم، شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە تەبىر بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ، بۇ تەبىر شەيئى ۋە پىكىرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە كېلىپ ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئاممىباب چۈشەنچىسىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىز ئەخلاق ئۇستىدە توختالغىنىمىزدا، ئەخلاقنىڭ ئەرەب تىلى لېكسىكىسىدىكى «خۇلق» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىدىن كەلگەن ئاتالغۇ ئىكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت قائىدىلىرى ۋە مىزانلىرىنىڭ يىغىندىسى ئىكەنلىكىنى تەبىرلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل تەرتىپلىك چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئىپادىلەشنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپىگە قارىتىلغان. تەرتىپ بويىچە بايان قىلغاندا، سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ باش ـ ئاخىرى ئېنىق بولىدۇ،

بۇ ئاڭلىغۇچىلارنى روشەن تەسىراتقا ئىگە قىلالايدۇ؛ ئۈچىنچى، تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى. نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پىكىر ياكى رېئال شەيئىلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ، ئۆز تۈرلىرى بويىچە بىر - بىرلەپ ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈش نۇتۇقنى تەرتىپلىك، رىتىملىق قىلىپ، مەقسەتنى ئوچۇق ئۇقتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

(4) تەسۋىرلەش

تەسۋىرلەش دېگىنىمىز، مەلۇم شەيئىنىڭ ھالىتى، ھەرىكىتى ۋە بەلگىلىرىنى جانلىق، ئېنىق، ئوبرازلىق تىل سەنئىتى ئارقىلىق كونكرېت سۈرەتلەپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ نۇتۇق تىلىنىڭ پاساھىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، تەسۋىرلەشتە پىسخىك ئالاھىدىلىك ۋە روھىي ھالەتلەرنى تەسۋىرلەشمۇ بولىدۇ. ئاغزاكى تىل بىلەن تەسۋىرلەشتە ئاۋازسىز تىل كۆپ ھاللاردا ياردەمچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىۋالىدۇ.

(5) لىرىكىلىق بايان

لىرىكىلىق بايان ئەڭ ئاۋۋال ھېسسىيات بىلەن باغلىنىدۇ، لىرىك تۇيغۇ كىشى ھېسسىياتىنىڭ بەلگىسىدۇر، ھېسسىياتسىز ۋە ئىلھامسىز لىرىكىنىڭ زېمىنىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا لىرىكىلىق بايان ھېسسىياتنى لىرىك تۈستە ئىزھار قىلىش دېمەكتۇر. ھەرقانداق بىر ناتىق ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئىپادىلەشتە شۇ قاراشقا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى، خۇشاللىق ۋە قايغۇسىنى مەلۇم دەرىجىدە سىڭدۈرگەن بولىدۇ، مانا مۇشۇ ھېسسىياتنى ئىپادىلەش تەبىئىي ھالدا قويۇق لىرىك تۈسكە ئىگە بولىدۇ. لىرىكىلىق باياندا سۇبيېكتىپ ھېسسىيات تۈسى ناھايىتى قويۇق بولىدۇ، لىرىكىلىق بايان يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بىۋاسىتە لىرىكىلىق بايان ۋە ۋاسىتىلىك

لىرىكىلىق بايانلارغا بۆلۈنىدۇ. بىۋاستە لىرىكىلىق بايانىدا سۆزلىگۈچىنىڭ ھېسسىياتى بىۋاستە، ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ۋاستىلىك لىرىكىلىق باياندا بولسا، ھېسسىيات باشقا ئىپادىلەش شەكىللىرى بىلەن بىر بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بۇنى ھېس قىلىشى ئاستا - ئاستا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

دېمەك، نۇتۇقتىكى ئاغزاكى ئىپادىلەش ئامىللىرىنىڭ ھەر بىر ھالقىسى نۇتۇق ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتلىرى بولۇپ، بۇ ھالقىلارغا سەل قارالسا، ئاغزاكى بايان قىلىنىش ئىقتىدارىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ.

## § 3 . ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل نورمىسى ۋە شېۋە مەسىلىسى

ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل نورمىسى دېگىنىمىز، بىر مىللەتنىڭ ھەرقايسى شېۋىلىرىگە تەۋە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئورتاق چۈشىنەلەيدىغان، ھەممىسىگە يېقىملىق بىلىنىدىغان، شۇ مىللەتنىڭ مەتبۇئات، نەشرىيات، تەلىم - تەربىيە، تەشۋىقات ئىشلىرىدا، رادىئو - تېلېۋىزىيە ساھەسىدە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان تىل بولۇپ، ئۇ بىر مىللەت تىلىدىكى ھەرقايسى شېۋىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ.

شېۋىلەر بىر مىللەتكە ئورتاق بولغان مىللىي تىلنىڭ، يەنى ئۆلچەملىك مىللىي ئەدەبىي تىلنىڭ ئۆلىدۇر. مىللىي تىللار بىرقانچە شېۋىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا بىر - بىرىگە تەسىر



www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ، ئۆزئارا ئايرىمىلىقلارنى ئازايتىپ، ئورتاقلىقنى كۆپەيتىپ، بىر - بىرىگە يېقىنلىشىش ئارقىسىدا، ئۇلاردىن مەلۇم بىر شېۋىنى ئاساس قىلغان ھالدا شەكىللىنىدۇ. تىلشۇناسلىقتا بولسا، ئاساس قىلىنغان بۇنداق شېۋە ياكى دىئالېكت «يېتەكچى شېۋە» ياكى «يېتەكچى دىئالېكت» دېيىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىئالېكت، خوتەن دىئالېكتى، لوپنۇر دىئالېكتى قاتارلىق ئۈچ دىئالېكتتىن تەشكىل تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى يېتەكچى دىئالېكت ئۈرۈمچى، ئىلى، قۇمۇل، تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ شېۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈرۈمچى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەچكە، ئۈرۈمچىدە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇزى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېتەكچى تەلەپپۇزى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل نورمىسى مانا شۇ يېتەكچى تەلەپپۇز ئاساسىدا بېكىتىلدى.

نۇتۇقتا ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل نورمىسى ئاساس قىلىنىدۇ. چۈنكى نۇتۇقنى ئاڭلىغۇچى ئوبيېكت ئىچىدە ھەر خىل شېۋە دائىرىسىگە تەۋە كىشىلەر بولىدۇ. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندىمۇ تەلىم - تەربىيە، نەشرىياتچىلىق ۋە ئاخبارات ئىشلىرى ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل نورمىسى بويىچە ئاتقۇرۇلىدۇ، شۇڭا نۇتۇقتا ئىزچىل ئۆلچەملىك تىل ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنىدۇ. ئادەتتە، تەلىم - تەربىيە، تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر ئوقۇتقۇچىنىمۇ پېداگوگىكا قائىدىسى بويىچە ئورتاق ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلدا سۆزلەش شەرتى قويۇلىدۇ. مۇبادا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتقىدا شېۋە ۋە دىئالېكت ئامىللىرىنى قوللانسا، نۇتۇقنىڭ پاساھىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ئەگەر نۇتۇق

سۆزلىگۈچى مەلۇم بىر يۇرتلۇق بولۇپ، شۇ يۇرتنىڭ شېۋىسىدە نۇتۇق سۆزلىسە، ئۇ ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدىكى شۇ يۇرتلۇقلارغا ئانچە غەيرىي بىلىنمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما باشقىلارغا بۇ نۇتۇقنىڭ يېقىملىق ئاڭلىنىشى ناتايىن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شېۋىلىرىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان شېۋە ۋە دىئالېكت پەرقلىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ دىئالېكت پەرقلىرىدەك زور ئەمەس. بەزى مىللەتلەردە شېۋە پەرقى شۇنچىلىك روشەنكى، ھەتتا بىر دىئالېكتتىكىلەر ئىككىنچى بىر دىئالېكتتىكىلەرنىڭ ئاغزاكى تىلىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىدا بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما شۇنداقتىمۇ، فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتە بەلگىلىك پەرقلەر بار. ئالايلۇق، «ر» فونېمىسى تورپان شېۋىسى ۋە خوتەن شېۋىلىرىدە ئەدەبىي تىلدىكى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز نورمىسىدىن روشەن پەرق قىلىدۇ. يەنە كېلىپ، مەزكۇر فونېما خوتەن دىئالېكتى بىلەن تورپان شېۋىسىدىمۇ ئۆزئارا پەرق قىلىدۇ. بەزى شېۋە ۋە دىئالېكتلاردا بەزى ئاتالغۇلار ياكى سۆزلەر پۈتۈنلەي يەرلىك پۇراققا ئىگە بولۇپ، شۇ شېۋە ۋە دىئالېكت تېررىتورىيىسىگە تەۋە بولمىغان خەلقلەر ئۇنى قەتئىي چۈشەنمەيدۇ. مەسىلەن، لوپنۇر دىئالېكتىدا كەڭ تارقالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان مۇنۇ بىر كۇپلېت خەلق قوشىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

كېتەدىمەن ئەسكى تارىم ياقالاپ،
يۈرىدىمەن مەن دەردىمنى ئاغالاپ.
قاتۇن ئالماي بوي يۈرۈپ ئۆلۈپ كەسسەم،
سىزگە ئوخشاش بىر خانىمنى تامالاپ.

بۇ مىسرالاردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ۋە شېۋىگە خاس فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا، «ئاغالاپ» (بەزلەپ، گوللاپ)، «تامالاپ» (ئارزۇ قىلىپ، تاما قىلىپ) دېگەندەك لېكسىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەرمۇ بار. بۇنداق لېكسىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەر باشقا شېۋىلەردىكى ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ناتونۇش بولۇپ، ئەگەر ئۇتتۇقتا مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈلمىسە، ئاممىباب بولمىغان سۆزلەر ئىشلىتىلسە، ئاڭلىغۇچىلارغا ئاساسىي پىكىرنى راۋان يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. دېئالېكت ۋە شېۋىلەر بىر مىللەتنىڭ تىل بايلىقىنى ئاشۇرىدىغان تىل غەزىنىلىرىدۇر. لېكىن، بۇنداق سۆزلەر ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل نورمىسىغا قوبۇل قىلىنىپ، بىر مىللەتنىڭ پۈتۈن خەلقى چۈشىنىدىغان دەرىجىگە بارغىچە يەنىلا ئۆز زېمىنى دائىرىسىدە چەكلىنىدۇ. بەزى خاس كەسپىي سۆزلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇبادا ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلدا ئۇنىڭ تەڭدىشى بولمىسا، ئۇتتۇقتا شۇ كەسىپ ساھەسىدىكى سۆزنى شېۋىدىكى خاس ئاتالمىسى بويىچە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا جەزمەن ئىزاھ بېرىپ ئۆتۈش لازىم. ئالايلۇق، تۇرپان شېۋىسىدىكى «چۈنجە» (ئۈزۈم قۇرۇتىدىغان ئۆي)، «چاققا» ياكى «تىكەن» (ئۈزۈمنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئاسىدىغان نەرسە) دېگەندەك سۆزلەر ئەدەبىي تىلدا بولمىغاچقا، ئۇتتۇق ئەمەلىيىتىدە بۇنداق سۆزلەرنى ئىزاھ بېرىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق سۆزلەر تېزدىن ئەدەبىي تىلنىڭ لۇغەت سوستاۋىغا كىرىپ، پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق تىلىغا ئايلىنىشى كېرەك.

شېۋىلەردە مىللىي ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، مىللىي ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوخشمايدىغان بىر تۈركۈم سۆزلەرمۇ قوللىنىلىدۇ. مانا بۇ خىل سۆزلەر ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل بىلەن شېۋىلەر ئارىسىدىكى لېكسىكىلىق پەرقنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەمما يەنە شۇنى بىلىش كېرەككى، يەرلىك شېۋە ۋە دىئالېكتقا تەۋە بولغان كىشىلەرمۇ ئادەتتە ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلنى تولۇق چۈشىنەلەيدۇ.

شېۋىلەردە تاۋۇش قۇرۇلمىسى ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش، ئەمما مەنىسى ئوخشمايدىغان سۆزلەر بار. مەسىلەن، لوپنۇر دىئالېكتىدا «چمۈن» دېگەن سۆز ياشنى بىلدۈرىدۇ، «چمۈن» نى «قارا سېڭگەك» دەپ ئاتايدۇ. «سوقا» دېگەن سۆز قۇمۇل شېۋىسىدە چاي ئىچىدىغان «كۇرۇشكا» نى بىلدۈرسە، باشقا جايلاردا يەر ھەيدەشكە ئىشلىتىلىدىغان «سوقا» نى بىلدۈرىدۇ. «چوڭ دادا» دېگەن سۆز بەزى شېۋىلەردە ئاتىسىنىڭ ئاكىسىنى بىلدۈرسە، بەزى شېۋىلەردە ئاتىسىنىڭ ئاتىسىنى بىلدۈرىدۇ.

شېۋىلەردە بەزى سۆزلەر ئوخشاش بىر سۆز يىلتىزىغا ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشمايدىغان قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىپ، ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن، «شالداما» دېگەن سۆز بەزى شېۋىلەردە «شالدۇرۇق»، «ئوتاق» دېگەن سۆز بەزى شېۋىلەردە «ئوتالغۇ»، «ئوتۇنخانا» دېگەن سۆز بەزى شېۋىلەردە «ئوتۇنئۆي» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزلەر گەرچە ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلدىكى تەڭداش سۆزلەر بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلسىمۇ، ئەمما ياسىلىش شەكلى ئوخشاش بولمىغاچقا، غەيرىي شېۋە دائىرىسىدىكى كىشىلەرگە گاھىدا ئېنىق بولماي قالىدۇ.

شېۋىلەردىكى بەزى سۆزلەر مەنە دائىرىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى نۇقتىسىدىن، ئەدەبىي تىلدىكى ئوخشاش سۆزلەر بىلەن تۈپتىن

پەرق قىلىدۇ. مەسىلەن، «ئايماق» سۆزى ئەدەبىي تىلدا «ۋىلايەت، ئوبلاست، قەبىلە» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلسا، كەلپىن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا «مەھەللە» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. «هارۋا» دېگەن سۆز ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلدا ئېشەك هارۋىسى ۋە كالا هارۋىسىدىن ئىبارەت ماتورسىز، هايۋان قوشۇلىدىغان چاقلىق قاتناش قورالىنى كۆرسەتسە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى شېۋىلىرىدە ۋېلىسىپىتنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، شېۋە ۋە دىئالېكتلار بىلەن ئورتاق ئەدەبىي تىل ئارىسىدا فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىن روشەن پەرقلەر بولىدۇ، گاھىدا گىراماتىكىلىق پەرقلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، بىراق گىراماتىكىلىق پەرق گەۋدىلىك بولمايدۇ. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئورتاق ئەدەبىي تىل پۈتۈن مىللەت خەلقى چۈشىنەلەيدىغان ئاممىباب تىلدۇر، بىراق شېۋىلەر پۈتۈن خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ئاممىباب بولماي قالىدۇ، شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈنلا، پېرسوناژ تىلىدىن شېۋە پۇراقلىرىنى بېرىشكە بولىدۇكى، مۇئەللىپ بايانىدا ئۇنى ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. نۇتۇق تىلى تېخىمۇ ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە. چۈنكى ئۇ ماكان ۋە زامان جەھەتتە ئالاھىدە چەكلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنى شۇ ۋاقىت، شۇ جايدا ھەرقانداق ئاڭلىغۇچى تولۇق چۈشىنەلىشى كېرەك.

ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا، بولۇپمۇ پېداگوگىكا خاراكتېرىدىكى ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلاردا ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل نورمىسى بويىچە سۆزلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى قىلىش لازىم. ئالىي مەكتەپلەرگە ئەمدىلا كىرگەن ئوقۇغۇچى ئۆز يۇرتىنىڭ قويۇق شېۋىسىنى بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ، ئەمما

ئوقۇغۇچىلار شۇنى ئېنىق چۈشىنىشى كېرەككى، پېداگوگىكا خاراكتېرىدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار كەلگۈسى مۇنبەردىكى ئوقۇتقۇچىلاردۇر. ئوقۇتقۇچى بىر نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن چوقۇم ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل نورمىسى بويىچە ئۆزىنى تەربىيىلىشى كېرەك.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، شېۋە ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغان بەزى رايونلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئېغىز شېۋە پۇرىقىنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ ئەنسىرەش ۋە قورقۇش پسىخىكىسى نەدىن كەلگەن؟ بۇ پسىخىك ھالەت شۇنىڭدىن بېشارەت بېرىدۇكى، ئوقۇغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۆزى يۇرتىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىدىكى جامائەتچىلىكنىڭ ئۇنى «ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ئەسلىي يۇرتىنى، ئۆستۈرگەن ماكانىنى، ئەسلىنى ئۇنتۇپتۇ» دەپ مەسخىرە قىلىپ، ئارىغا ئالماسلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ. بۇ ئەھۋال رېئال تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن مەۋجۇت. بىر ئالاھىدە شېۋە رايونىغا باشقا يۇرتتىن بىر كىشى كەلسە، ئۇ بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچراپ كەتمەيدۇ، ئەمما مۇشۇ شېۋە رايونىدا چوڭ بولغان بىر كىشىنىڭ توساتتىن باشقىچە تەلەپپۇزدا سۆز قىلىشى يەرلىك خەلققە غەيرىي تۇيۇلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ ۋاقىتلىق ئەھۋال. ھازىرقى رايونلارئارا قاتناش ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىشى، ئالاقە تورلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى شۈبھىسىزكى، شېۋىلەر ئارىسىدىكى پەرقنى بارغانچە كىچىكلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىنىڭ شېۋە ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىپ ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل نورمىسىدا سۆزلەشكە ئادەتلىنەلىگەن ئادەم، پەيتى كەلسە ئۆزىنىڭ ئەسلىي شېۋىسىدىمۇ ئوخشاشلا راۋان سۆزلىيەلەيدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا پىكىر بايان قىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆلچەملىك ئەدەبىي

تىل بىلەن سۆزلىشى، ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل نورمىسى بىلەن شىۋە مەسىلىسىنى توغرا ۋە ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىشى كېرەك.

## § 4. تەلەپپۇز

تەلەپپۇز نۇتۇقنىڭ تاشقى پوستى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلچەملىك، توغرا ۋە يېقىملىق بولۇشى نۇتۇقنىڭ سەنئەتلىك تۈسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتىكى سۆزلەردىمۇ ئۇرغۇ بولىدۇ، مۇشۇ ئۇرغۇنى ئۇرغۇ چۈشكەن نۇقتىدا تەلەپپۇز قىلىش مەسىلىسى تىلنىڭ ياڭراق، جاراڭلىق، ئېنىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان مەسىلە. خەنزۇ تىلىدا تونلارنىڭ مەنە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بولىدۇ، خەنزۇ تىلىدىكى ئوخشاش بولمىغان تۆت تون ئوخشاش بولمىغان مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. شۇڭا نۇتۇقشۇناسلىقنىڭ مۇشۇ سەھىيىسىدە خەنزۇ تىلىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى نۇقتىلىق ۋە ئىنچىكە تەھلىل قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇرغۇ مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلە. ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىلەردە ناھايىتى گەۋدىلىك ئۇرغۇ شەكلى بولىدۇ، بۇ ئۇرغۇ ئاساسەن جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چۈشىدۇ. مۇشۇ قانۇنىيەتنى بىلمىگەندە، جۈملە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگەن باشقا مىللەت كىشىلىرى سۆزلىگەندەك ھارارەتسىز ئاڭلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەربىر سۆز تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىق مەسىلىسى، تاۋۇشلارنىڭ تولۇق تەلەپپۇز قىلىنىشى قاتارلىقلارمۇ تەلەپپۇز دائىرىسىگە كىرىدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر. نۇتۇق تەلەپپۇزىدا ئاچقۇچلۇق سۆزلەر،

www.uyghurkitap.com



خۇلاسە، ھۆكۈملەر، ناتىقنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ھېسسىياتلىق سۆزلەر ئېنىق، چۈشىنىشلىك تەلەپپۇزغا موھتاج بولىدۇ. تەلەپپۇزى ئېنىق بولمىغان كىشىلەر نۇتۇق مەشىقىگە كىرىشىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ تەلەپپۇزىنى تىرىشىپ توغرىلىشى لازىم. بەزىدە تۇغما، ئىرسىي كېكەچلىك ۋە تەلەپپۇز كەمتۈكلۈكى بولىدۇ. بۇنداق كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش ھەقىقەتەن ناھايىتى تەس. ئەگەر تىلدا كېكەچلەش ئالامىتى بولسا، بۇنداق كىشى ئالدى بىلەن ئۆزىنى پسىخىك جەھەتتىن تەربىيىلىشى، سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئالدىرىماي، ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ تەلەپپۇز قىلىشقا ئادەتلىنىشى كېرەك. فىزىئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، ئادەمدە يۇقىرى - تۆۋەن لەۋ، يۇقىرى - تۆۋەن چىش، چىش مىلىكى، قاتتىق - يۇمشاق تاڭلاي، تىل، دىماغ، ئېغىز بوشلۇقى، كاناي، كىچىك تىل، ئاۋاز پەردىسى، كېكىردەك ۋە قىزىلئۆڭگەچ قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق ئاۋاز چىقىرىش ئورگانىزمى بولىدۇ، مۇشۇ ئەزالارنىڭ قايسى بىرىدە نۇقسان كۆرۈلسە، تىلنى يېقىملىق تەلەپپۇز قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئادەتتە دىكتور تاللىغاندىمۇ ئاۋاز رىتىمىنىڭ ئورغۇلۇق بولۇش تەلەپىدىن سىرت، مۇشۇ ئورگانىزملار تېخنىكىلىق تەلەپلەر بويىچە ئىنچىكە تەكشۈرۈلىدۇ. ئەمما شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، دۇنيادىكى ناتىقلارنىڭ يېتىلىش تارىخىدىن قارىغاندا، ئادەتلىنىپ قالغان كۆپلىگەن تەلەپپۇز مەسىلىلىرىنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغاندا ئوڭشاپ كەتكىلى بولىدۇ. مەشھۇر ناتىق لىنكولىندىمۇ دەسلەپتە كېكەچلەپ تەلەپپۇز قىلىش ئالامەتلىرى خېلى روشەن بولغان، ئەمما، ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، بۇ نۇقسانلاردىن خالىي بولالىغان. تەلەپپۇزنىڭ توغرا بولۇش - بولماسلىقى پەقەت ئاۋاز چىقىرىش ئورگانىزملىرىغىلا

باغلىق ئەمەس، ئۇتۇقشۇناسلىقتا بۇ ئىجتىمائىي ئاساسلارغىمۇ باغلىنىدۇ. بىر مىللەت تىلىدىكى تىل ئورنى ئوخشاش بولغان بىر تاۋۇش بىلەن يەنە بىر مىللەت تىلىدىكى دەل شۇ تاۋۇش ئارىسىدا پەرق بولىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلەنمەي، شېۋىلەر ئارىسىدىكى ئوخشاش تاۋۇشلار ئوتتۇرىسىدىمۇ پەرق بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورگانىزملىرى ناھايىتى مۇكەممەل بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇ گاس بولىدىغان بولسا، تىلنىڭ ئاڭلاش مۇھىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، تەلەپپۇزدا ئۆلچەمگە يېتەلمەيدۇ. دېمەك، بۇ مەسىلىلەر ئىجتىمائىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

يەنە بىر تەرەپتىن، شېۋىدىكى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر لېكسىكىدىكى قاتما تەلەپپۇز شەكلىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆلچەملىك تەلەپپۇزغا ئاسانلىقچە ئورۇن بوشىتىپ بەرمەيدۇ، ئەمما بۇنى جاپالىق مەشىق ئارقىلىق ئۆگىنىۋالغىلىمۇ بولىدۇ. دېمەك، تەلەپپۇزنىڭ توغرا بولۇش - بولماسلىق مەسىلىسى نۇتۇق تىلىدا ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ مەسىلە نۇتۇقنىڭ سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلىدۇر.

## § 5. تىلنىڭ ئاغزاكى ئىپادىلەش جەريانىدىكى ئاھاڭدارلىق، ئۇرغۇلۇق ۋە رىتىملىق خۇسۇسىيىتى

تىلنىڭ ئاھاڭدارلىقى دېگىنىمىز، ئەمەلىيەتتە تىلنىڭ ئىنتوناتسىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. نۇتۇق جەريانىدا پۈتۈن جۈملىنىڭ ياكى جۈملىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ تاۋۇش جەھەتتىكى

www.uyghurkitap.com

بەلگىلىك ئالاھىدىلىكى، يەنى كۆتۈرەڭگۈ ياكى سۇس بولۇشى ئىنتوناتسىيە ياكى ئاھاڭدارلىق دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن جۈملىنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىكى ئېگىز - پەس ئۆزگىرىشى ئاھاڭدارلىق ياكى ئىنتوناتسىيىدىن ئىبارەت. جۈملىدىكى ئاھاڭدارلىق پۈتۈن جۈملىگە سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا، روشەن ھالدا جۈملىنىڭ ئاخىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «مەن قايتىپ كەلدىم» دېگەن بايان جۈملىدە ئاھاڭ ياكى ئىنتوناتسىيە ئەڭ ئاخىرقى سۆز «كەلدىم» نىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ، جۈملىدىكى ئاھاڭدارلىق تىلدىكى مۇرەككەپرەك مەسىلە. چۈنكى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى مەزمۇن ھەرخىل بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىمۇ ھەر خىل بولىدۇ، جۈملىنىڭ ئاھاڭدارلىقى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بولمىغان ھېسسىياتلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئۇ يەنە بىر جەھەتتە، پسىخىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تىلنىڭ ئاھاڭدارلىقى، جۈملە ياكى بۆلەكلەر ئارىسىدىكى تاۋۇش جەھەتتىكى توختىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تىلشۇناسلىقتا پائۇزا دەپ ئاتىلىدۇ. پائۇزا تىل ئاھاڭدارلىقنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى، ھەرقانداق بىر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا سەل ئۇزاقراق پائۇزا بولىدۇ، پائۇزىنىڭ قانداق يەرگە چۈشكەنلىكى جۈملە قۇرۇلمىسىغا ۋە مەنىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق:

جالال ئاكام \ سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ. (سۆزلىگۈچىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئىسمى جالال.

جالال \ ئاكام سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ. (چاقىرىلغۇچىنىڭ ئىسمى جالال)①

① خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 107 - بەت.

كـۆرۈنـۈپ تـۇرۇپـتـىكى، پـائـۇزا ئـەمەلىيەتتە نۇتۇقتا ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىر ۋە ھېسسىيات بىلەن ناھايىتى زىچ بـاغلىنىشچانلىققا ئىگە. ئەگەر نۇتۇقتا سۆزلىگۈچى مەلۇم بىر سـۆزنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن، ئۇنى ئالاھىدە كۈچەپ ئـېـيـتـسـا، بۇ يەردە ئالاھىدە ئىنتوناتسىيە پەيدا بولىدۇ، بۇ ئـىـنـتـېـرنـاتسىيە تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىدە تەكىت ئۇرغۇسى (لوگىكىلىق ئۇرغۇ) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «مەن ئۇيغۇر» دېگەن جۈملىدە ئەگەر تەكىت ئۇرغۇسى «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئۈستىگە چۈشسە، نۇتۇق سۆزلىگۈچى باشقا مىللەت بولماي، ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولىدۇ. تەكىت ئۇرغۇسى «مـەن» نـىـڭ ئـۈسـتـىـگـە چـۈشـسـە، ئـۇ باشقىلار ئەمەس، سۆزلەۋاتقۇچىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئاھاڭدارلىق نۇتۇق سەنئىتىدە ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا پىكىر مەزمۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بىر پۈتۈن نۇتۇقنىڭ، نۇتۇقتىكى ھەر بىر جۈملىنىڭ ۋە ھەر بىر سۆزنىڭ ئاھاڭدارلىقى ھېسسىياتقا ماس ھالدا ئۆزگىرىپ بارىدۇ. قايغۇلۇق خەۋەرنى تەنتەنىلىك، جەڭگىۋار ئاھاڭدا بايان قىلغىلى بولمايدۇ. نـۇتـۇق ئـاھـاڭـدارلـىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ پىكىر ئىنچىكىلىكى ۋە پىسخىكىسىغىمۇ باغلىق بولىدۇ.

ئـۇرغۇ دېگىنىمىز، بىر ـ بىرىگە ئۇلانغان بوغۇملاردىكى مـەلـۇم بـىـر بـوغـۇمـنـىـڭ گـەۋدىـلـىـك تەلەپپۇز قىلىنىش ھادىسىسىدۇر. بۇنداق ھادىسە جۈملىدىمۇ، سۆزلەردىمۇ بولىدۇ، بۇ فونېتىكىلىق ھادىسە سۈپىتىدە تىلشۇناسلىقتا ئالاھىدە تەتقىق قـىـلـىـنـىـدۇ، سۆز ئۇرغۇسى تاۋۇش كۈچى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. دۇنيادىكى تىللار ئىچىدە ئىنگلىز تىلى، فرانسۇز

تىلى، ۋە رۇس تىللىرىدا ئۇرغۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ تىللاردا ھەر بىر سۆزنىڭ مۇقىم بوغۇم ئۇرغۇسى بار. بەزى تىللاردا ھەتتا مۇشۇ ئۇرغۇنىڭ مەنە پەرقلەندۈرۈش رولى بار. مەسىلەن، ياپون تىلىدا «خانا» (بۇرۇن) دېگەن سۆزگە ئۇرغۇ چۈشمەيدۇ. «خانا» (گۈل) دېگەن سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىغا ئۇرغۇ چۈشىدۇ، بۇ يەردە پەقەت مۇشۇ بىر ئۇرغۇ ئىككى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، بۇنداق ئالاھىدىلىك بەزى چاغلاردا ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۇ ماڭا بالا ئەمەس، بالا بولدى» دېگەن جۈملىدىكى بىرىنچى «بالا» دا ئۇرغۇ بىرىنچى بوغۇمىغا چۈشكەن، ئىككىنچى «بالا» دا بولسا، ئۇرغۇ ئىككىنچى بوغۇمىغا چۈشكەن، شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى «بالا» ئىككى خىل لېكسىكىلىق مەنىنى ئاڭلاتقان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر نۇتۇق سەنئىتىدە تىلنىڭ مۇشۇ خىل ئۇرغۇلۇق خۇسۇسىيىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلمىسا، نۇتۇقنىڭ سەنئەتلىك قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا پىكىرنى ئېنىق ۋە راۋان يەتكۈزگىلىمۇ بولمايدۇ.

نۇتۇق تىلىدا يەنە رىتىملىق خۇسۇسىيەت بولىدۇ. بۇ رىتىملىق خۇسۇسىيەت تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىمۇ، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىپىدىمۇ، نۇتۇقتىكى جۈملىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىمۇ بولىدۇ. نۇتۇق جەريانى خۇددى ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنى قورام تاشلارغا رىتىم بىلەن سوقۇلغىنىدەك، كىشى قەلبىدە گاھ تەسىرلىك، گاھ مەيۇسلۇك، گاھ شادلىق، گاھ ئېچىنىش تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىدۇ. شۇڭا ئاغزاكى ئىپادىلەش جەريانىدا تىلنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك. نۇتۇقتا

بىــــرقانچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم باسقۇچ نۇتۇق جېڭىگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى ھەرخىل قوراللارنى تەييارلىۋېلىش باسقۇچىدۇر. مانا شۇ قوراللار ئىچىدە تىلنىڭ ئاھاڭدارلىق، ئۇرغۇلۇق ۋە رىتىملىق خۇسۇسىيىتىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىشمۇ بار.

كىشىلەرنىڭ سۆزگە تەمشىلىشى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ چوڭ مېڭىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن بولىدۇ. مېڭە كۈچلۈك بىر ئىنكاسنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كىشىدە مەلۇم ئىدىيە ۋە ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. كىشى ئۆزىدە پەيدا بولغان ئىدىيە ۋە ھــېسسىياتنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش نىيىتىگە كەلگەندە، نۇتۇق ئىجادىيىتى ئەڭ يۇقىرى ئىجادچانلىق باسقۇچىغا كىرىدۇ. ئۇ، ئــۆز پــىكرىنى بايان قىلىشقا كىرىشكەندە، نۇتۇق ئىجادىيىتى ئــەســلــىــي ئىجادچانلىقتا كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىكىر ئاۋاز دولقۇنىغا ئايلىنىپ، نۇتۇقنىڭ ئاۋازلىق تىلى شەكىللىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئاۋازلىق تىل قالايمىقان ۋە تەرتىپسىز بولماستىن، بەلكى ئاھاڭدارلىققا تويۇنغان، ئۇرغۇ ۋە رىتىملىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقمىسا، ئۇ چاغدا نۇتۇق تىلى تولىمۇ چۈۋالچاق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب نۇتۇقتا ئاۋازسىز تىل ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش

## § 1. ئاۋازسىز تىل ماھارىتى ۋە ئۇنىڭ رولى

ئاۋازسىز تىل دېگىنىمىز، نۇتۇق جەريانىدا نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ تاشقى قىياپىتى، تەقى - تۇرقى، قول ئىشارىتى، ھەرىكىتى، كۆز ئىشارىتى، ھېسسىياتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئىشلەتكەن كۆرگىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولىدىغان باشقا بارلىق ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ماتېرىياللار نۇتۇقتا تىللىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئۆزگىچە «تىل» دۇر. ئۇلار گەرچە ئاۋازسىز بولسىمۇ، خۇددى ئاۋازلىق تىلغا ئوخشاشلا مەلۇم ئۇچۇرنى يەتكۈزۈپ، ئاۋازلىق تىلغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، سەل قاراشقا بولمايدىغان روللارنى ئوينايدۇ. ئاۋازسىز تىلمۇ خۇددى ئاۋازلىق تىلغا ئوخشاشلا ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيىتىدە ئالدىن كېلىشىۋېلىنغان بولۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى ئورتاق چۈشىنەلەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئاۋازسىز تىل دەپ ئاتىغان. ئاۋازسىز تىل نۇتۇقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئەگەر ئاۋازسىز تىل بولمىسا، نۇتۇق ۋاسىتىلىرى مۇكەممەللەشمىگەن بولىدۇ. ئاۋازسىز تىل نۇتۇق مەزمۇنىنىڭ ئاڭلىغۇچىلارغا تېز ۋە تەسىرلىك قوبۇل قىلىنىشىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئۇنىئالغۇ لېنتىسىدىكى نۇتۇقنى ئاڭلىغانغا قارىغاندا، نۇتۇق

سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن بىۋاسىتە ئاڭلاش كىشىگە ئالاھىدە ھوزۇر ۋە تەسىر بېغىشلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى، ئۇنىئالغۇ لېنتىسىدىكى نۇتۇقنى سىز پەقەت ئاڭلاش سېزىمىڭىز ئارقىلىقلا قوبۇل قىلىسىز، ئەمما بىۋاسىتە ئاڭلىغان نۇتۇقتا، سىز كۆرۈش سېزىمىڭىز ئارقىلىق ئاۋازسىز تىلىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرايسىز، گاھىدا ئاۋازلىق تىلسىزمۇ ئوي - پىكرنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. گاس - گاچىلارنىڭ ئۆزئارا مەقسەت ئۇقتۇرۇشى ئاۋازسىز تىلنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ. ئاۋازسىز تىياتىرنىڭ پۈتكۈل جەريانى ئاۋازلىق تىل ئىشلىتىلمەيمۇ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما نۇتۇق سەنئىتىدە ئاۋازلىق تىلنى ئىشلەتمەي نۇتۇق بايان قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، تىياتىردا سۆزنىلار ۋە كۆپلىگەن ئارتىسلار پىكىر ئىپادىلەشتە ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. نۇتۇقتا بولسا، سۆزنت ئاساسىي ئورۇندا تۇرماي، پىكىر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ناتىق مۇنبەردە يالغۇز تۇرۇپ، نۇرغۇن ئادەمگە ئۆز ئىدىيىسىنى يەتكۈزىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تۈپكى پەرق بار. بۇ يەردە بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز، ئاۋازلىق تىلنىڭ رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت.

نۇتۇقنىڭ ئاۋازلىق تىلى نۇتۇقنىڭ مەزمۇنى بىلەن نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئاۋازسىز تىل بولسا ئەنە شۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئاڭلىغۇچىلارغا تېز، تەسىرلىك يەتكۈزۈپ بېرىلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئامىلدۇر. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاۋازسىز تىل ئاۋازلىق تىلنىڭ ياردەمچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇۋەپپەقىيەتلىك سۆزلەنگەن ھەرقانداق بىر نۇتۇقتا ئاۋازسىز تىلدىن كەڭ ۋە ئۇنۇملۇك پايدىلىنىلغاندۇر. ناتىقلارنىڭ نۇتقىدا ئاۋازسىز تىل بەزى چاغدا ئاۋازلىق تىلدىنمۇ كۈچلۈك رول ئوينىغان. بەزىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان 48 نەپەر ناتىق ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە، نۇتۇق مەزمۇنىدىن سىرت، باشقا ۋاسىتىلەرنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك بولغان: ①

| تىلسىز ۋاستە | كۆز | قول ھەرىكىتى، چىراي ئىپادىسى | ئاھاڭدارلىق ۋە تىنىش | كۈلۈش، يۆتىلىش | مېڭىش ھەرىكىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىشلەتكەن ئادەم سانى | 48 | 36 | 41 | 19 | 17 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 100% | 75 % | 85.4% | 36.6% | 35.4% |

بۇ جەدۋەل بىزگە ئاۋازسىز تىلنىڭ نۇتۇق ئەمەلىيىتىدە ئىنتايىن كەڭ كۆلەملىك ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاۋازسىز تىل ئەنە شۇنداق مۇھىم بولغاچقا، نۇتۇقشۇناسلىقتا ئۇنىڭ رولى ۋە ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

(1) ئاۋازسىز تىلنىڭ نۇتۇق پائالىيىتىدىكى رولى ۋە ئورنى

نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاۋازسىز تىل ئۆز ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلەشتە مۇھىم ياردەمچىلىك رولىنى

① «نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇشلۇقى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1998 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 118 - بەت.

ئوينايدۇ. ئوتتۇق سۆزلىگۈچى ئوتتۇق مەزمۇننى ھېسسىيات، تەقى - تۇرق قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلىگەندە ئاڭلىغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىمۇ ھاياجانغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇق سۆزلىگۈچىدە ئوتتۇقتا بولغان يېڭى ئىلھام شەكىللىنىدۇ. بىز ھېسسىياتسىز، ياغاچتەك قېتىپ قالغان، ئاۋازسىز تىلدىن قەتئىي پايدىلانمىغان ۋە ئۆزىنىڭ پسىخىك خاراكتېرىنى يېتىلدۈرمەي تۇرۇپ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئوتتۇقنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئاۋازسىز تىلنىڭ دەل جايىدا ئىشلىتىلىشى ئوتتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ پسىخىك روھىي ھالىتىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر مۇنبەرگە چىققاندىن كېيىن، ئاڭلىغۇچىلارغا قاراشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، قانچىكى شۇنداق بولسا، ئوتتۇق سۆزلىگۈچى شۇنچىكى تەمتىرەيدۇ ۋە ئۆزىدە بىر قەدەر مۇقىم بولغان پسىخىك ھالەتنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. ئەگەر ئوتتۇق سۆزلىگۈچى ئۆز نەزىرىنى ئاڭلىغۇچىلارغا تاشلاپ، ئۇلار بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا ماھىر بولسا، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ چىراي ئىپادىسىنى بىلەلىسە، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بۇنداق ئوتتۇقنى قوبۇل قىلىش دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ، ئوتتۇق سۆزلىگۈچىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ. يېڭىدىن ئوتتۇق ئۆگەنگۈچىلەر، بەزى چاغلاردا قول ئىشارىتى ھەرىكىتىنى بىلمىگەچكە، ئوتتۇقنى تەسىرلىك بايان قىلالماي، ئۆزلىرىمۇ تەمتىرەپ قالىدۇ. ئەگەر قول ھەرىكىتى، كۆز ۋە ھېسسىيات ئىپادىسىنى جايىدا ئىشلىتەلىسە، ئاۋازلىق تىل ئۇچۇنمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئاۋازلىق تىلغا بولغان خاتىرىسىنىمۇ ياخشىلايدۇ.

ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاۋازسىز تىلنىڭ

قوزغىتىش، تەسىر قىلىش، چۈشەندۈرۈش، جەلپ قىلىش رولى بولىدۇ. ئاۋازسىز تىل ئاۋازلىق تىلغا ماسلىشىپ، نۇتۇق جەريانىدا ئاڭلىغۇچىلارغا ئاڭلاش سېزىمى ۋە كۆرۈش سېزىمى نۇقتىسىدىن بىراقلا تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلب تارىنى تىترىتىدۇ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ مەيدانىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ. چۈنكى، ھەربىر كۆز ھەرىكىتى، ھەربىر مۇسكۇلنىڭ تىترىشى، چىرايىنىڭ ھەربىر ئۆزگىرىشى نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېڭىغا كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق دەرھال يەتكۈزۈلىدۇ.

نۇتۇق سورۇنلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاۋازسىز تىل كەيپىياتنى تەڭشەش، يىغىن كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇنبەردە جىددىيلەشسە، تەمتىرىسە، ئاڭلىغۇچىلاردىمۇ تەبىئىيلىك بۇزۇلىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاۋازلىق تىلنى دەل جايىدا ئىشلەتكەندىلا، نۇتۇق مۇھىتى جانلىنىپ تەبىئىيلىك ۋە ئاسايىشلىق بېغىشلايدۇ.

(2) نۇتۇقتىكى ئاۋازسىز تىلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

نۇتۇقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاۋازسىز تىل باشقا سورۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئاۋازسىز تىل بىلەن ئوخشاشلا ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋە كېلىشىۋېلىنغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئىختىيارىي ۋە قالايمىقان ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئاۋازسىز تىلنىڭ «تىل»لىق رولىنى ئوينىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ مەنە بىلدۈرىدىغان ئۆچۈرلۈق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ياكى ئۇنىڭ بەلگىلىك مەنىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلىقىدىندۇر. ئۇنىڭ بۇ ۋەكىللىك خۇسۇسىيىتىنى جەمئىيەت ئەزالىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، كۆزنى قىسىپ قويسا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بەزى سۆزلەرنى ئېيتىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

باشنى چايقاش ۋە باش لىڭشىتىش ئىنكار قىلىش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئاۋازسىز تىلنىڭ بەزىلىرى بىر دۆلەت مىقياسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن خەلقئارادا ئورتاق بولىدۇ، ئۇنى ھەتتا گاس - گاچىلارمۇ ئېنىق چۈشىنەلەيدۇ. بىز تۆۋەندە خەلقئارادا ئورتاق بولغان مۇنۇ تۆت خىل ئۆرنەكنى كۆرۈپ باقايلى:




رەسىم ①دىكى ئىككى قولنى تۈز تەكشىلىكتە كۆتۈرۈش «ئامالسىزلىق»نى بىلدۈرىدۇ. رەسىم ②دىكى بىر قولى بىلەن بېلىنى تۇتۇپ تۇرۇش، بىر قولىنى كۆتۈرۈش بولسا ئاساسەن «ماڭا قارا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رەسىم ③دىكى بېلىنى سەل ئارقىغا ئېگىپ بېشىنى پەس قىلىپ تۇرۇش، يەنە ئىككى قولىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش «خىجالەت» بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل شەكىلنى ئومۇمەن قىزلار ئىشلىتىدۇ. رەسىم ④دىكى ئىككى قولنى ئالماشتۇرۇپ، كۆكسىگە بېسىش بولسا «تۆۋە قىلىش، ئەپسۇسلىنىش ۋە ئېچىنىش» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قىياپەت ھەرىكەتلىرى نۇتۇقتا ئانچە كەڭ ئىشلىتىلمەيدۇ، بىز بۇ يەردە پەقەت ئاۋازسىز تىلنىڭ ئورتاق مەنىلەرنى ئاڭلىتالايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەۋاتقىنىمىز ئۈچۈنلا بۇ مىساللارنى ئالدۇق. دېمەكچى بولغىنىمىز، ئاۋازسىز تىل بەلگىلىك مۇقىم مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭدىكى ھەرىكەت شەكىللىرىنىمۇ خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاۋازسىز تىلنى ئىشلەتكەندە، ئۇ جەزمەن

ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان پىكىرنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا ئاۋازسىز تىل نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئورتاق چۈشىنىشى ئاساسىدا بولىدۇ.

نۇتۇقتىكى ئاۋازسىز تىلنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى تۇرمۇشقا ۋە رېئاللىققا يېقىن بولۇشتىن ئىبارەت. نۇتۇق سورۇنىدا بىز كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ ئاۋازسىز تىلدىن دەل ۋە توغرا پايدىلانماي ياسالمىلىق قىلىپ، كۆپتۈرۈپ، كىچىكنى چوڭايتىپ، تۇرمۇشتىن يىراقلاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. نۇتۇقتا ئاۋازسىز تىلنىڭ دەل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. نۇتۇقتىكى ئاۋازسىز تىل بىلەن شېئىر دېكلاماتسىيىسىدىكى ئاۋازسىز تىل ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بولىدۇ. شېئىر دېكلاماتسىيىسىدىكى ئاۋازسىز تىل كۆپتۈرۈۋېتىلىسىمۇ بولىدۇ، بۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرقتۇر. ئەلۋەتتە، نۇتۇقتىكى ئاۋازسىز تىلمۇ ئەمەلىي تۇرمۇش ئاساسىدا پىششىقلانغان بولىدۇ، ئەمما بۇ پىششىقلىنىش ھەرگىزمۇ قويۇق كۆپتۈرۈش ۋە مۇبالىغە تۈسىنى ئالمايدۇ.

ئاۋازسىز تىلنىڭ ئۈچىنچى بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ بەزى ئالاھىدىلىكلەر بىلەن زىچ بىردەكلىكنى ساقلىغان بولىدۇ. ئاۋازسىز تىلمۇ خۇددى ئاۋازلىق تىلغا ئوخشاش مۇئەييەن دەۋرچانلىققا، مىللىي پسىخىك ئالاھىدىلىككە ۋە تېررىتورىيىلىك خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلمىگەندە، ئۇنى دەل جايىدا ۋە توغرا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

## § 2. تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق

نۇتۇقتا ئاڭلىغۇچىلار ئەڭ ئاۋۋال يولۇقىدىغان

مەسىلىلەرنىڭ بىرى نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە تەقى - تۇرقى مەسىلىسىدۇر. ئادەتتە، ھەرقانداق دۆلەتتە پەيداگوگىكا مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان چاغدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقى - تۇرقى، بويى، چىرايى، بەدەن قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇنبەردە تۇرۇپ سۆزلىگۈچى تاشقى قىياپەت، تەقى - تۇرق جەھەتتە كىشىگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەلمىسە، بۇ ئېلېمېنتلار نۇتۇق مەزمۇنىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇنبەرگە چىقىپ بولغۇچە ئاڭلىغۇچىلار ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە تەقى - تۇرقىغا قاراپ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۇنىڭغا مەلۇم باھالارنى بېرىپ بولىدۇ. شۇڭا ئاڭلىغۇچىلارغا بىرىنچى بولۇپ تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق ئىنكاس بېرىدۇ. ئەگەر بىر نۇتۇق سۆزلىگۈچى تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق جەھەتتىن ئاڭلىغۇچىلارغا ياخشى تەسىر بېرەلمىسە، بۇ تەسىرات ئۇنىڭ نۇتقىغا پايدىلىق شارائىتلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا ئاۋازسىز تىلنى تەتقىق قىلغاندا نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرقىنىمۇ ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلماي بولمايدۇ.

تاشقى قىياپەت كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈش ھالىتى، تەقى - تۇرقىنى كۆرسىتىدۇ. تاشقى قىياپەت كىيىنىش، ئۆزىنى تۇزەش ۋە كىيىم - كېچەك پاسونلىرى، چاچ - ساقال پاسونلىرىغىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ كىشىلەرگە كۆرۈش سېزىمى ۋە ھېسسىي سېزىم تەسىراتىنى بېرىدۇ، تاشقى قىياپەتتە ۋە تەقى - تۇرقتا كىشىنىڭ چىرايى بىلەن تەن قۇرۇلۇشى ئاساستۇر. بۇ ھەرگىزمۇ بىر كىشى چىرايلىق ۋە بەستلىك، كېلىشكەن بولسىلا تاشقى قىياپىتى ۋە تەقى - تۇرقى

ياخشى تەسىرات قالدۇرىدۇ، دىگەنلىك ئەمەس. تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق ئاڭلىغۇچىلارغا گۈزەللىك ھۇزۇرى بېغىشلاپ، نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە قارىتا ئاڭلىغۇچىلاردا يېقىملىق ھېس - تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، بەزى نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرققا ئالاھىدە دىققەت قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ نۇتقى سەنئەتلىك بولمىسا، سۆزلىرىدە ھەقىقەت بالىدىن لەززەت بولمىسا، ئۇنىڭ نۇتقىمۇ ئوخشاشلا مەغلۇپ بولىدۇ. بەزى كىشىلەر تەقى - تۇرققا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۆز نۇتقىغا ئالاھىدە پاساھەت بېرەلەيدۇ، نۇتقىدا كىشىلەرگە بېرىدىغان بىلىم ۋە ھەقىقەت تۇيغۇسى ناھايىتى قويۇق بولىدۇ. بۇنداق نۇتۇقنىڭ ئۇنۇمى يۇقىرىقى نۇتۇققا قارىغاندا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق نۇتۇقتىكى ئەڭ مۇھىم ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. لېكىن ئۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان تاشقى ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇنداق بولسا، قانداق تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق ئاڭلىغۇچىلارغا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلىيالايدۇ؟ بۇ ھەقتە نۇتۇقشۇناسلىقتا تۆۋەندىكىدەك مۇنداق بىرقانچە خىل پرىنسىپ بار:

(1). سالاھىيىتىگە ماس كېلىدىغان تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق بولۇشى كېرەك

نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇنبەردە ئاڭلىغۇچىلارنى ئورتاق جەلپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىسىمۇ، لېكىن، ئۇ ئاڭلىغۇچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان، ئاڭلىغۇچىلارنى ھۇزۇرلاندۇرالايدىغان سەنئەتكار بولمىسا، كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيدۇ، شۇڭا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ مەسىلىسىگە تەئەللۇق بولغان تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرققا

دىققەت قىلىنمىسىمۇ بولمايدۇ. نۇتۇقشۇناسلىق ئىلمىدە سۆزلىگۈچى ئۆزىنى مەلۇم دەرىجىدە ياساپ تۇزەشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەۋسىيە قىلىنىدۇ، ئەمما بۇ ياسىنىش ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، تەبىئىي بولۇشى زۆرۈر. ياسىنىش شۇ دەرىجىدە بولسۇنكى، ئۇ ئاڭلىغۇچىلارغا تۇرمۇشتىكى ئادەم تۇيغۇسىنى بەرسۇن، ھەرگىزمۇ سەھنە ئەسەرلىرىدە رول ئېلىۋاتقان ئادەمنىڭ تۇيغۇسىنى بەرمىسۇن. ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا بىز كۆپىنچە ھاللاردا، بەزى نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەرنىڭ (بولۇپمۇ ئاياللار كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ) ئۆزىگە قويۇق گىرىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپەت ۋە تېرە رەڭگىنىمۇ ھېس قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇنبەرگە چىقىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بەزى نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر مۇنبەرگە ئاجايىپ - غارايىپ، رەڭ - رەڭگا چىقىدۇ. ئۇلار ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنى بازارغا سالغاندەك ھېس - تۇيغۇ بېرىدۇ. يەنە بەزىلەر مۇنبەردە خۇددى تىياتىر ئارتىسلىرىدەك ھەددىدىن زىيادە ھەرىكەت شەكىللىرىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي سالاھىيىتىنى ئۇنتۇيدۇ. بۇنداقلار ئۆز خىيالىدا «ئاجايىپ نۇتۇق» سۆزلەۋاتىمەن دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالغان بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ سالاھىيىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تەبىئىي رەۋىشتە ئاڭلىغۇچىلار بىلەن ئوخشاش بولمىغان ھېس - تۇيغۇ مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە قويىدىغان تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆز سالاھىيىتى بويىچە مۇنبەرگە چىقىشى، ئۆز سالاھىيىتى بويىچە نۇتۇق سۆزلىشى كېرەك. مۇبادا مۇنبەردە بىر ئارتىس مەيلى ئۇ قانچىلىك قويۇق گىرىم

www.uyghurkitap.com



قىلىمىسۇن، نۇتۇقنا قانچىلىك مۇبالىغە ۋە كۆپتۈرمىلىك قىلمىسۇن، ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىنى تاماشىبىنلار تولۇقى بىلەن قوبۇل قىلالايدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇنبەر (سەھنە) دىكى ۋاقتىدا ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ رولىدىكى ئادەملەردۇر. ئۇلار ئوبراز يارىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار ھەرقانداق پاسوندا كىيىنسىمۇ تاماشىبىنلارغا ھېچقانداق غەيرىي تۇيۇلمايدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇنبەرگە چىققاندا پەقەت ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى، تاشقى قىياپىتى، كىيىنىشلىرىگىچە ھەممىسى ئۆزىنىڭ بولۇپ، ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە ئەقلىي پىكرىنى ئاڭلىغۇچىلارغا راۋان يەتكۈزۈشتۇر، شۇڭا ئاڭلىغۇچىلار نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرقىغا تەئەللۇق بولغان بارلىق غەيرىي بىنورمال ئېلېمېنتلاردىن بىزار بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى بويىچە نۇتۇق مۇنبىرىدە ئەركىن ۋە تەبىئىي قىياپەت بىلەن نۇتۇق سۆزلەش تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ نامايان قىلىنىشىدۇر. بەزى ۋاقىتلاردا تەقى - تۇرق ۋە تاشقى قىياپەت جىنسىي پەرق بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەزى ھەرىكەت ۋە قىياپەتلەر قىزلار ياكى ئاياللارغىلا خاس بولىدۇ، مۇنداق ھەرىكەتلەرنى قىزلار ۋە ئاياللارلا قىلسا، كۆرگۈچىگە شۇنچىلىك تەبىئىي ۋە گۈزەل بىلىنىدۇ. ئەگەر شۇ ھەرىكەتلەرنى بىر ئەر كىشى قىلىدىغان بولسا، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن لاۋزىلىق ۋە تېتىقسىزلىق بولىدۇ. مەسىلەن، قىزلار جىلۋە قىلىپ كۈلگەندە قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇۋالىدۇ، بۇ ھەرىكەت قىزلارغىلا خاستۇر. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق گۈزەللىك جىنس پەرقىگە ئىگە، جىنس ئايرىمىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى

ئوخشاش بىر گۈزەللىكتىن ئوخشاش بولمىغان گۈزەللىك قىممىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر يىراقتىن بىر ئەركەك كېلىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ قىياپىتى باشقا ئەر كىشىلەرگە نىسبەتەن بەستلىك، ساغلام، كۈچتۈڭگۈرلۈك تۇيغۇلىرىنى بەرسە، ئاياللارغا نىسبەتەن بۇنداق تۇيغۇلارنى بېرىشى ناتايىن.

دېمەك، تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق ھەرقانداق كىشىنىڭ ئەسلىي سالاھىيىتى بىلەن ماسلىشىشى كېرەك. مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەردە، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قانداق سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ كىيىنىشى، تەقى - تۇرقى، سۆز ھەرىكىتىگە قاراپمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

(2) تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق سورۇنغا ماسلىشىشى كېرەك

بىز بۇ يەردە دېمەكچى بولغان سورۇن ئاساسەن نۇتۇق سورۇنىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق نامايان بولىدىغان ۋاقىت ۋە ئورۇندۇر. ھازىر كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ سورۇنغا قاراپ تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرقىنى ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردى، بۇ ئەمەلىيەتتە، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ ئۆسكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇرلاردىمۇ، يىراق قەدىمىي تارىختىن بۇيان ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرقىغا دىققەت قىلىدىغان ئۇدۇم ساقلىنىپ كەلگەن. ئائىلىۋى، ئۇيغۇرلار توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا قانداق كىيىنىشنى، مۇسىبەت - ھازىلاردا قانداق كىيىنىشنى بۇرۇندىن ئېنىق ئايرىپ ئۆزلىرىگە ئەنئەنە قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدە توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردا جامائەت ئالدىدا پىكىر بايان قىلىدىغان يۇرت كاتتىلىرى ئەزەلدىن

تەقى - تۇرقىقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. قەدىمكى مەدرىسىلەردە مۇدەررىس تالىپلارنىڭ ئالدىدا ساۋاق بەرگەندە ئۆزىنىڭ تەقى - تۇرقى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇش ۋە ئولتۇرۇش شەكىللىرىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلغان. بۈگۈنكى پېداگوگ قائىدىسىدىمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىنىپتىكى تەقى - تۇرقى ۋە تاشقى قىياپىتىنىڭ ئۆلچەملىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئوقۇتقۇچى سىنىپتا ئۆزىنىڭ تەقى - تۇرقىغا دىققەت قىلمىسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرى چېچىلىپ، دەرس مەزمۇنىدىن چەتنەش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ. ئاددىيسى، بىر ئادەمنىڭ تۇرۇش شەكلىمۇ سورۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئادەم بىكارچىلىقتا ئۆز ئارا سۆزلەشكەندە، بەدىنىنى ئىختىيارىي قىياپەتتە تاشلىۋېتىپ، ئۆزىنى ئەركىن تۇتىدۇ، ئەمما مۇنبەردە ئۇ قەتئىي بىر خىل قىياپەتتە تۇرۇپ، ئۆز بەدىنىنىڭ ئىختىيارىيلىقىنى كونترول قىلىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر بىكارچىلىقتا سۆزلەشكەندە، بىر قولى بىلەن بېلىنى تۇتۇش، ئىككى قولىنى كەينىگە ۋە ئالدىغا قىلىپ تۇرۇش، قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇش، قىچىشقان يەرلىرىنى قاشلاش ھەرىكەتلىرى ئادەتتىكىچە تۇيۇلىسىمۇ، ئەمما نۇتۇق مۇنبىرىدە بۇ ھەرىكەتلەرگە قەتئىي چەك قويۇلىدۇ. بىر قېتىم مەلۇم بىر نۇتۇق مۇسابىقىسىدە، بىر ماھىر سۆزلەپ كېتىۋېتىپ، ئىختىيارسىز بىر قولىنى يانچۇقىغا سالغان، ئۇ كاستۇم كىيىۋالغاچقا، قولىنى چىقارغان چاغدا يانچۇق ياپقۇچىنىڭ يېرىمى يانچۇقىغا كىرىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاران ياسانغان قىياپىتىگە دەرھاللا چوڭ تەسىر يەتكەن. ئەسلىي ئۇنىڭ نۇتقى شۇنداق ياخشى چىققان بولسىمۇ، باھالىغۇچىلار ئۇنىڭ نومۇرىنى

تارتىۋەتكەن. نىھايەت، ئۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن.[①]

كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، تەقى - تۇرق ۋە تاشقى قىياپەت نۇتۇق سورۇنىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرى.

(3) تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق ئاڭلىغۇچىلارغا ماسلاشتۇرۇلۇشى كېرەك

يۇقىرىدا بىز نۇتۇقنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئورتاق ھېسسىياتىنى قوزغاش ياكى قوزغىيالماسلىققا مۇناسىۋەتلىك، دەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئىدىيىۋى قاراشنىڭ ئورتاقلىقى ۋە ئىدىيىۋى قاراشنىڭ ئىنكاس پەيدا قىلىشى ئەلۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم، ئەمما تاشقى قىياپەت ۋە تەقى - تۇرق جەھەتتىكى ئورتاقلىق مەسىلىسىگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ كىيىنىشى، يۈرۈش - تۇرۇشى، كەيپىياتى ۋە ياسىنىشى بىۋاسىتە ھالدا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېڭىدا «ئۇ بىز بىلەن ئوخشاش ئادەمكەن» دېگەن تۇيغۇنى بېرىشى كېرەك. بۇ تۇيغۇ سۆزلىگۈچىلەر بىلەن ئاڭلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرىدۇ. مۇنبەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى نۇتۇق سۆزلىگۈچى جەزمەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ياش قاتلىمى، مەدەنىيەت قاتلىمى، مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى، يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پسىخىك تەلىپىنى، يەنى ئۆزىنى قانداق تۇزەشتۇرسە، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. ئەگەر ئاڭلىغۇچىلار ياشلاردىن تەشكىل تاپقان بولسا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى بەك كونىچە

① «نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇشلۇقى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1998 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 128 - بەت.

www.uyghurkitap.com

كىيىنسە بولمايدۇ. ئەگەر ئاڭلىغۇچىلار مويسىپىتلار بولسا، غەيرىي مودا كىيىملەر بىلەن مۇنبەرگە چىقسا ئۇلارغا سىڭىشلىك قىياپەت تەسىرى بەرمەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ نۇقتىدا نۇتۇق سۆزلىگۇچى ئۆزىنىڭ ياش قۇرامى ئاساسىدا كىيىنىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى لازىم.

نۇتۇق سۆزلىگۇچى تاشقى قىياپەت، روھىي ھالەت جەھەتتىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشى لازىم. شۇڭا ئۇ تەقى ـ تۇرقتا، كىيىنىشتە خالىغانچە بولسا بولمايدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۇچى ئۆزىنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى لازىم. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئېستېتىك قاراشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ سۆزلىمەكچى بولغان ئاساسىي پىكرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تاشقى قىياپەت، تەقى ـ تۇرقىغا كاپالەتلىك قىلىشى زۆرۈر.

## § 3 . كۆزنىڭ سېھرىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە ھېسسىيات ئىپادىسى

كونىلاردا «كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى» دەيدىغان بىر ھېكمەت بار، بۇ ھەقىقەتتۇر. ئادەمنىڭ كۆزى بارلىق ئەزالار ئىچىدە ئادەمنىڭ قەلب تۇيغۇلىرىنى ئەڭ تېز ۋە ئاشكارا ئىپادىلەيدىغان ئەزادۇر، شۇڭا قەلبنى كۆزنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئىزھار قىلغىلى بولىدۇ. ئادەمنىڭ قەلب تۇيغۇلىرى ناھايىتى نازۇك ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ، بۇ نازۇك ھېس تۇيغۇنى ئاۋازلىق تىل تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشكە گاھىدا قۇربى يەتمەيمۇ قالىدۇ، مۇشۇنداق

چاغدا، كۆز ھېسسىيات ئىپادىسىنى دەرھال نامايان قىلىپ، ئاۋازلىق تىلنىڭ ئەڭ ياراملىق ياردەمچىسىگە ئايلىنىدۇ. كۆز بىلەن ھېسسىيات نۇتۇقتا ھەقىقەتەن مۇھىم ياردەمچىلەردۇر. كۆز ئىپادىسى بىلەن ھېسسىيات ئىپادىسىنىڭ تۈرلىرى ھەر خىل بولىدۇ، ئۇ نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىغا ماسلىشىپ، نۇتۇق مەزمۇنىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ۋە نۇتۇقنىڭ سەنئەتلىك كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. كۆزنىڭ سېھرىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى بىلەن ھېسسىيات ئىپادىسىنىڭ بىرىنچى رولى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نۇتۇق مەزمۇنىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىشتۇر. كىشىلەر ھېسسىياتقا باي، كۆزنىڭ سېھرىي ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك ئادەملەرنى «كۆزى گەپ قىلىدىغان ئادەم» دەپ ئاتىشىدۇ. بەزى كۆزلەر شادلىق، قايغۇ، نەپرەت، مۇھەببەت قاتارلىق ھېس تۇيغۇلارنى ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەپ، قارشى تەرەپكە ئاۋازلىق تىلدىنمۇ كۈچلۈك تەسىر بېرىدۇ، كۆزنىڭ سېھرىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى بىلەن ھېسسىيات ئىپادىسىنى بىۋاسىتە كۆرگىلى بولىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىر قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى تېز بولىدۇ. بىز ئەڭ ئاۋۋال قارشى تەرەپنىڭ كۆز ئىپادىسى، ھېسسىياتىنى كۆرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايمىز، چۈشىنىمىز. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كۆز ئىپادىسى بىلەن ھېسسىيات ئىپادىسى ناھايىتى زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇلار سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتىكى ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ ئاساسىدۇر. بىز بىر ئادەمنىڭ كۆز ئىپادىسىدىن، قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلۈپ، چىرايىنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىدىن بىر پالاكەتچىلىكنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ سۆزىدىن بۇ پالاكەتچىلىكنىڭ تەپسىلاتىنى چۈشىنىمىز. كۆز

www.uyghurkitap.com



ئىپادىسى بىلەن ھېسسىيات ئىپادىسىنىڭ يەنە بىر رولى شۇكى، بۇ ئىككى ئىپادە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدۇ. ئالاقە جەريانىدا، ئادەتتە سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەگەر سۆزلىگۈچى سۆزلەۋېتىپ باشقا تەرەپلەرگە قارىسا ياكى ئاڭلىغۇچى ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي ئۇياق - بۇياققا قارىسا، بۇ ئوخشاشلا ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. گەپنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاق رول ئوينايدىغان تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن ئاڭلىغۇچىنىڭ سۆزلىگۈچىگە قارىماي باشقا يەرلەرگە قاراپ تۇرۇشى ئەدەپسىزلىك سانىلىدۇ؟ سەۋەب شۇكى، سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆزىدىن رازىمەنلىك، ئىنتىلىش، نارازىلىق، زېرىكىش تۇيغۇلىرىنى كۆرەلەيدۇ. ئاڭلىغۇچىلارمۇ ئەلۋەتتە سۆزلىگۈچىنىڭ كۆز ئىپادىسى ۋە ھېسسىيات ئىپادىسىگە قاراپ تورغۇن مەنە - ئۇقۇملارغا ئېرىشەلەيدۇ. دېمەك، مۇشۇ نۇقتا، تىل جەريانىدا كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە كۆز ئىپادىسىنىڭمۇ روشەن رولى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سۆزلىگۈچى سۆزلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاڭلىغۇچىغا قاراپ تۇرىدۇ، ئاڭلىغۇچىمۇ سۆزلىگۈچىگە قاراپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نەزىرى ئۇچرىشىش ۋە ئالاقە ئاۋاز دولقۇنى بىلەن بىر قەدەمدە بولىدۇ، شۇڭا بىر ئادەمنىڭ كۆزىگە قاراپلا ئۇنىڭ سۆزلىنىۋاتقان سۆزگە نىسبەتەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. كۆز ئىپادىسى بىلەن ھېسسىيات ئىپادىسىنىڭ نوتۇقتىكى رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. كۆز ھەرىكىتىمۇ كۆز ئىپادىسىگە تەئەللۇق بولغان ھەرىكەت شەكلىدۇر. ئالايلۇق، كۆز قارىچۇقىنىڭ كۆز چانىقىدىكى ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەتلىرى ئوخشاش بولمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بىز تۆۋەندىكى

رەسىملەرنى كۆرۈپ باقايلى:



رەسىم ①دىكى كۆز ھەرىكىتى بولسا نورمال ھالەتنى، مەسىلىلەرگە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلىۋاتقان ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. رەسىم ②دىكى كۆز ھەرىكىتى .قارشى تەرەپنى مەنسىتمەسلىك، ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. رەسىم ③دىكى كۆز ھەرىكىتى قارشى تەرەپنىڭ پىكرى ھەققىدە ئويلىنىش ۋە دەرھال بىر قارارغا كېلەلمەسلىك ئىپادىسىنى بىلدۈرىدۇ. رەسىم ④دىكى بولسا، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئۆزىدىن باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. رەسىم ⑤دىكى كۆز ھەرىكىتى قارشى تەرەپنى مەنسىتمەسلىك ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىش تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. رەسىم ⑥دىكى كۆز ھەرىكىتى چۆچۈش، قورقۇش، تەئەججۇپلىنىش، ھەيران قېلىش تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، كۆز ھەرىكىتىنىڭ مەنە ئىپادىلەش ئىقتىدارىمۇ خېلى چوڭ. نۇتۇقتا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاساسەن رەسىم ①دىكى كۆز ھەرىكىتى شەكلىنى ئىشلىتىدۇ. قالغان شەكىللەر نۇتۇق مەزمۇنىدىكى زۆرۈرىيەتلەر تۇپەيلىدىن، مۇۋاپىق شارائىتتا ئاندا ـ ساندا ئىشلىتىلىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققەت ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىش ھەمدە ئاڭلىغۇچىلاردا پىسخىك جەھەتتىن ناتىقنى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئادەتتە نورمال كۆز ئىپادىسىنى قوللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ھېسسىيات ئىپادىسى ئادەمدىكى خۇشاللىق، غەزەپ، مۇھەببەت، نەپرەت تۇيغۇلىرىنىڭ چىرايدىكى ئىپادىسىدۇر. ئۇ يۈز مۇسكۇللىرىنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىش شەكىللىرى، قاش، كۆز، ئېغىزدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمنىڭ ئۆزگىرىشىدە روشەن گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ئەزالارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەتلىرى ئوخشاش بولمىغان ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، بىز تۆۋەندىكى 12 خىل ھېسسىيات ئىپادىلەش شەكلىنى كۆرۈپ باقايلى:



سول تەرەپتىكى تۆت رەسىم ئايرىم - ئايرىم ھالدا «كۈلۈمسىرەش»، «قاقاقلاپ كۈلۈش»، «سوغۇققانلىق بىلەن كۈلۈش» ۋە «ئازابلىق كۈلۈش» نى كۆرسىتىدۇ. ئوتتۇرىسىدىكى تۆت رەسىم ئايرىم - ئايرىم ھالدا «تىنچ روھىي ھالەت»، «ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىش»، «ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش» ۋە «مەيۈسلىنىش» نى بىلدۈرىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى تۆت رەسىم ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ھاياجانلىنىش»، «ھەيران قېلىش»، «غەزەپلىنىش» ۋە «قايغۇ - ھەسرەت» نى بىلدۈرىدۇ. بىرىنچى تۈركۈمدىكى رەسىملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان مەنىدىكى «كۈلكىلەر» دۇر، ئىككىنچى تۈركۈمدىكى رەسىملەر «ئوي - پىكىر، روھىي ھالەت» كە، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى رەسىملەر «ھاياجانلىنىش» قا تەۋەدۇر.

بۇ ھېسسىيات ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى توغرىسىدا كونكرېت توختىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ يەردە پەقەت ھېسسىيات ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ نۇتۇق پىكرىنى جانلىق ئىپادىلەشتە ئوينايدىغان رولىنى چۈشىنىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ۋە نۇتۇق ئەمەلىيىتىدە ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى چۈشىنىۋېلىش كېرەك.

## § 4 . نۇتۇقتا قول ۋە بەدەن ھەرىكىتى

ناتىق — نۇتۇق پائالىيىتىدە ئۈچۈر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق ۋاستە. نۇتۇق بىر خىل تارقىتىش شەكلى بولۇپ، ئەلۋەتتە، ئاۋازلىق تىلدۇر، ئەمما ئۇ بىردىنبىر ۋاستە ئەمەس. پۈتكۈل نۇتۇق جەريانىدا ئاۋازلىق تىلغا ماسلىشىپ، ئاۋازلىق تىلغا ياردەم بېرىدىغان نۇرغۇن ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بار، بۇ ۋاستىلەرمۇ

www.uyghurkitap.com



ئاۋازلىق تىلغا ئوخشاشلا ئۇچۇر يەتكۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قول ھەرىكىتى بىلەن بەدەن ھەرىكىتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاڭلىغۇچىلار نۇتۇق ئاڭلىغاندا، ناتىقنىڭ قول ھەرىكىتى ۋە بەدەن ھەرىكىتىدىن ئاۋازلىق تىل تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن بەزى نۇقتىلارنى تولۇق بىلىۋالالايدۇ. قول ئىشارىتى ۋە ھەرىكىتى ئاۋازلىق تىلغا ئوخشاشلا جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئالدىن كېلىشىۋېلىنغاندۇر. ئوخشاش بولمىغان رايون، مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە پەرق بولغاچقا، قول ئىشارىتى ۋە ھەرىكەتلىرىدىمۇ ئىدىيىنى ئىپادىلەشتە بەلگىلىك پەرق بولىدۇ. جۇڭگولۇقلاردا «9» نى بىلدۈرىدىغان قول ئىشارىتى ياپونلۇقلاردا ئوغرى - قاراقچىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنداق پەرقلەر ناھايىتى كۆپ. بەزى دۆلەتلەردە ئۆزئارا سالاملاشقاندا بىر - بىرىنى سۆيۈشىدۇ. مەسىلەن، سلاۋيانلار ئۆزئارا سۆيۈشۈپ كۆرۈشىدۇ. ياپونلار بولسا بىر - بىرى بىلەن تەزىم قىلىپ كۆرۈشىدۇ، ئۇلار قول ئېلىشىش ۋە سۆيۈشۈشلەرنى يامان كۆرىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردە ئوخشاش بىر ھەرىكەتنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەرقانداق قول ھەرىكىتىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ، مەلۇم بىر قول ھەرىكىتى مەلۇم مەنىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن، ئادەم بىگىز بارمىقىنى يۇقىرىغا قاراتسا، دىققەت قىلىشقا چاقىرغانلىق»نى، بىگىز بارمىقىنى پەسكە قاراتسا، «مۇشۇ يەردە ياكى ھازىر» دېگەن مەنىنى، بارماق قولىنى چىقارسا «يارايدۇ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

قول ھەرىكىتى پۈتۈن بەدەن بىلەن ماسلاشقان بولۇپ، نۇتۇقتا كۆپىنچە ئاڭلىغۇچىلارغا چاقىرىق قىلىش ۋە ئۇلارغا ئىلھام بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ. قول ھەرىكىتى ناھايىتى ئوبرازلىق

بولۇپ، مۇئەييەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. نۇتۇق يۇقىرى پەللىگە چىققاندا بۇ ھەرىكەتمۇ جانلىنىپ كېتىدۇ، قول ھەرىكىتى باشتىن ـ ئاخىر ئاۋازلىق تىلنىڭ بارلىقىغا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كېلىدۇ. ئەگەر نۇتۇق سۆزلىگۈچى قول ھەرىكىتىگە ماھىر بولمىسا، نۇتۇق جەريانىدا ھەرىكەت قىلماسلىق ياكى قالايمىقان ھەرىكەت قىلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. ھەرىكەتسىز نۇتۇق سۆزلەش ۋە نۇتۇق جەريانىدا قالايمىقان ھەرىكەتلەرنى ئىشلىتىش ئوخشاشلا نۇتۇقنىڭ سەنئەتلىك بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. نۇتۇق جەريانىدا قول ھەرىكىتى مەلۇم چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. قولنى بوشلۇقتىن قەتئىي چۈشۈرمەي شىلتىۋېرىشمۇ قالايمىقان ھەرىكەتكە كىرىدۇ. قول ھەرىكىتى نۇتۇقنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ۋە ئۇ ئىپادىلەيدىغان ھەر خىل ھېسسىياتلار بىلەن جەزمەن بىرلىكنى ساقلىشى كېرەك. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قول ھەرىكىتى مۇئەييەن مەنىنى ئىپادىلىگەچكە، ئۇ نۇتۇق مەزمۇنىنىڭ لوگىكىلىق ئاساسىدۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئالدىن كېلىشىۋېلىنغان مۇئەييەن ئوبراز بويىچە نۇتۇق مەزمۇنىغا باغلىنىدۇ. قول ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى ھەر خىل مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ، سۆزلىگۈچىنىڭ پوزىتسىيىسىنى، يەنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئىنكار قىلىش قارىشىنى بىلدۈرىدۇ. قول ھەرىكىتى بەلنىڭ يۇقىرىسىدىكى بەدەن قىسمى بىلەن ماسلاشقان بولىدۇ، مەيلى قانداق ھەرىكەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەدەننىڭ يۇقىرى قىسىملىرى ھەرىكەتكە ماسلىشىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بىز ئادەتتە «ئاۋاز چىقارما، گەپ قىلما» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىگىز بارمىقىمىزنى چىقىرىپ

www.uyghurkitap.com

لىۋىمىزنى توسىمىز، بۇ چاغدا، ئېغىز تەبىئىي ھالدا قول ھەرىكىتىگە ماسلىشىدۇ، شۇڭا، قول ھەرىكىتى يەنە باشقا ئاۋازسىز تىللارنىڭ ياردىمىنىمۇ قوبۇل قىلغان بولىدۇ.

بەدەن ھەرىكىتى دېگىنىمىز، چوڭراق دائىرىدىن نۇتۇق جەريانىدىكى بەدەننىڭ ئومۇمىي ھەرىكىتىنى كۆرسەتسە، كىچىكرەك دائىرىدىن بەدەننىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. مۈرىنى قىسىپ قويۇش، ئالدى ـ كەينىگە ھەرىكەت قىلىش، مېڭىش، تۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بەدەن ھەرىكىتىگە كىرىدۇ. بەدەننىڭ ئومۇمىي ھەرىكىتى بارلىق ئاۋازسىز تىللارنىڭ مەنبەسىدۇر. ئەگەر بەدەن ھەرىكىتى باشقا ئاۋازسىز تىللارغا ماسلىشىپ بەرمىسە، ئاۋازسىز تىلنىڭ ئومۇمىي ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر يېتىدۇ.

## § 5. سەزگۈمىز ھېس قىلالايدىغان قوشۇمچە قوراللاردىن پايدىلىنىش

نۇتۇقتا ناتىق ئاۋازسىز تىلنى ئىشلىتىشتىن باشقا، يەنە كۆرۈش سېزىمى بىلەن مەقسەت ئۇقتۇرىدىغان ماتېرىيال مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. ئاسمان ـ زېمىن، بارلىق ئەمەلىي شەيئىلەر، ئوقۇتۇش تەتقىقات قوراللىرىنىڭ ھەممىسى نۇتۇقتا ماتېرىيال بولالايدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇشۇ ماتېرىياللارنى پەقەت دەل جايىدا ئىشلىتەلىسىلا، نۇتۇق مۇھىتىدا جانلىق بىر كەيپىياتنى ھاسىل قىلالايدۇ. كۆرۈش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ نۇتۇق كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، نۇتۇق مۇھىتىغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئەڭ ئاددىيسى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بويىچە، ئۇلار

كۆرۈپ تولۇق چۈشىنەلەيدىغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش كېرەك. ئۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلار بىلەن قاراش ۋە تۇيغۇ جەھەتتە بىرلىككە كېلىشتە ئەمەلىي ماتېرىيالدىن پايدىلىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، جۇغراپىيە دەرسى سۆزلىگەن ئوقۇتقۇچى ھەرقانداق ۋاقىتتا خەرىتە ۋە گلوبۇسلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدۇ. خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى تەجرىبىخانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبە ئارقىلىق دەرس سۆزلىگەندىلا كۆزلىگەن مەقسىتىگە تولۇق يېتەلەيدۇ. ئەمما ئۇتۇقتا ماتېرىياللاردىن بۇنداق كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىش يەنىلا مۇمكىن بولماي قالىدۇ، بۇنداق ئەمەلىي ماتېرىياللاردىن ئۇتۇق جەريانىدا يەنە بەلگىلىك دەرىجىدە پايدىلانمايمۇ بولمايدۇ. ئەمەلىي ماتېرىياللار ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەن قايىل قىلىش، جەلپ قىلىش ۋە تەسىر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بۇنداق ماتېرىياللارنى ئىشلەتكەندە، يەنە ئۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭمۇ زېھنى ئېچىلىپ، ھېسسىياتى ئۇرغۇيدۇ. بەزى ئۇتۇقلاردا بەزى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئەمەلىي ماتېرىيالنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ھەممىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. بەزى ئەمەلىي ماتېرىياللار سەپسەتىلەرنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئەمەلىي ماتېرىياللارنى قوللىنىشتا، ئالدى بىلەن مۇۋاپىق كېلىدىغان ماتېرىياللارنى تاللاش كېرەك. ئەگەر ئۇتۇق مەزمۇنىنى جانلىق يورۇتۇشقا، ھەقىقەتنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشقا پايدىسى بولىدىغانلا ماتېرىيال بولسا، ئۇلارنى ئۇتۇق ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارى ۋە قەھرىمانلارنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرۇپ، قەھرىمانلار ھەققىدە ئۇتۇق سۆزلەنسە، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئادەتتىكى سورۇنلارغا قارىغاندا زور بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇتۇق مەزمۇنىغا باب كېلىدىغان ئەمەلىي ماتېرىيالنىڭ دەل

www.uyghurkitap.com



بولغانلىقىدا.

ئەمەلىي ماتېرىيال يەنە ئۇلانما تەسەۋۋۇرنى ئۇرغۇتىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەنمۇ، ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەنمۇ ئەمەلىي ماتېرىيالنىڭ تەسەۋۋۇرنى قوزغىتىش رولى ناھايىتى زور. قانداق قىلغاندا نۇتۇق مۇھىتىدا ئەمەلىي ماتېرىيالدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ئالدى بىلەن، نۇتۇق سۆزلىگۈچى بەلگىلىك تەربىيە كۆرگەن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن ماتېرىياللارنى تاللاپ بېكىتىشى كېرەك. ئۇندىن باشقا، ئەمەلىي ماتېرىياللارنىڭ يەنە مۇئەييەن ئوبرازچانلىققا ئىگە بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. نۇتۇقتا ئەمەلىي ماتېرىيالدىن پايدىلىنىش ماكان ۋە زامان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان ئاۋازسىز تىل جەريانى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە نۇتۇق سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا ھېسسىي ۋە ئەقلىي تۇيغۇ بېرىدۇ.

# بەشىنچى باب  نۇتۇقنىڭ تەييارلىق باسقۇچلىرى ۋە نۇتۇق ئەمەلىيىتىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئامېرىكىلىق مەشھۇر نۇتۇقشۇناس گرونېر ئۆزىنىڭ «نۇتۇق ماھارىتى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەنىدى: «قەلبىگە ئىنىق مەقسەتنى پۈككەن ناتىق مەقسەتلىك سەپەرگە چىققان ساياھەتچىگە ئوخشايدۇ، سەيياھ ئەڭ ئاۋۋال ساياھەت نىشانىنى بېكىتىدۇ، ئاندىن قولىغا خەرىتىنى ئېلىپ، يولنىڭ يۆنىلىشى، ئۇزۇنلۇقى ۋە ئۇ مۇساپىگە كېتىدىغان ۋاقىتنى ئېنىق ئويلىشىدۇ، ھەتتا قەيەردە چۈشكۈن قىلىشنى ۋە نەدە ئاپتوموبىلغا ماي قاچىلاشنى، سەپەرگە قانچىلىك خىراجەت ۋە نېمىلەر كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەيدۇ.»[①] گرونېرنىڭ بۇ سۆزى نۇتۇق پائالىيىتىنىڭ سىستېمىسىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، نۇتۇق پائالىيىتىنىڭ پىلانلىق بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ پىكرىدىكى ھەقىقەت شۇ يەردىكى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتۇق پائالىيىتىنىڭ ھەربىر ھالقىسىنى قەدەممۇ قەدەم، ئەستايىدىل بېسىپ ئۆتسە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقى ئېنىق. نۇتۇقنى ياخشى سۆزلەش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈشى، چۇمۇلە روھى بىلەن ئىنچىكە ۋە تىنىمسىز ئىشلىشى كېرەك.

① ر. گرونېر: «نۇتۇق ماھارىتى»، لياۋنىڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 9 - بەت.

## § 1. تېمىنى ئېنىق بەلگىلەپ، ماتېرىيالنى ئەتراپلىق توپلاش

ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. نۇتۇق ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى جەمئىيەتنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تايانچ ۋە ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ قىلىدۇ، ئەنە شۇ ئېھتىياج نۇتۇق پائالىيىتىنىڭ مەقسەتچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مەقسەت ئېنىق بولسا، نۇتۇقنىڭ خىزمەت قىلىش نىشانى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ، نۇتۇقنىڭ تەييارلىق خىزمىتى مانا شۇ يۆنىلىشنىڭ پرىنسىپلىرىغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا نۇتۇقنىڭ تېمىسى بەلگىلەنگەندىن كېيىنلا، نۇتۇقتا تەييارلىق كۆرۈش ھالقىلىرى باشلىنىدۇ.

نىشاننى ئېنىق بىلىش ۋە ئۇنى بەلگىلەش چوقۇم ئەستايىدىل ئويلىشىدىغان، نۇتۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ زىچ ھالقا. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ھەممىشە ئىككى خىل ئەھۋالغا دۇچ كېلىدۇ: بىرى، باشقىلارنىڭ ئۇنى نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىشى، يەنە بىرى، سۆزلەشنى تەلەپ قىلىشى. بىرىنچى خىل ئەھۋالدا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆزىنى تەكلىپ قىلغان ئورۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇن بۇ نۇتۇقنى كىملەرگە ئاڭلاتماقچى؟ نېمە ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقچى؟ مەزكۇر نۇتۇق ئارقىلىق قانداق مەسىلىنى ھەل قىلماقچى؟ ئاخىرىدا قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى؟ نۇتۇق ئاڭلاشقا قانچىلىك ئادەم قاتناشماقچى؟ نۇتۇقنىڭ ۋاقتى قانچىلىك؟ قاتارلىقلارنى نۇتۇق سۆزلىگۈچى تەپسىلىي ئىگىلەيدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىلەرنى ئىگىلەش نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوبيېكتىنى

ئېنىق چۈشىنىپ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى بىلىپ، ئۆزىدە بىر نىشان تۇرغۇزۇپ، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭ پسىخىك جەھەتتىنمۇ تەييارلىق كۆرۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۆتۈق سۆزلىگۈچى ئۆتۈققا كىرىشتىن ئىلگىرى، ئۆتۈقنىڭ بارلىق مەقسەتلىرىنى ئېنىق بىلىۋېلىشى ئۆتۈق تەييارلىقى ئۇچۇن كەم بولسا بولمايدىغان ھالقىدۇر.

ئەگەر، ئۆتۈق سۆزلىگۈچى مۇئەييەن بىر ئۆتۈقنى سۆزلەشنى ئۆزى تەلەپ قىلسا، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئىدىيىسىنى كونكرېت بەلگىلەشتىن سىرت، يەنىلا ئائىلىغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ئۆتۈق شەكلىنىڭمۇ ماھىيىتى بىرىنچى خىلدىكى بىلەن ئوخشايدۇ.

ئۆتۈقنىڭ تەلىپىنى ئېنىق بىلىۋېلىش ئۆتۈقنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى بەلگىلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ بىر يادرو. چۈنكى ئاساسىي تېمىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئۆتۈقنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى، يېتەكچى ئىدىيىسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالىغانلىقتۇر، بۇ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆتۈقنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى بەلگىلەشتۇر. شۇنداق قىلغاندا، ئۆتۈقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىگە يېتىش ئۇچۇن، ھەتتا ئۆتۈقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەمەلىي ماتېرىياللارنىڭ دائىرىسى ۋە نىشانىنى بەلگىلىۋالغىلى بولىدۇ. دەل ئەنە شۇنداق بولغاچقا، ئامېرىكىلىق ئۆتۈق نەزەرىيىچىسى يوھان. خاسرىن مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا سورۇنلاردىكى ئۆتۈقنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ئارتۇقچىلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر ئادەم بىر توپ ئادەم بىلەن كۆز قاراش ۋە ئۇچۇردا بىرلىككە كېلىدۇ. مانا بۇ،

ئاغزاكى ئىدىيە ئالماشتۇرۇشنىڭ شۇنچە ئۇزۇن زاماندىن بۇيان ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ سىرىدۇر. شۇڭا نۇتۇققا تەييارلىق قىلغاندا، تەپسىلىي ئويلىنىش ھەم ئۆزى سۆزلىمەكچى بولغان ئومۇمىي تېما ھەققىدە ئىنچىكە تەييارلىق قىلىش كېرەك.»① بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان كۆز قاراش ئەمەلىيەتتە تېمىدۇر. نۇتۇقتا ئومۇمىي نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تېمىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، تېما نۇتۇققا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئادەتتە بىز تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاشتىن ئۆتكەن تۈپ ئىدىيىنى تېما دەپ ئاتايمىز. شەيئىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرىدىن تەھلىل ئېلىپ بېرىپ تېما بەلگىلەش سېلىشتۇرۇش، كۆزىتىش ۋە ئەمەلىي تەجرىبە قىلىش ئاساسىدا بولىدۇ، مۇشۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق نۇتۇقنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى توغرا، مەركەزلىك، يېڭى، چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك قىلىپ تۇرغۇزغىلى بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، نۇتۇق ئۈنۈمى ۋە تەسىرىنىڭ قانداق بولۇشى ئاساسىي تېمىنى قايسى نۇقتىدىن ۋە قانداق تاللاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نۇتۇقتا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قايىل بولۇشى ناتىقنىڭ ئاساسىي تېمىنى قانداق تاللاش ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاساسىي تېمىنى تاللاش بىر چوڭ تېما ياكى تەتقىقات تېمىسىدىن رېئاللىق ۋە ئوبيېكتىپنىڭ تەلىپى بويىچە دەل، مۇۋاپىق، يېڭى، چوڭقۇر، قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولغان بىر تېمىنى تاللاپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق تاللانغاندىلا، بۇ تېما ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ.

ئۇنداقتا، ئاساسىي تېمىنى تاللاشتا قانداق نۇقتىلارنى

① يوھان ناسرىن: «نۇتۇققا كىرىش — ئۇچۇر، نۇتۇق سۆزلىگۈچى، ئاڭلىغۇچىلار»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 18 - بەت.

چىقىش قىلىش كېرەك؟ بۇ ئوتتۇقشۇناسلىقتا ئەتراپلىق ئويلىنىشىدىغان مەسىلە. ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكت، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋال سىزدە ئوخشاش بولمىغان قاراتمىلىقنى، ئوخشاش بولمىغان مۇھاكىمە دائىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

باش تېما ئوتتۇقنىڭ هاياتىي كۈچى ۋە يېتەكچىسى سۈپىتىدە ئورغۇن ئەمەلىي روللارنى ئوينايدۇ. ئوتتۇقنى بىر تەن سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلساق، ئۇ چاغدا ئوتتۇقنىڭ باش تېمىسى مۇسكۇللارنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان ئىسكىلىتقا ئوخشايدۇ، بۇ يەردىكى مۇسكۇللار ئوتتۇقتىكى باش تېما ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بارلىق ماتېرىياللارغا ئوخشايدۇ، تەن ئۈچۈن بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا مۇھىم. ئەنە شۇنداق بولغاچقا، بارلىق مۇنەۋۋەر ناتىقلار ئوتتۇقتىن بۇرۇن ئېنىق، چوڭقۇر قاراشنى تىكلەشكە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ 16 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى، مەشھۇر ناتىق لىنكولىن نۇتتۇق سۆزلەشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ شىلەپىسىنى ئوتتۇقتىكى «ماتېرىيال» دەپ قاراپ، مەشىق داۋامىدا بۇ «ماتېرىيال» دىن پايدىلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، لىنكولىننىڭ شىلەپىسى قولىغا چىققان ھامان ئۇنىڭ ئوتقىدا ئالاھىدە جانلىنىش كەيپىياتى بارلىققا كېلىدىغان بولغان، بۇنداق ئادەتلەر دۇنيا تارىخىدىكى ناتىقلارنىڭ ھەرقاندىقىدا كۆرۈلىدۇ.

كەڭ، مول بىلىمگە ئىگە بولغان ناتىقمۇ كەڭ دائىرىلىك ماتېرىيال توپلايدۇ. ئوتتۇقشۇناس گرونېر مۇنداق دەيدۇ: «تەكشۈرۈش تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، ماتېرىيالنى مۇمكىنقەدەر كۆپ توپلاش كېرەك، سىز توپلىغان ماتېرىيال ئوتتۇق تەلەپ قىلغان ماتېرىيالدىنمۇ ئېشىپ كېتىشى، كاللىڭىزدا سىز سۆزلىمەكچى بولغان نەرسىلەر تولۇق بولۇشى، ئۆزىڭىز سۆزلىمەكچى بولغان

www.uyghurkitap.com

ھەممە مەزمۇننى تولۇق ئىگىلىشىڭىز كېرەك. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مول تەجرىبىگە ئىگە بىر ناتىق نۇتۇق ماتېرىيالىنى تەييارلىغاندا دۇچ كېلىدىغان تىپىنچىلىق قانداق ماتېرىياللارنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بار؟ قانداق ماتېرىياللار شاللىۋېتىلىشى كېرەك؟ دېگەندىن ئىبارەت. سىز تىرىشىپ - تىرمىشىپ مۇنداق غايىۋى كەيپىياتنى تىكلىشىڭىز، يەنى نۇتۇقتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ ئەمەلىي سان نىسبىتى بىلەن سىز ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنىڭ قانچىلىكلىكىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىڭىز كېرەك. ئەگەر نۇتۇقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەمەلىي ماتېرىيال سىز يورۇتماقچى بولغان مەزمۇنلاردىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى قىلچە ئايانماي تاشلاش كېرەك.»①

نۇتۇقتا ماتېرىياللارنى يېتەرلىك ۋە دەل تاللاش ئۈچۈن، بىۋاسىتە ماتېرىيال، ۋاستىلىك ماتېرىيال ۋە ئىجادىي ماتېرىياللارنى ئېنىق ئايرىۋېلىش كېرەك. بىۋاسىتە ماتېرىيال دېگىنىمىز، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ رېئال تۇرمۇشتا كۆزىتىش، ھېس قىلىش ياكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاستىلىك ماتېرىياللار بولسا، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ گېزىت - ژۇرنال، كىتاب ۋە باشقا نەشر بۇيۇملىرىدىن ياكى رادىئو، تېلېۋىزوردىن ئېرىشكەن ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجادىي ماتېرىياللار بولسا، زور مىقداردىكى بىۋاسىتە ۋە ۋاستىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا، تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن يېڭى ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۈچ خىل ماتېرىيال نۇتۇقتا نىسپىي تەگپۇڭلۇقنى ساقلىشى كېرەك.

① ر. گرونېر: «نۇتۇق ماھارىتى»، لياۋنىڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 12 - بەت.

پەقەت ۋاستىلىك ماتېرىياللا تىلغا ئېلىنسا، ئاڭلىغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ئۈچ خىل ماتېرىيال بىزگە ماتېرىيالنى قايسى نۇقتىدىن يىغىشنى، ئۇنى قانداق رەتلەشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نۇتۇق سۆزلەش ماقالە يېزىشقا ئوخشاشلا، ماتېرىيال مەنبەسىگە تايىنىدۇ. ئەگەر ماتېرىيال ياخشى تاللانمىسا، يېزىقمۇ قۇرۇق گەپلەر دۆۋىسىگە ئايلىنىدۇ، نۇتۇقمۇ زېرىكىشلىك نۇتۇققا ئايلىنىدۇ. ماتېرىيال توپلىغاندا تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن قول سېلىش كېرەك:

(1) جەمئىيەتنى چۈشىنىش، هايات قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش كېرەك

بەزى نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر دوستلىرىغا نۇتۇق ماتېرىيالىنىڭ كەملىكىنى، شۇ سەۋەبتىن نۇتۇق جەريانىدا كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ گەپنىڭ هېچقانداق ئاساسى يوق. چۈنكى هەرقانداق ئادەمنىڭ ئەتراپىدا، هەرقانداق ۋاقىتتا، هەرقانداق يەردە سانسىزلىغان ماتېرىياللار تولۇپ ياتقان بولىدۇ. دۇنيا ئىنتايىن چوڭ، كائىنات رەڭگارەڭ مەزمۇن بىلەن تولغان، كىشىلىك هاياتتا ماهىيەتلىك نەرسىلەر تولۇپ ياتىدۇ، پەقەت ئادەم ئۆزى ئەقىل كۆزى بىلەن ئۇلاردىن ھەقىقەتنى ئىزدىگەندىلا، نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى خۇددى يازغۇچى، شائىرلاردەك رېئاللىقنىڭ، هاياتنىڭ ماهىيەتلىك تەرەپلىرىنى، بولۇپمۇ كىشىلەر تېخى هېس قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئاجايىپ ماهىيەتلەرنى تېپىپ چىقىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن تەبىئىي هالدا، مول ماتېرىيال مەنبەسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن، ئۆز سەزگۈسى بىلەن هېس قىلمىغان،

ئۆزىنىڭ قەلب تۇيغۇسى بىلەن بىلمىگەن ئەمەلىي ماتېرىياللارنىڭ نۇتۇقتىكى ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك بولمايدۇ، شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ھەر ۋاقىت رېئاللىققا چوڭقۇر چۆكۈشى، جەمئىيەتنى چۈشىنىشى ۋە ھايات قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىشى لازىم. ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ياكى ئىش ئۈستىلىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپلا، نۇتۇقنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ. ئادەتتە، دەرس مەزمۇنلىرىنىمۇ رېئال ھايات ھەقىقەتلىرىگە باغلىيالىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتودى ياخشى بولىدۇ. چۈنكى ئوقۇتقۇچىمۇ بىز ئالدىنقى سەھىپىلەردە دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، نۇتۇق سۆزلىگۈچىدۇر.

(2) قېتىرقىنىپ كىتاب ئوقۇپ، بىلىمنى بېيىتىش كېرەك

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ماتېرىيال مەلۇم مەنىدىن بىر خىل بىلىمدۇر. بىر ئادەمنىڭ بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇشى ئۇنىڭ تەبىئىي ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتىن كەلگەن بىلىم نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلار ئاساسىدا ئەڭ ئاخىرى نەزەرىيىۋى سىستېمىنى بەرپا قىلىدۇ، شۇڭا نەزەرىيىۋى بىلىمگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، كۆپ كىتاب ئوقۇش، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق ماتېرىيال مەنبەلىرىنى كۆپ كۆرۈش، ھەتتا سىياسىيغا دائىر بولغان ھۆججەتلەرنى، خىزمەتكە ئالاقىدار دوكلاتلارنى كۆپ كۆرۈش، نەزەرىيىۋى سەۋىيىنى ئاشۇرۇشتا مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇنداق نەزەرىيىۋى ماتېرىياللارنى كۆرگەندە ئۇنىڭ ئەمەلىيەت ئاساسىنىمۇ پۇختا ئىگىلەش كېرەك. كىتاب — ئەقىلنىڭ بۇلىقى. ئۇ كىشىگە ئەقلىي بىلىم بېرىشتىن سىرت، تىل جەھەتتىمۇ نۇرغۇن بىلىملەرنى بېرىدۇ، شۇڭا دۇنيا تارىخىدىكى

ناتىقلارنىڭ ھەممىسىلا كىتاب ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولغان ئىدى. تارىختا يەنە كىتاب ئوقۇماي، ئىجتىھات قىلماي بىلىملىك بولغان بىرمۇ ئادەم يوق، ناتىق جەزمەن بىلىملىك بولۇشى شەرت. ئەگەر بىر نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ بىلىم قورۇلمىسى ئاڭلىغۇچىلارنىڭكىدىنمۇ ئاددىي بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى ھېچكىمگە خۇشياقمايدۇ. ئوقۇتقۇچى بولغۇچى جەزمەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا كۆپنى بىلىدىغان بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئوقۇغۇچىلار ئۇنداق ئوقۇتقۇچىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

. بىر نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتۇق سۆزلەشكە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، جەزمەن ئۆزى سۆزلىمەكچى بولغان تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ سەۋىيىلىك كىتابلارنى كۆرۈپ چىقىشى كېرەك. ئاددىيسى، بىر يېزىقچىلىق ئوقۇتقۇچىسى ئۆزى يېزىقچىلىقتىن خەۋەردار بولۇشى، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى بارلىق ئەدەبىيات ھادىسىلىرىدىن، ھېچ بولمىغاندا جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا كۆپ كىتاب ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ.

(3) تەپەككۇر قىلىشقا، بايقاشقا ماھىر بولۇش كېرەك

بىۋاسىتە ماتېرىيال ياكى ۋاسىتىلىك ماتېرىيال دېگەندە، ئەسلىي ھاياتتىن ۋە كىتاب - ژۇرناللاردىن بىۋاسىتە ئالغان بىلىملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنداقتا ئىجادىي ماتېرىياللار تەبىئىي ھالدا تەپەككۇر ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىجادىي ماتېرىيال يېڭى بىلىمگە، يېڭى ئۇچۇرغا، يېڭى خاراكتېرگە ۋە يېڭى بايقاش نەتىجىلىرىگە ئىگە بولىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى تەييارلىق خىزمىتىدە شەيئىلەرنىڭ

ماھىيەتلىك مەزمۇنىغا، ھاياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشنى بىلمىسە، يېڭى ئەقلىي خۇلاسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. يېڭى ئەقلىي خۇلاسە نۇتۇقتىكى ئاساسىي پىكىرگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ، ئۆگەنگەن نەرسىنى تەپەككۇر ئاساسىدا ئۆگەنمىسە، تەپەككۇر قىلغان نەرسىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى بىلمىسە، يارامىلىق ماتېرىيال توپلىغۇچى بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگەنگۈچىلەر مېڭە ئىشلىتىشكە، تەپەككۇر قىلىشقا، بۇ جەرياندا يىغىلىقلارنى بايقاشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى لازىم.

ماتېرىيالنى توپلىغاندىن كېيىن، ئۇنى رەتلەش ۋە تەرتىپكە سېلىنىشمۇ يەنە ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

## § 2. ئاڭلىغۇچىلارنى ھەر جەھەتتىن تولۇق چۈشىنىش ۋە نۇتۇق مۇھىتىنى پىششىق ئىگىلەش

نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنى چۈشىنىشى ۋە نۇتۇق مۇھىتىغا پىششىق بولۇشى خۇددى بىر تىياتىر ئارتىسىنىڭ ئۆز تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزىقىشىنى چۈشىنىشى ۋە سەھنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن پىششىق تونۇشۇشىغا ئوخشايدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلار ۋە مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى بېلىق بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار بىرلىكتە ئۆزئارا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئاڭلىغۇچىلار بىلەن نۇتۇق مۇھىتى بولغاندىلا، نۇتۇق پائالىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئوبيېكتى ۋە ئاساسى شەكىللىنىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولغاندىلا، نۇتۇق پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. نۇتۇق

سۆزلىگۈچىنى بىلىقا تەققاسلىساق، نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلار بىلەن نۇتۇق مۇھىتى سۇغا ئوخشايدۇ. ئامېرىكىنىڭ داڭلىق نۇتۇقشۇناسى دالې. كارنېگ نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆرقاراش ۋە مەيدانىنى چۈشىنىشى لازىملىقىنى ئەسكەرتىدۇ. نۇتۇق مەيدانىنى جانلاندۇرۇش، نۇتۇق پائالىيىتىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداش ئۈچۈن، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئۈچ ئامىل بولمىسا بولمايدۇ. بۇ ئۈچ ئامىل ئۆزئارا ياخشى ماسلىشالىسا، ئۇ ھالدا نۇتۇقنىڭ ئۈنۈمى، شۈبھىسىزكى، ياخشى بولىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنى چۈشىنىش ۋە نۇتۇقنى پۇختا ئىگىلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل نۇتۇق جەريانىدىكى ئورنى ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە توغرا قاراشنى شەكىللەندۈرىدۇ، پۈتكۈل نۇتۇق پائالىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ بىر رولچى ۋە كونترول قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ، بۇنداق بىلىۋېلىش نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئاڭلىغۇچىلارغا بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ. ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نۇتۇق مۇددىئاسىنى بېكىتىش نۇتۇقتىكى ئاساسىي پىكرنى ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى يەنە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، مۇھىتقا ماسلىشىش، ئۇنى پىششىق ئىگىلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىسخىك ئاساسىنى تەڭشەيدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلار ۋە مۇھىت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇرغان مەيدانىنى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدۇ. نۇتۇق جەريانىدا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەش، ئۇلارنىڭ قەلب تارىنى تىترىتىپ غايىۋى ئىنتىلىشنى قوزغاشتىن ئىبارەت نۇتۇق

www.uyghurkitap.com

كەيپىياتىنى يارىتىشتا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى پىسخىك جەھەتتىمۇ ئاڭلىغۇچىلار بىلەن بىر دەك بولۇپ، قىزغىنلىقتا ئۇلار بىلەن ماسلىشىش كېرەك. ئاڭلىغۇچىلارنى چۈشىنىشتە مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى ئەستە چىڭ تۇتۇش لازىم: بىرىنچىدىن، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەبىئىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش كېرەك. بۇنداق دېگىنىمىز، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يېشى، جىنس ئايرىمىسى، شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپى، مەدەنىيەتلىك دەرىجىسى، قىزىقىش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىلاردا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي تونۇشى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇ چۈشەنچە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ مەزمۇننى بېكىتىش ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئوخشاش بولمىغان تاللىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇبادا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدە لېكسىيە سۆزلەنسە ئوقۇغۇچىلار چۈشىنەلمەي قالىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدە لېكسىيە سۆزلەنسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغىغىلى بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئاڭلىغۇچىلارنى چۈشىنىشتە، نۇتۇق سۆزلىگۈچى جەزمەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نۆۋەتتىكى تەلىپىنى چۈشىنىشى كېرەك. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەلىپى ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى، خۇشاللىقى، ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، قىيىنچىلىقلىرى، ئۇلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇلار ھەل قىلالمايۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ئارقىلىق ئۆز نۇتقىنىڭ قاراتمىلىقىنى، قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە پاساھىتىنى ئاشۇرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، نۇتۇق

سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسىنى چۈشىنىشى، كوللېكتىپنىڭ ئورتاق پسىخىك خاسلىقىنى ھېس قىلالايدىغان ئەقىللىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن قانداق پسىخىك پوزىتسىيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق چۈشىنىش ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئۇچۇر تاللاش، ئۇنىڭغا قىزىقىش كەيپىياتىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسى ھەر ۋاقىت ھەر خىل كەيپىياتنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ، ئەمما ئۇلاردا يەنە ئورتاق پسىخىك روھىي ھالەتمۇ بولىدۇ، ھېچبولمىغاندا، ئۇلار نۇتۇقتىن يېڭى ئۇچۇر ۋە يېڭى بىلىم ئېلىش تۇيغۇسى جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە.

نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتۇق مۇھىتىغا پىششىق بولۇش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، نۇتۇق مەيدانىغا پىششىق بولۇشقا دىققەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، نەزەرىنى نۇتۇق مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتقا ئاغدۇرىدۇ. نۇتۇق مەيدانى زال ئىچى ۋە ئوچۇقچىلىق مەيدان دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. زال ئىچىدىكى مەيداندا نۇتۇق سۆزلىگۈچى بۇ قورۇلۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، نۇتۇق زالىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە، ئاۋاز كۈچەيتىش ئۈسكۈنىلىرىگە، چىراغ نۇرىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىغا، ئورۇندۇقلارنىڭ تىزىلىش ئالاھىدىلىكىگە ۋە مۇنبەر، دوسكا بېزەكلەرگە بىرەر قۇر دىققەت قىلىپ قويۇشى كېرەك. مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەر بويىچە نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ ئاۋازى، تەقى - تۇرقى، روھىي ھالىتى قاتارلىقلارنى تەڭشەيدۇ. ئوچۇقچىلىقتىكى نۇتۇق.مەيدانىدا بولسا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇشۇ مەيداندىكى ئەسلىھەلەر، يەر شەكلى، ئەتراپىدىكى

ئىمارەت، دەل - دەرەخ قاتارلىقلارغا نەزەر سالىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە، مەيداندىكى مۇشۇ مۇھىتلاردىنمۇ نۇتۇقتا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدۇ.

نۇتۇق مەيدانى ئەتراپىدىكى مۇھىتقا پىششىق بولۇش دېگەنلىك، نۇتۇق مەيدانى ئەتراپىدىكى چوڭ مۇھىتقا پىششىق بولۇش دېگەنلىكتۇر. نۇتۇق مەيدانى ئەتراپىدىكى چوڭ مۇھىت بولسا، يىراق - يېقىن، ئەتراپلاردىكى ھەرخىل ئاۋازلار ۋە ھەرخىل تەسىر ئېلېمېنتلىرىغا نىسبەتەن ئەتراپلىق تونۇش ھاسىل قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇق ئەمەلىيىتىدىن بۇرۇن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاڭلىغۇچىلار بىلەن مۇھىتنىڭ بىرلىكىگىمۇ دىققەت قىلىپ قويۇش كېرەك.

## § 3. تەپەككۇر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇكەممەل تېزىس تۈزۈش

تەپەككۇر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش دېگىنىمىز، نۇتۇقنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا ئاساسىي تېمىنى بېكىتىش، ماتېرىيالنى تولۇق توپلاپ بولغاندىن كېيىن، نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئاساسىدا كاللىسىنى ئىشلىتىپ، ئاۋۋال نېمىنى سۆزلەش، ئوتتۇرىسىدا نېمىنى سۆزلەش ۋە ئاخىرىدا نېمىنى سۆزلەشتىن ئىبارەت بىر ئۇنىۋېرسال پىلان ۋە لاھىيىنى تۈزۈشكە قارىتىلغان. مۇكەممەل تېزىس تۈزۈش بولسا، يېزىق شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئاشۇ تەپەككۇر نەتىجىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ خاتىرىلەشكە قارىتىلغان.

بۇ ئىككى نۇقتا نۇتۇق سۆزلەشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتلىرىدۇر. تەپەككۇر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇقتىكى قاراتمىلىقى ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىغا يول ئېچىپ بېرىش بولۇپ، بۇ ماھىيەتتە نۇتۇقنىڭ جېنىدۇر. ئاساسىي تېمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ماتېرىيالنى ئەتراپلىق تەشكىللەشتە تەپەككۇر يولى يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. لاۋرېنتىس «نۇتۇق ماھارىتى» دېگەن كىتابىدا: نۇتۇق تېزىسى پۈتۈن نۇتۇقنىڭ پروگراممىسىدۇر، ئۇ يەنە نۇتۇق جەريانىدا ئۇنتۇلغان مەزمۇنلارنى ئەسكە سالىدۇ، نۇتۇق تېزىسى روھىي جەھەتتىن نۇتۇق سۆزلىگۈچىنى مۇنبەردە خاتىرجەم كەيپىياتقا ئېلىپ كىرىدۇ، شۇڭا نۇتۇق پىسخىكىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، نۇتۇق تېزىسىنىڭ رولى ئىنتايىن زور دېگەنىدى.

نۇتۇق تېزىسىنى يېزىشتىن ئىلگىرى نۇتۇق سۆزلىگۈچى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مەسىلىنى ئەستە چىڭ تۇتۇشى كېرەك:

بىرىنچىدىن، ئالدى بىلەن نۇتۇقنىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. نۇتۇق تېزىسىنى يازغان ۋاقىتتا، مۇنبەردە سۆزلىنىدىغان ھەممە گەپنى تولۇقى بىلەن خاتىرىلىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت مەزمۇندىكى مۇھىم نۇقتىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى ۋە ئۆزى ئەستە تولۇق تۇتۇۋالالمايدىغان، تەبىر خاراكتېرىدىكى ئۇقۇملارنى خاتىرىلىۋېلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئەمما بۇ خاتىرە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى بىر قاراپلا تولۇق چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىدە تەرتىپلىك بولۇشى كېرەك. تېزىس نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئاساسىي پىكرىنى تەرتىپلىك بايان قىلىشتا يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نۇتۇق

تېزىسىغا پىششىق بولۇش ۋە ئۇنى ئىگىلىۋېلىش نۇتۇقنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى تولۇق ئىگىلىۋېلىش بىلەن تەڭدۇر، شۇڭا بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورگانىك باغلىنىش بولىدۇ. تېزىس يېزىشتىن بۇرۇن نۇتۇقنىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە مەزمۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تولۇق بىلمىگەندە، ئۆلچەملىك تېزىس يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئاۋۋال نۇتۇق تېزىسىنى يېزىۋېلىپ، ئاندىن نۇتۇق مەشىقى قىلماستىن، ئاۋۋال نۇتۇق مەشىقىنى بىر ئىشلەپ كۆرۈپ، قانداق مەسىلىلەرنىڭ ئەستە تۇتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، قانداق نۇقتىلاردا ئىپادىلەشنىڭ تەس بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش لازىم. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تېزىس يېزىشتىن بۇرۇن، ئەسلىي تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ماتېرىيال مەنبەلىرىنى ۋە ئەمەلىي ماتېرىياللارنى تولۇقلىۋېلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، نۇتۇق تېزىسىنى قانداق يېزىشنىمۇ بىلمەي قالىدۇ.

نۇتۇق تېزىسى مۇنداق بىرقانچە خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ماۋزۇ شەكلىدىكى تېزىس

چوڭ ماۋزۇ ئاستىدا بىرقانچە كىچىك ماۋزۇلار بولىدۇ. نۇتۇق تېزىسىدا ھەربىر چوڭ ماۋزۇ بىلەن ئۇنىڭ ئاستىدىكى كىچىك ماۋزۇلارنى تەرتىپ بىلەن خاتىرىلەپ، تېزىس تۇرغۇزۇۋالغاندا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى پىكىر ۋە بايان تەرتىپىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشتا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆزى سۆزلىمەكچى بولغان نۇتۇقنىڭ ئىچىدىكى بارلىق تەپسىلاتلارغا جەزمەن پىششىق بولۇشى كېرەك.

2. جۈملە تېزىسى

بۇ، تېزىسنىڭ ئەڭ تەپسىلىي ۋە ئەڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلىدۇر. بۇ خىل شەكىلدە نۇتۇقتىكى ئاساسىي كۆز قاراش ۋە ھالـقـىـلىق پىكىرلەر مۇكەممەل جۈملە ئارقىلىق ئېنىق، چۈشىنىشلىك خاتىرىلىنىدۇ. بۇ خىل تېزىس شەكلى ئاساسىي مەقسەتتىن چەتنەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەمما بۇ تېزىس شەكلىنىڭ كەمچىلىكى شۇكى، بۇ كۆپرەك يېزىلىپ كېتىدۇ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېنىقلىق دەرىجىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدۇ.

3. ئاچقۇچلۇق سۆزلەر تېزىسى

بۇ تـېـزىـس شەكلى قىسقارتىلما تېزىس شەكلى بولۇپ، ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى خاتىرىلىنىپ، نۇتۇق جەريانىدا مۇھىم ھالقىلار چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، نۇتۇق جەريانىدا، تەرتىپ بىلەن بايان قىلىش، مەزمۇننى چۈشۈرۈپ قويماسلىق ۋە سۆزلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ناھايىتى قولايلىق.

ناھايىتى ياخشى بىر نۇتۇق مەيلى ئۇ ئۇزۇن ياكى قىسقا بـولـسۇن، ناھايىتى مۇكەممەل ۋە يېڭى تەپەككۇرنى ئوتتۇرىغا قـويـىـدۇ. يـېـڭـى تەپەككۇرغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن دېتاللار سۆزلىگۈچىنىڭ خاتىرىسىدە تولۇق ساقلىنىپ قېلىشى ناتايىن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تېزىس يېزىۋېلىش ناھايىتى ياخشى ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، نۇتۇقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدا بەلـگىلىك رول ئوينايدۇ. دۇنيا تارىخىدىكى كۆپىنچە ناتىقلار تېزىس تۈزغۈزۈشتىن ئىلگىرى سۆزلەپ بېقىش ھالقىسىنى چىڭ تـۇتـقان ھەمدە شۇ بويىچە تېزىس تۈزغۈزغان ئىدى. تېزىسنى

تۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، تېزىس بويىچە سۆزلەش ئەمەلىيىتىنى يەنە بىر قۇر سىناق قىلىپ كۆرگەن. ئەڭ ئاخىرى نۇتۇقنىڭ بارلىق مەزمۇن ۋە ئىپادىلەش شەكىللىرىگە پىششىق، راۋان بولغاندىن كېيىنلا، مۇنبەرگە خاتىرجەم چىقىپ، كىشىلەرنى قايىل قىلارلىق نۇتۇقلارنى سۆزلىگەن.

## § 4. تېزىس بويىچە ئالدىن سۆزلەپ بېقىش ھالقىسىنى تۇتۇش

نۇتۇق تېزىسى قانچە تەپسىلىي، قانچە كەڭ دائىرىلىك، قانچە ئۇزۇن يېزىلسا، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئۇنىڭغا تايىنىۋېلىشى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. نۇتۇق ئىقتىدارى يوق بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قارىماي، پۈتۈن دەرس جەريانىدا ئۆزىنىڭ كونسپېكتىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشى مانا شۇ سەۋەبتىندۇر. بۇنداق ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنى نۇتۇقتا يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كونسپېكى ئاساسىدا مۇمكىنقەدەر ئىخچاملانغان تېزىس تەييارلىۋېلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا كونسپېكت تىلىنى ئۆزىنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرالايدۇ.

نۇتۇقتا ئىشلىتىلىدىغان تېزىس مۇمكىنقەدەر ئاددىي ۋە ئىخچام بولىدۇ. ئەگەر نۇتۇق پائالىيىتى بىر تۈرلۈك سىستېمىلىق قۇرۇلۇشقا ئوخشىسا، نۇتۇق تېزىسىنى يېزىش مۇشۇ قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرىگە ئوخشايدۇ. بىز بۇ يەردە نۇتۇق تېزىسى يېزىش بىلەن نۇتۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. نۇتۇق تېزىسى يېزىشنىڭ رولى ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ:

### 1. نۇتۇق مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ

نۇتۇق پائالىيىتى تەييارلىق باسقۇچىدىن تارتىپ نۇتۇق ئاخىرلاشقىچە بولغان جەرياندا، ھەممىسى بىر لىنىيىگە باغلانغان بولىدۇ. نۇتۇق تېزىسى مانا مۇشۇ جەرياننى بىر خىل ۋاستە ۋە ئۇسۇل بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. نۇتۇق تېزىسىنى يېزىش جەريانىدا نۇتۇقنىڭ ئاساسىي تېمىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، تېخىمۇ پىششىقلىنىدۇ ۋە تاۋلىنىدۇ، نۇتۇق ئۈچۈن تەييارلانغان ماتېرىياللار تېزىس يېزىش جەريانىدىلا ئەڭ ياخشى تاللاشقا ئېرىشەلەيدۇ، بولۇپمۇ ماتېرىياللار تېزىس يېزىش جەريانىدا رەتكە تۇرغۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېزىس يېزىش جەريانى نۇتۇق ئۈچۈن ئىلمىي پىلاننى شەكىللەندۈرىدۇ. دالې كارنېگ مۇنداق دەيدۇ: «چوڭقۇر تەپەككۇر نۇتۇقنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنىنىڭ ھاياتىي كۈچىدۇر. پەقەت چوڭقۇر تەپەككۇرلا ئىدىيىنى تاللايدۇ، سىز بىر يېڭى ئىدىيىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن ماتېرىيال توپلايسىز، شۇبھىسىزكى، مۇشۇ ماتېرىياللارنى تەرتىپكە تۇرغۇزۇپ، تېزىس ھازىرلايسىز. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، تېزىس يېڭى ئىدىيە ئۈچۈنمۇ كەم بولسا بولمايدۇ.»① كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، تېزىس تۈزۈش نۇتۇق مۇددىئاسىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان مۇھىم رولغا ئىگە ۋاستىدۇر.

### 2. نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتۇق تەپەككۇرى ئەندىزىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرىدۇ

① نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇشلۇقى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1993 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 170 - بەت.

www.uyghurkitap.com


نۇتۇق تەپەككۇرى ئەندىزىسى پىششىقلانغان نۇتۇقنىڭ ھەر خىل ئامىللىرى ھەمدە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان، نۇتۇقنىڭ تەييارلىق دائىرىسىگە كىرىدىغان نۇرغۇن شەيئىلەرنىڭ ئورتاق كاتېگورىيىسىدۇر. بۇ يەنە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى بىلەن تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ بىر خىل كەسپىي تىپتىكى تەپەككۇر ئىقتىدارى بولۇپ، ئىجادچانلىقتا ئىگىدۇر. مەسىلەن، بىز ئادەتتە باھار كەلگەندە ھەر خىل تۇيغۇلارغا كېلىمىز، ئادەتتىكى كىشىلەر باھار مەنزىرىسىدىن گۈزەللىك ھېس قىلسا، مۇزىكانتلار بۇ گۈزەللىكنى پىششىقلاپ، مۇزىكا ئىجاد قىلىدۇ، شائىرلار ئىلھام بىلەن شېئىر يازىدۇ. دېمەك، تەسەۋۋۇر كەسپچانلىقتا ئىگە بولغان تەپەككۇر پائالىيىتىدۇر. شۇڭا، ئوخشاش بىر شەيئىنى ئوخشاش بولمىغان كەسپتىكى ئادەملەر ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن كۆزىتىدۇ. ئەگەر بىر كالىنى دېھقان كۆرسە، ئۇنىڭ ياش - قېرىلىقى، كۈچىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئۆلچەم قىلىشى مۇمكىن، بىر قاسساپ بولسا، شۈبھىسىزكى، كالىنىڭ سېمىز - ئورۇقلۇقىنى ئۆلچەم قىلىدۇ، تېرىچى بولسا چوقۇم ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ كۆنگە ياراش ياكى يارىماسلىقىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئىجادىي تەپەككۇر شەكلى ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسپلەردە ئورتاق مەۋجۇت بولىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاتقۇرۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، نۇتۇقنىڭمۇ ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسى بولىدۇ، بۇ ئەندىزە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. نۇتۇق تەپەككۇرى ئەندىزىسىنى پۇختا ئىگىلىگەندە نۇتۇق زېمىنىدا

ھـۆرلـۈكـكـە ئـېـرىشكىلى بولىدۇ. بىر نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە نـىـسـبـەتـەن ئـېـيـتـقـاندا، ئۇ پەقەت تەپەككۇر ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىنلا، نۇتۇق تېمىسى ھەققىدە دەرھال بىر تەسىراتقا كېلەلەيدۇ، شۇنداقلا نۇتۇق تېزىسىنىمۇ ناھايىتى تېز يېزىپ چىقالايدۇ.

نۇتۇق تېزىسىنى يېزىش جەريانى نۇتۇقتا ھەرقايسى مۇھىم ھـالقىلارنىڭ نەزەرىدىن ئۆتۈش جەريانى بولۇپ، ئۇ نۇتۇقنىڭ تەشكىللىنىشى، تەييارلىقى جەريانىدا مەركەزلىك گەۋدىلىنىدۇ. نۇتۇق تېزىسى نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئاۋازلىق تىلنى كاپالەتكە ئـىـگـە قـىـلـىدىغان تايانچىدۇر. مۇشۇ تايانچنىڭ مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق بولۇشىدىمۇ، نۇتۇقنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسى كەم بولسا بولمايدۇ.

3. نۇتۇقنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىدىغان پەلەمپەي بولالايدۇ

ئـەمـەلـىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېزىقچىلىق پائالىيىتى كـىـشـىـلەرنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، تەپەككۇر يۈكسەكلىكى خالىغان ۋاقىتتا بىرەر نۇقتىدا مۇقىملىشىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ، ئاشۇ يۈكسەكلىكنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. دۇنيا تارىخىدىكى ئـۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار، پەيلاسوپلار ئاساسەن يېزىش ئىقتىدارى بـىـلـەن ئـۆزـىـنـىـڭ تەپەككۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، نۇتۇق سۆيلىنىشنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە نۇتۇق تېزىسىمۇ ئەنە شۇنداق مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۇتۇق تېزىسى ئەنە شۇنداق مۇھىم ئىكەن، ئۇنداقتا نۇتۇق تېزىسىنى يازغاندا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە دىـقـقـەت قـىـلماي بولمايدۇ: (1) قاراتمىلىققا دىققەت قىلىش

www.uyghurkitap.com



كېرەك. قاراتمىلىق نۇتۇق تېزىسىنى يېزىش جەريانىدىكى باشتىن - ئاخىر ئاڭلىغۇچىلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ تەييارلانغان بارلىق پىكىرلەردۇر. نۇتۇقتا، ئاڭلىغۇچىلار ئاساسىي تېمىغا ئېھتىياجلىق، ماتېرىياللارغا بولسا ئۇلار قىزىقىدۇ. تىل بولسا، ئۇلارغا تونۇشلۇق. ھەقىقەتنى بولسا ئۇلار خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. تەبىئىي ھېسسىياتلا بولسا، ئۇلار روھلىنىدۇ. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، نۇتۇقتا پەقەت ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشلا ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

بەزىلەر نۇتۇق تېزىسىنىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «نۇتۇقنىڭ ئۆز تىلى سەنئەتتۇر، نۇتۇق تېزىسى بولسا يېزىق بىلەن گەۋدىلىنىدىغان سەنئەتتۇر. يېزىق بىلەن گەۋدىلىنىدىغان سەنئەت نۇتۇقنىڭ تىل سەنئىتىگە قارىغاندا ئالاھىدە ئىخچام بولىدۇ. ئەمما ئۇ، شۇ ئىخچام مەزمۇنى بىلەن تەپسىلىي نۇتۇق مۇھتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.»① مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، نۇتۇق تېزىسى جەزمەن قاراتمىلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. (2) نۇتۇق تېزىسى رىغبەتلەندۈرەرلىك بولۇشى لازىم. بارلىق مۇنەۋۋەر ناتىقلارنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىشى ئاجايىپ بىر خىل لوگىكىلىق قۇدرەتكە باغلىقتۇر، بارلىق ئاڭلىغۇچىلارنى قايىل قىلىش بىر خىل ئۇلۇغ تەپەككۇرنىڭ كۈچىدۇر، بارلىق ئاڭلىغۇچىلارنى ئورتاق تەسىرلەندۈرۈش بىر خىل كۈچلۈك ۋە تەسىرلىك ھېسسىياتنىڭ قۇدرىتىدۇر. مانا مۇشۇلارنىڭ يىغىندىسى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە

① گاۋ جىنيۈەن، جاڭ خۇڭگو: «نۇتۇق تېزىسىنى قانداق يېزىش كېرەك؟» شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 10 - بەت.

تەشۋىق قىلىش ئالاھىدىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نۇتۇق تېزىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. 1963 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئامېرىكىدىكى ناھايىتى كۆپ نېگىرلار ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندىكى لىنكولىن خاتىرە سارىيىنىڭ ئالدىغا توپلىشىپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك تىنچلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. بۇ چاغدا، كۆپلىگەن نېگىر ناتىقلار تېزىس تەييارلاپ، لىنكولىن خاتىرە سارىيىنىڭ ئالدىدا نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ نۇتۇقلار شۇنچىلىك تەسىرلىك ۋە شۇنچىلىك قۇدرەتلىك بولدىكى، 100 يىل ئىلگىرى لىنكولىن ئۆز قولى بىلەن قول قويۇپ، ئامېرىكا خەلقىگە جاكارلىغان «ئازادلىق خىتابنامىسى» نىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى قايتا دۇنياغا تونۇتتى. شۇ ۋاقىتتىكى نۇتۇقلارنى ئامېرىكىلىقلار كىتابلاردىن ھازىر ئوقۇسىمۇ، تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. ئۇلار بۇ نۇتۇقلاردىن پۈتمەس رىغبەت ۋە ھاياتىي كۈچ ئالىدۇ. (3) نۇتۇق تېزىسىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى ئاساسلىق ئىككى جەھەتتىن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ: بىرىنچىدىن، نۇتۇق تېزىسىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن نۇتۇقنىڭ ھەرقايسى ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، نۇتۇق تېزىسىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى نۇتۇق تېزىسىنىڭ باش تېمىسى، ماتېرىيالى، تىلى، قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئامىللارنىڭ بىرلىككە كەلگەن گەۋدىسىدۇر. ئەلۋەتتە، بۇ يەنە نۇتۇق ۋاقتى، ئورۇن ۋە ئاڭلىغۇچىلار بىلەنمۇ ئورتاقلىقنى ھاسىل قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، نۇتۇق تېزىسى ئاغزاكى تىل بىلەن كىتابىي تىلنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشىدۇر. ئاغزاكى تىل بىر خىل ئۇدۇللۇقنى، ئاممىباپلىقنى، قوبۇلچانلىقنى ئەكس ئەتتۈرسە، كىتابىي تىل بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق، گۈزەللىك ۋە

www.uyghurkitap.com

سۇباتلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ئىككىسىمۇ ئۆزئارا ماسلىشىشى كېرەك. ئەمما، شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، نۇتۇقتا ئاغزاكى جانلىق تىل پۈرىقى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

دېمەك، سۆزلەپ بېقىش ھالقىسىنى تونۇشتا نۇتۇق تېزىسىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. نۇتۇق تېزىسىنى ھازىرلىۋالماي تۇرۇپ، نۇتۇقتىن ئىلگىرى سۆزلەش مەشىقىنى ئېلىپ بارغاندا پىكىر قالايمىقانچىلىقى، نۇتۇق تەرتىپىنىڭ تەكشىسىزلىكى، ھېسسىياتنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى كېلىپ چىقىدۇ.

## § 5. ئەسلىي ئىپادىلىمەكچى بولغان تېمىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا بىلىم ۋە ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولۇش

ھەرقانداق بىر ناتىق نۇتۇقنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا ئۆزى بايان قىلماقچى بولغان باش تېمىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا بىلىم ۋە ئۇچۇرلاردىن كەڭ خەۋەردار بولىدۇ، شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ مۇشۇ تېما ھەققىدىكى نەزەر دائىرىسىنى ئېخىمۇ كېڭەيتىپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى پۇختىلايدۇ. بىر ئىجتىمائىي پاجىئە ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەنسە، نۇتۇق سۆزلىگۇچى شۇ ئىجتىمائىي پاجىئەنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئاساسى، مەنىۋى ئەھۋالى، شۇ ئىجتىمائىي پاجىئە ئىچىدىكى خەلقنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئەسلى تېما بىر شوئارغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، كىشىلەرنى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولالمايدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى

بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئوتۇق سۆزلەشكە توغرا كېلىسە، جەزمەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئۇلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرى، ھەتتا ئۆرپ - ئادەتلىرىگىچە خەۋەردار بولۇش كېرەك.

ئوتۇق سۆزلەش پەقەت ماھارەت مەسىلىسىلا ئەمەس، ماھىيەتتە، ئۇ يەنە بىلىم مەسىلىسىدۇر. بىلىمسىز ئادەملەر ھەرگىزمۇ بىلىملىك ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئالدىراپ ئوتۇق سۆزلەپ سالماسلىقى كېرەك، چۈنكى بىلىم ئوتۇقچىنىڭ ئاساسىي پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ۋە ئوتۇقچىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىردىنبىر قۇدرەتتۇر. دۇنيا تارىخىدىكى ناتىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزى سۆزلەۋاتقان تېما دائىرىسىدىكى ھەر خىل بىلىملەرنى تولۇق ئىگىلىگەن كامالەت ئىگىلىرىدۇر. بىلىم قورۇلمىسى چۈۋالچاق بولغان كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، ناتىق بولۇپ يېتىشمەكچىمۇ بولۇشقان، لېكىن ئۇنداقلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ناتىقلار سەھىپىسىدىن ئورۇن بېرىلمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ بىلىملىك ۋە بىلىمسىز بولۇشى ئوتۇقنىڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەھمىيەتسىز بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىدۇر. ئەسلىي تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا بىلىملەرنىڭ ئىچىگە ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى پەنلەر كىرىدۇ. ئالايلۇق، بىر كىشى ئەدەبىياتتىكى بىرەر ئەدەبىي ھادىسە ھەققىدە ئوتۇق بايان قىلماقچى بولسا، ئۇ شۇنداق بىر ئەدەبىي ھادىسىنى تەۋەللۇت قىلغان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر، سىياسىي مۇھىت، ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ قاتالىلىقى، دەۋر روھىنىڭ ئۆزگىرىشى، كىتابخانلار ئېستېتىك تەلىپىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئۆزگىرىشى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتتىكى بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. بۇ ساھەلەر شۈبھىسىزكى، سوتسىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، يېزىقچىلىق، سىياسىي قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر نۇتۇقتا كەڭ دائىرىلىك بىلىم قۇرۇلمىسى بولمىسا، نۇتۇقنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ. نۇتۇقنىڭ ئۆزى كىشىلەرنى قايىل قىلىش مەقسىتىدە سۆزلىنىدۇ، كىشىلەر دۇنيادا مۇنداق ئىككىلا نەرسىگە قايىل بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ياراتمىش، يەنە بىرى، بىلىشتۇر. بۇ ئىككى مۆجىزات پۈتۈن ئىنسان بالىسىغا ئورتاقتۇر. ئىنسانىنىڭ بالىلىق چاغلىرى (ۋارۋارچىلىق دەۋرلىرى) دىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلاردا ئېتىقادنىڭ ھەر خىل شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئاۋۋالقى مۆجىزاتقا باغلانسا، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى غايەت زور ئىلگىرىلەشلىرى، پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى كېيىنكى مۆجىزاتقا باغلىنىدۇ. بىلىش ۋە بىلىشكە ئىنتىلىش ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ توپ ۋە ئورتاق پسىخىكىدۇر. مۇبادا، ئىنسان بالىسىدا مۇشۇ پسىخىكا بولمايدىغان بولسا، بىز «ئاڭلىغۇچىلار» دەپ ئاتىغان كىشىلەر توپىنىڭ بىر ئادەمنىڭ (نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ) ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئاڭلىغۇچىلاردىن ئىبارەت ئوبيېكت بولمىسا، نۇتۇقنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نۇتۇقنىڭ ماھىيىتى ھەقىقەتەن بىلىش ۋە بىلدۈرۈشتىنلا ئىبارەت. ھەرقانداق نۇتۇق ئۆگەنگۈچى ئالدى بىلەن تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ بىلىم قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بىلىمسىز ئادەم قانچە كۆپ سۆزلىمىسۇن، ئۇنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا «قۇرۇق چېلەك

تاقىراشقاندەك» بىزارلىق ساداسىنى ئاتا قىلىشتىن باشقا، ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە بولالمايدۇ.

ھەرقانداق بىر ئىپادىلەنگەن باش تېما ئەتراپىدا، نۇرغۇن قوشۇمچە ئۇچۇرلار، ھېكمەتلەر ۋە بىلىملەر مەۋجۇت بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ياردەمچى بىلىملەر بولمىسا، باش تېما نۇرلانمايدۇ. شۇڭا، ئەسلىي تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر جەھەتتىكى ئۇچۇرلارنى ئەتراپلىق توپلاپ، ئۇنى تەپەككۇر تارازىسىغا سېلىپ، تاللاش ئۆتكىلىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەك، دۇنيا تارىخىدىكى ناتىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق قىلغان. بىزنىڭ سۆزلىگىنىمىز، مەيلى ئۇ ئالەمشۇمۇل پەلسەپىۋى يېڭىلىق ياكى ھاياتى قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى يېڭى بايقاشلار بولسۇن، ھەممىسىلا مۇئەييەن ماكان ۋە زاماندا زاھىر بولىدۇ. مانا شۇ ماكان بىلەن زامان ئاشۇ بىلىشلەر ھەققىدىكى قوشۇمچە ئۇچۇر ۋە بىلىملەرنى تەقدىم ئېتىدۇ، شۇڭا بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

## § 6. نۇتۇق تېزىسىنى جانلىق ئىشلىتىش

نۇتۇق تېزىسى پۈتسىلا نۇتۇقنىڭ تەييارلىق خىزمىتى تۈگىگەن بولامدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. نۇتۇق تېزىسى پۈتكەندىن كېيىن، تەييارلىق خىزمىتىنىڭ ئارانلا يېرىمى پۈتكەن بولىدۇ، قالغان خىزمەتلەر تاكى ناتىق مۇنبەرگە چىققىچە بولغان ئارىلىقتا داۋاملىشىدۇ.

دالې كارنېگ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىز نۇقسانسىز ناتىق بولاي دېسىڭىز بىر ئىشنى قەتئىي ئۇنتۇماسلىقىڭىز كېرەك، ئۇ

بولىسىمۇ، نۇتۇقتىن ئىلگىرى تەييارلىقنى ئېۋەتسىڭىز، پۇختا قىلىشىڭىز، مەشىق قىلىش ئۆتكىلىنى قەتئىي بوش قويۇپ بەرمەسلىكىڭىز كېرەك. ئەگەر، تەييارلىقىڭىز پۇختا بولمىسا ياكى پەقەتلا تەييارلىق قىلمىغان بولسىڭىز، تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىغا كىيىمسىز چىققان بولىسىز.»①كارنېگىنىڭ بۇ سۆزى ھەقىقەتەن دەل جايىدا توغرا ئېيتىلغان سۆزدۇر. ئۇ ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ، نۇتۇق تېزىسىنى ئەستايىدىل تەييارلاش كېرەكلىكىنى، بۇنداق تەييارلىقنىڭ مۇنبەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى تولۇق ئەمەلىي سىناقتىن ئۆتۈشى لازىملىقىنى تەكىتلەۋاتىدۇ. مۇنبەرگە چىقىش ئالدىدىكى مەشىق دېگىنىمىز، ئاساسلىقى سىناق تەرىقىسىدە ئالدىن سۆزلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق مەشىقنىڭ پايدىسى شۇكى، ئالدى بىلەن سۆزلەش مەشىقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە نۇتۇق تېزىسىدىكى مەزمۇنلارنى پۇختا ئىگىلەپ، مۇنبەرگە چىققاندا راۋان سۆزلەش ئۈچۈن ئۇل سالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سۆزلەش مەشىقى تېزىسنى ئەمەلىي سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، نۇتۇق سۆزلىگۈچىدە ئىشەنچ ۋە غەيرەت پەيدا قىلىدۇ. بۇ، شەكىل جەھەتتىن ئارتىسنىڭ سەھنە سۆزىنى مەشىق قىلغىنىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر، سۆزلەش مەشىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ھەرقايسى جەھەتتىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نۇتۇقتا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئەگەر نۇتۇق مەشىقى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا، چوقۇم ئۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ

① دالې كارنېگ: «ئاغزاكى ئىپادىلەش مەشىقى قوللانمىسى»، قانۇن نەشرىياتى، 1991 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 17 - بەت.

دەرھال توزىتىش كېرەك. بۇ خۇددى يارامىلىق قورال بولمىسا، جەڭدە مەغلۇپ بولغان بىلەن ئوخشاش ئىش. ئوتتۇقنى مەشىق قىلىش گويا، چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسىنى تالىشىشتىن ئاۋۋال، ئىسپورتچىنىڭ تىرېنېرنىڭ يېتەكچىلىكىدە جاپالىق مەشىق ئېلىپ بارغىنىغا ئوخشايدۇ. ئوتتۇق سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن، ئوتتۇق تېزىسىنىڭ ئۆزى ئوتتۇق مەشىقى جەريانىدىكى «تىرېنېر» بولسا، ئاڭلىغۇچىلار ھەقىقىي «رېپىر» دۇر. ئوتتۇق سۆزلەشتىن ئىلگىرىكى سۆزلەش مەشىقى تىل جەھەتتىن مەشىق قىلىش، تەقى - تۇرق جەھەتتىن مەشىق قىلىش ۋە ھېسسىيات جەھەتتىن مەشىق قىلىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەربىر ئوتتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ بۇ ئۈچ تەرەپتىكى سەۋىيىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر ھېسسىيات ئىپادىلەشتە قىينالغىنى بىلەن، تىلغا ماھىر كېلىدۇ. بەزىلەر تىل ئىشلىتىشكە ماھىر بولغىنى بىلەن، ھېسسىياتنى ئوتتۇق تىلىغا ماسلاشتۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئۈچىسىنى تەڭ يېتىلدۈرۈش جاپالىق مەشىق جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئوتتۇقتىن ئاۋۋالقى سۆزلەش مەشىقىنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ. تۆۋەندە پەقەت ئۈچ خىل ئۇسۇللا كۆرسىتىلىدۇ:

1. ئۆزى يالغۇز سۆزلەشنى مەشىق قىلىش

ئۆيدە، دالىلاردا ۋە ئادەم يوق باشقا جايلاردا يالغۇز مەشىق قىلىش نۇرغۇن قۇلايلىق شارائىتلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا مەشىق قىلغاندا، مەشىق قىلغۇچى ئىنتايىن ئەركىن بولىدۇ، ئاۋازىنى خالىغانچە قويۇپ بېرەلەيدۇ، بەدەن ھەرىكىتىنى خالىغانچە قىلسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا چەك قويمايدۇ. ئەمما، بۇ مەشىق ئۇسۇلىنىڭ يېتەرسىزلىكىمۇ بار. ھەرقانداق ئادەمنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئەيىبى ۋە كەمچىلىكى ئۆزىگە بىلىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا يالغۇز نۇتۇق سۆزلەش مەشىقى قىلغاندا، ئۆزىدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەرنى ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن.

2. دوستلار ۋە يېقىن كىشىلەر ئالدىدا مەشىق قىلىش

بۇ مەشىقتە مەشىق قىلغۇچى باشقىلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ، بۇ ئۇسۇل نىسبەتەن ئىلغارراق ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقانلار پراكتىكا دەرسىگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرى ئالدىدا ئاساسەن مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن سۆزلەش مەشىقى ئېلىپ بارىدۇ.

3. ھەقىقىي نۇتۇقتەك سۆزلەش مەشىقى

بۇ مەشىق ئادەتتىكى مەشىقتە مەلۇم پىششىقلاش بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر A ئورۇن سىزنى مۇئەييەن بىر تېما ئۈستىدە نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغان بولسا، سىز بەلگىلىك تەييارلىق باسقۇچىنى ئۆز بېشىڭىزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، B ئورۇندىكى ئاڭلىغۇچىلار ئالدىدا رەسمىي نۇتۇق سۆزلىگەندەك غەيرىي رەسمىي سۆزلەش باسقۇچىنى ئۆز بېشىڭىزدىن كەچۈرۈپ، ئۆز نۇتقىڭىزنى تېخىمۇ پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلىۋالغان بولىسىز، B ئورۇندىكى نۇتقىڭىزمۇ نۇتۇقتىن ئىلگىرىكى سۆزلەش مەشىقىگە تەۋە بولىدۇ، بۇ ئۇسۇل ئانچە كۆپ قوللىنىلمايدۇ.

ئالدىن نۇتۇق مەشىقى قىلىش ئارقىلىق نۇتۇق تېزىسىغا پىششىق بولغاندىن كېيىن، نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇنبەرگە تېزىسنى ئېلىپ چىقىدۇ، بۇ نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئالدىن قىلغان مەشىقىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. چۈنكى،

نـۇتـۇق سۆزلىگۈچى ئالدىن ھەممە سۆزنى يادقا ئېلىۋالىدىغان دېكلاماتسىيە قىلغۇچى ئەمەس. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب: بىر تـەرەپتـىـن، پـسـخىك جەھەتتىن نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى مەزمۇنلارنىڭ ۋە سـۆز - ئىبارىلـەرنىڭ ئۇنتۇلۇپ قـالماسلىقى ئـۈچۈنـدۇر، تېـگـى - تـەكـتـىـدىـن ئـېـيـتـقاندا، بۇمۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېـھـتىياجىدۇر. نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتۇق تېزىسىنى ئېلىپ مۇنبەرگە چىققاندىلا، تەمتىرەشتىن خالىي ھالدا، ئىشەنچلىك ۋە مۇقىم تۈيغۇدا نۇتۇق سۆزلىيەلەيدۇ، ھەتتا پىشقان ناتىقلار نۇتۇق تـېـزىـسىنى مۇنبەرگە ئېلىپ چىقىپ، پۈتۈن نۇتۇق جەريانىدا تېزىسقا بىرەر قېتىممۇ قاراپ قويمايدۇ. ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ نۇتۇق تېزىسىنى ئېلىپ چىقىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، نۇتۇق تېزىسى ناتىقنى ئۆزىنى پسخىك جەھەتتىن مۇقىم تۇيغۇغا ئېلىپ كېلەلەيدۇ. يېتىلگەن نـاتـىـقـلار نـاتىق بولۇپ يېتىلىش جەريانىدا نۇتۇق تېزىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئادەتلەنگەن.

نۇتۇق تېزىسىنىڭ خاراكتېر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ نۇتۇقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش رولىغا ئىگە، ئۇنى ئېلىۋالغاندا، نـۇتـۇق سـۆزلـىگـۈچى ئۆلچەمدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ، خۇددى سـىـمـفـونـىيە ئورۇندىغۇچى مۇزىكانتلار نوتىدىن ئايرىلمىغانغا ئـوخـشـاش، ئـۇنـىـڭـدىن بـاشـقا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە، سۆزلىگۈچى نۇتۇق تېزىسىنى ئېلىپ چىقسا، بىر خىل گۈزەللىك سېزىمى بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تېزىسنى ئېلىپ چىققان ئادەم ناھايىتى ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان ۋە ئىشەنچلىك تۇيۇلىدۇ. مـانـا مـۇشـۇ سـەۋەبـلـەر تۈپەيلىدىن، نۇتۇق جەريانىدا نۇتۇق

سۆزلىگۈچىنىڭ تېزىسنى ئېلىۋېلىشى ياخشى قائىدىلەرنىڭ بىرى.

تېزىسنى ئېلىۋېلىش دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ تېزىسنى ئوقۇپ بېرىش دېگەنلىك ئەمەس، يەنە كېلىپ، نۇتۇق جەريانىدا تېزىس بويىچە يادلاپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر يادلايدىغان بولسا، ئاڭلىغۇچىلارغا يۈزلىنىپ سۆزلەشكە باشلىغاندا، پسىخىك جەھەتتىكى تۈيغۇلار بىلەن بىرلىشىپ ھامان ئۇنتۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنتۇلمايدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، يادلىۋالغان سۆز ھامان ئۆلۈك سۆز بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلاردا قىزىقىش پەيدا قىلالمايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، يادلىۋالغان بويىچە سۆزلىگەن سۆز قەلبىدىن ئەمەس، خاتىرىدىن چىققان بولىدۇ. قەلب قەلب بىلەن تۇتىشىدۇ، خاتىرە قەلب بىلەن تۇتىشالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يادلاپ بەرگەن سۆز ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالالمايدۇ. شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، يادلاپ بەرگەن سۆزدە چىن ھېسسىيات بەك ئاجىز بولىدۇ.

نۇتۇق تېزىسىنى تەييارلىغاندا ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئاددىي، ئىخچام، گۈزەل بولۇشىغا دىققەت قىلىش لازىم. تېزىس ئاساسىدا مەشىق ئېلىپ بارغاندا، نۇتۇق تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ئۇنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن گۈزەللىكىنى بىر گەۋدە قىلىش لازىم. تېزىسنى بىرگە ئېلىۋېلىش نۇتۇق تىلىغا مەنىسىز سۆزلەر قىستۇرۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تىلدىكى بەزى يامان پسىخىك ئادەتلەرنىڭ نۇتۇق سورۇنىدا سادىر بولۇشىنى چەكلەيدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر نۇتۇق سورۇنىدا ئازراقلا ئۆز گېپىنى تاپالماي قالدىمۇ، بولدى، ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ نۇتۇقتىكى ناچار پسىخىكىلىرىنى ئىشقا سېلىشقا باشلايدۇ. بەزىلەر توختىماي بۇرنىنى مىشىلدىتىدۇ،

بەزىلەر توختىماي بىر قولى بىلەن يەنە بىر قولىنى سىلايدۇ. يەنە بەزىلەر، كانىيىدا سۆگەك تۇرۇپ قالغاندەك كالتە يۆتىلىدۇ. بەزىلەر «ھە ـ ھە» دەپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى ئىزغا سالىدۇ. يەنە بەزىلەر بىر سائەتلىك نۇتقىدا نەچچە يۈز قېتىملاپ «دېمەك» دېگەن سۆزنى تەكرار ئىشلىتىدۇ. يەنە بەزىلەر ماختاش ۋە خۇشامەت سۆزلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. بەزىلەر تىلىنى چايناپ، مەزمۇن تەكرارلىقىغا يول قويىدۇ. نۇتۇق تېزىسى مانا مۇشۇ ئامىللارغا يول قويمايدىغان بىر مىزان سۈپىتىدە، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنى تەپتىش قىلىدۇ.

تېزىسنى جانلىق ئىشلىتىش نۇتۇق سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى، تېزىس ئىشلىتىش ھەرگىزمۇ نۇتۇقنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، ئەكسىچە، نۇتۇق سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب نۇتۇقنىڭ بىرنەچچە خىل تۈرىنى ئۆگىنىش

نۇتۇق مۇئەييەن تېمىدىكى نۇتۇق، مۇنازىرە نۇتقى ۋە مۇراسىم نۇتقى قاتارلىق بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مۇئەييەن تېمىدىكى نۇتۇق ئالدىن تەييارلىقى، قاراتمىلىقى بولغان، مۇقىمراق خاراكتېرگە ئىگە نۇتۇق شەكلىدۇر. ئۇ ئادەتتە تەسەۋۋۇرنى پىششىقلاش، تەييارلىق قىلىش ۋە نۇتۇق سۆزلەشتىن ئىبارەت باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنازىرە نۇتقى بولسا، ئۆزىنى ئاقلاپ، قارشى تەرەپكە رەددىيە بېرىدىغان ئۆتكۈر تىل شەمشىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا قارشى تۇرۇش كۈچى، سەزگۈرلۈك، قارشى ھۇجۇم ۋە ئىلمىي مۇنازىرىلەر بىرلەشكەن بولىدۇ. مۇراسىم نۇتقى ئالدىن تەييارلىقى بولمىغان، ئەمەلىي شارائىت ۋە سورۇنغا ئاساسەن سۆزلىنىدىغان نۇتۇقتۇر، ئۇنىڭ شەكىللىرى خىلمۇخىل بولىدۇ. بۇ بابتا مۇشۇ نۇتۇق تۈرلىرى نۇقتىلىق سۆزلىنىدۇ. نۇتۇق سورۇنىنى ئاساس قىلغاندا، يىغىلىشتا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، چوڭ مەيدانلاردا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، پارلامېنتتا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، كوچىدا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، جەڭ مەيدانىدا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، دەرسخانىدا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، سوت مەھكىمىسىدە سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، رادىئو - تېلېۋىزوردا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق قاتارلىق بىرمۇنچە نۇتۇق تۈرلىرىگە بۆلۈنىدۇ. مەزمۇن خاراكتېرىنى ئاساس قىلغاندا، يەنە ئىلمىي مۇھاكىمە خاراكتېرلىك نۇتۇق، سىياسىي خاراكتېرلىك

نۇتۇق، قانۇن خاراكتېرلىك نۇتۇق، قائىدە - يوسۇن ۋە ئەخلاق خاراكتېرلىك نۇتۇق قاتارلىق بىرمۇنچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بىز بۇ بابتا پەقەت ئۇلارنى سورۇن ئالاھىدىلىكى، شەكلى ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن يۇقىرىقى ئۈچ خىل نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ سۆزلەيمىز.

## § 1. مۇئەييەن تېمىدا سۆزلەش

مۇئەييەن تېمىدا سۆزلەش كۆرسىتىلگەن تېمىغا ئاساسەن ياكى بېكىتىلگەن ئاساسىي تېما بويىچە ئالدىن تولۇق تەييارلانغان نۇتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېچىلىش نۇتقى، يېپىلىش نۇتقى، دوكلات، ھەرخىل يىغىنلاردا، ئىلمىي مۇھاكىمىلەردە سۆزلىنىدىغان نۇتۇقلار، دەرسخانىدىكى نۇتۇق قاتارلىقلار بولىدۇ. مۇئەييەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش چوڭ دائىرىدىن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، تېمىنى بېكىتىپ سۆزلەش بولۇپ، بىرەر ئورۇن ياكى ئورگاننىڭ ئالدىن بېكىتكەن تېمىسى بويىچە نۇتۇق سۆزلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق نۇتۇقتا، نۇتۇقنىڭ باش تېمىسى ۋە مەزمۇنى قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. يەنە بىر خىلى، ئۆزى ئالدىن بىر تېمىنى بەلگىلەپ نۇتۇق سۆزلەش بولۇپ، بۇنىڭدىكى چەكلىمە ئالدىنقىسىدىكىدەك قاتتىق بولمىسىمۇ، لېكىن نۇتۇقنىڭ مەزمۇنى يەنىلا نۇتۇقنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ئورۇننىڭ باش تېمىسىنىڭ تەلىپى بويىچە بولىدۇ. بۇنداق نۇتۇق شەكلى بىرقانچە خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئالدى بىلەن، بۇ نۇتۇقتا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك. مەيلى باش تېمىنى تۇرغۇزۇشتا بولسۇن،

مەيلى ماتېرىيال تاللاشتا بولسۇن، مەيلى نۇتۇق تېزىسىنى پىلانلاشتا بولسۇن، ھەممىسىدە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. نۇتۇق تارىختىن بۇيان خەلقنىڭ كۈرەش قورالى بولۇپ كەلگەندى. مۇئەييەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش نۇتۇق سۆزلەشتىكى ئېغىر تىپلىق قورالدۇر. ئۇنىڭ تەسىرى شۇنداق چوڭ بولغاچقا، ئۇ قاتتىق ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق نۇتۇقتا باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشتىن باشقا، نۇقتىلىق ماتېرىياللارنى تاللاش ۋە ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. نۇتۇق جەريانىدا، مەيدان ئەمەلىيىتى ۋە قوللىنىلغان بەزى ماتېرىياللاردىن سىرت، كەڭ كۆلەمدىكى باشقا ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ.

بۇنداق نۇتۇقنىڭ قاراتمىلىقىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر جەمئىيەتتە بىرەر ئاجىز ھالقا پەيدا بولۇپ، ئۇنى بۇزۇپ تاشلاش جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەقەززاسىغا ئايلانسا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئۇلارغا تونۇتۇش، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىش ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ تەبىئىي ھالدا قاراتمىلىققا ئىگە بولىدۇ.

مۇنەۋۋەر ناتىقلار «مۇنبەردىكى يازغۇچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ، مۇنەۋۋەر نۇتۇق مۇنەۋۋەر بەدىئىي ئەسەردۇر. ئۇ يۇكسەك بەدىئىي قىممەتكە ۋە بەدىئىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ ناتىقنىڭ ھاياتىدىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. تارىختا نۇرغۇن ناتىقلارنىڭ نۇتۇق تېكىستلىرى خاتىرىلەرگە كۆچۈرۈلۈپ ساقلانغان. مۇشۇ مەنىدىن

ئېيتقاندا، مۇئەييەن تېمىدىكى نۇتۇق يەنە بەلگىلىك مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ.

ئادەتتە، مۇئەييەن تېمىدىكى نۇتۇقنىڭ ئۈچ باسقۇچتىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق، ئۇنىڭ ھەر بىر باسقۇچى ئىنتايىن قىيىن ئىجادىيەت جەريانىدۇر، بۇ باسقۇچلاردا باش تېما ئىزچىل يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ يەنە باشقا ھالقىلارغا نىسبەتەن گەۋدىلىك خاراكتېرلارغا ئىگە بولىدۇ. بۇ گەرچە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ خۇسۇسىي ئەمگىكى بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە جەمئىيەت، ئاڭلىغۇچىلارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدۇر.

مۇئەييەن تېمىدىكى نۇتۇقنىڭ باش تېمىسى ئىخچام، يىغىنچاق، ئېنىق بولۇشى شەرت. خۇددى كۆپلىگەن نۇتۇقشۇناسلار ئېيتقاندەك، بىر قېتىملىق نۇتۇقتا «بىر تال مىخنى چوڭقۇر، پۇختا، مۇستەھكەم قېقىش» مەقسىتىگە يەتكىلى بولسىلا بولىدى، لىكىشىپ قالغان نەچچە ئون تال مىخنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق.[①] بۇ نۇتۇقتا كۆزلىگەن مەقسەتكە ھەقىقىي يېتىش لازىم، ئەھمىيەتسىز نۇتۇقنى سۆزلىگەندىن سۆزلىمىگەن ياخشى، دېگەنلىكتۇر.

مۇئەييەن بىر تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە، نۇتۇقنىڭ تېمىسى چوقۇم دەۋر روھىغا ئۇيغۇن كېلىشى، دەۋر روھىغا ماسلىشىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئېھتىياجىغا ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ماسلىشىشى لازىم.

نۇتۇق مۇئەييەن ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ، ئۇچۇرنىڭ ئاساسىي

① «نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇشلۇقى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1998 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 194 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ماتېرىيالى يەنە شۇ رېئاللىقتىن ئېلىنغان دېتاللاردۇر. ماتېرىيال تاللاش مۇئەييەن سان ئاساسىدا تۈرگە ئايرىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ يەردىكى تۈر تاللانغان ماتېرىيالنىڭ باش تېمىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىقتىدارى قاتارلىق نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭ چىن، ئىلمىي بولۇشى، يېڭىلىققا ۋە ئىجادىيلىققا ئىگە بولۇشىمۇ شەرت قىلىنىدۇ. نۇتۇق بىر خىل ئىدراكىي ۋە ھېسسىي بىلىشنىڭ بىرلىكى ھەمدە ئىلمىي بىلىش بىلەن سەنئەتلىك بىلىشنىڭ بىرلىكىدۇر. شۇڭا نۇتۇقتىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ئەمگەك ۋە ئېرىشىدىغان ئېستېتىك قىممەت كۆپ ھاللاردا بەدىئىي تەسەۋۋۇر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ خىل تەسەۋۋۇر نۇتۇقنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى نۇتۇقنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىغا ماسلاشقان ھالدا پسىخىك تۈيغۇ جەھەتتىمۇ نۇتۇقنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. نۇتۇقنىڭ يۇقىرى دولقۇنى باشقا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ۋە ئەسەرلەرنىڭ كولمىناتسىيىسىگە ئوخشىمايدۇ. نۇتۇقتىكى يۇقىرى پەللە سۇژېت تەرەققىياتىنىڭ پەللىسى ئەمەس، شۇنداقلا پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر پەللىسىنىڭ توقۇنۇشىمۇ ئەمەس. ئۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ تۈيغۇ كارتىنىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئەييەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە يارىتىلىدىغان سەنئەتلىك خۇسۇسىيەت باشقا ھەرقانداق سەنئەت تۈرلىرىدىن پەرق قىلىدۇ.

سەھنىگە چىقىشتىن بۇرۇن، نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنتايىن جاپالىق مەشىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مەشىق

نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى بىز ئالدىنقى سەھىپىلەردە سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. نۇتۇق پەقەت سۆزلەشلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئاۋازسىز تىللارنىڭ ياردىمى بىلەن رول ئېلىشتۇر. خەنزۇچىدا مەنەن ئىسىم ياساپ 演讲 دەپ ئاتىلىدۇ، خەنزۇچىدىكى 讲 سۆزلەشنى بىلدۈرسە، 演 خىتى ماھىيەتتە رول ئېلىشنى بىلدۈرىدۇ. نۇتۇق گەرچە ئاۋازلىق تىلنى ئاساس قىلىسىمۇ، ئاۋازسىز تىلنىڭ ياردىمىسىز سەنئەتلىك يۇقىرى ئىگە بولالمايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇ نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلەرنىڭ سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتىدىن پەرق قىلىپ تۇرىدۇ.

مۇبادا ئاڭلىغۇچىلار نۇتۇق تېمىسىغا قىزىقمىسا، بۇنداق نۇتۇقنى ھەرقانچە سەنئەتلىك قىلىپ سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ، چۈنكى پىكىر نۇتۇقنىڭ جېنىدۇر. نۇتۇق بەزى چاغلاردا نۇتۇق سورۇنىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقى، مۇھىتنىڭ ناچار بولۇشى ۋە تەبىئىي قولايسىزلىقلار تۈپەيلىدىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايمۇ قالىدۇ. چۈنكى، مۇھىت ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىغا ۋە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ پسىخىك تۇيغۇلىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، پەقەتلا ئۆزىنىڭ نۇتۇقىنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە جەلپ قىلىش ئىقتىدارىغا تايىنىشى كېرەك. بۇ، نۇتۇق سۆزلىگۈچى يەنە ئاڭلىغۇچىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان گەۋدىلىك تېمىلار ئۈستىدە سۆزلىشى، شۇ تېمىنى سەنئەتلىك يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. مۇئەييەن تېمىدا سۆزلەنگەن بىر نۇتۇق نەچچە ئون مىنۇت داۋاملىشىشىمۇ، 1 ~ 2 سائەت داۋاملىشىشىمۇ مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com



ئۇ مەيلى قانچىلىك ۋاقىت سۆزلەنمىسۇن، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ بىرقەدەر ئۇزۇن مەزگىللىك جىسمانىي، ئەقلىي ئەمگىكىنىڭ ۋە مۇشەققەتلىك بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ سەمەرىسىدۇر.

مۇئەييەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەشتە مۇشۇ بىر قاتار مەسىلىلەر ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلسە ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىنسا، شۈبھىسىزكى، بۇ نۇتۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

## § 2. ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا ۋە مۇراسىملاردا سۆزلەش

بىر ئادەم ئۆز ھاياتىدا، ھەرقانداق يەردە ئالدىن تەييارلىق قىلىۋېلىپ ئاندىن سۆزلەيمەن، دېگىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا بەزى نۇتۇق سورۇنلىرىدا تېزىس تەييارلىۋېلىپ سۆزلەشكىمۇ بولمايدۇ، بۇنىڭغا نۇرغۇن ئالاھىدە ئەھۋاللار سەۋەب بولىدۇ. بەزى سورۇنلاردا سىز تۇيۇقسىزلا باشقىلار تەرىپىدىن سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىسىز، بۇنداق چاغدا ئاڭلىغۇچىلارنى ساقلىتىپ قويۇپ، ئالدىن مەشىق قىلىۋېلىشقا ياكى تېزىس تەييارلىۋېلىشقا مۇمكىن بولمايدۇ، بۇنداق نۇتۇق تەپەككۇرىڭىزنىڭ چاقماقتەك تېز، شەمشەردەك ئۆتكۈر بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق نۇتۇق كۆپىنچە مۇراسىم يىغىلىشلىرىدا ئۇچرايدۇ، بۇنداق نۇتۇقنىڭ گەرچە تېزىسى بولمىسىمۇ بىراق مۇئەييەن ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولىدۇ. چۈنكى، سىز ئالدىڭىزدىكى ئومۇمىي مۇھىت ۋە كەيپىياتتىن ئاللىبۇرۇن بەلگىلىك خۇلاسىلەرگە كېلىپ بولغان بولىسىز. لېكىن، بۇنداق نۇتۇق مۇھىتىدا سىز بۇرۇنقىلار دەپ بولغان پىكىرلەرنى تەكرارلاۋەرمىسىڭىز، شۈبھىسىزكى، شۇنچە

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئابرۇيىڭىزنى قالسىز، شۇڭا بۇنداق نۇتۇق شەكلىگە سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ.

باشقىلار سىزنى تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇلار چوقۇم بەلگىلىك مۇددىئانى كۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىدا، سىز ئۇلارغا چوقۇم باشقىلار ئىلگىرى بېرەلمىگەن ئەقلىي ۋە ھېسسىي نەپنى بېرەلەيسىز. ئەگەر باشقىلارنىڭ مۇشۇ مۆلچەرى توغرا بولىدىغان بولسا، سىزنىڭ قەلبىڭىزدە باشقىلار ھېس قىلمىغان، ھېس قىلغان بولسىمۇ بىراق تېخى بايان قىلالمىغان ئەقلىي پىكىرلەر بۇرۇنلا شەكىللىنىپ بولغان بولىدۇ. مۇشۇ خېمىرتۇرۇچ بىلەن نۇتۇق ئىقتىدارىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىتتىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنالىسىڭىزلا، يەنىلا ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيسىز. يەنە بىر قولايلىق شارائىت شۇكى، مۇراسىمغا يىغىلغان كىشىلەرنىڭ قاندىاق ئىستەك، قاندىاق روھىي ھالەت، قاندىاق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى سۆزلىگۈچى بىر قاراپلا بىلەلەيدۇ. مانا بۇلار ئەمەلىيەتتە، نۇتۇقتىن ئىلگىرىكى قىسقا مۇددەتلىك تەييارلىقتۇر. بۇنداق سورۇنلاردا، توساتتىن ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلىگەندە، پىكىر چېچىلىشنىڭ، تەمتىرەشنىڭ، پىسخىك جەھەتتە تۇراقسىز بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

مۇراسىمدا سۆزلىنىدىغان نۇتۇقلارنىڭ ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولىدۇ، نۇتۇق مەزمۇنىمۇ چەكلىك بولىدۇ، بۇ قاراتمىلىقنىڭ ئاددىي ۋە ئۆتكۈر بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق سورۇنلاردا كىشى ئورنىدىن تۇرغاندا ھېچقانداق ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولمىسىمۇ، بىرنەچچە جۈملە سۆزلىمەي بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا سۆزلىگۈچى نۇتۇق مۇھىتىغا ۋە ئۆزىنىڭ روھىي كەيپىياتىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەقلىيە سۆزلەر، مېتافورىلار ۋە ئاتالار

سۆزلەردىن پايدىلىنىپ ئىخچام، تەسىرلىك ۋە مەزمۇنلۇق قىلىپ، نۇتۇقنى تېز ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، تەكلىپ قىلغۇچىلارمۇ ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. مۇراسىمدىكى نۇتۇقنىڭ جەريانى ئىچكى تىلنىڭ ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئاۋازلىق تىلغا ئايلىنىش جەريانىدۇر، ئىچكى تىلنىڭ شەكىللىنىش جەريانى تەسەۋۋۇر جەريانىدۇر، تەسەۋۋۇرنىڭ بىردىنبىر قورالى يەنە شۇ تىلدۇر، تىل بىلەن تەسەۋۋۇر ئايرىلماس باغلىنىشچانلىققا ئىگە. شۇڭا، تەپەككۇرنىڭ ئۆتكۈر بولۇشى تىل ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە، تىل ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشى تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق. مۇراسىم نۇتقىدا ئاساس قىلىنىدىغان تەلەپ تېز تەپەككۇر ۋە ئىچكى تىلنى تېز تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدا، ئالدى بىلەن ھېسسىي باسقۇچ، ئاندىن كۆرۈش، ئاڭلاش قاتارلىق سەزگۈلىرىمىز بەرگەن ئۇچۇرلار مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇشۇ ئۇچۇرلار چوڭ مېڭىگە تەسىر كۆرسەتكەندىلا، ئاندىن تەپەككۇر ئىشقا كىرىشىدۇ، تەپەككۇرنىڭ خىزمىتى تىلنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەر بويىچە ئۆزىگە ھەر ۋاقىت قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك.

خۇددى، تىلدا تىل تاۋۇشى، لېكسىكا، گرامماتىكىلىق قانۇنىيەت ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇللار تەتقىق قىلىنغىنىدەك، تىلنىڭ ئىچكى ھەرىكىتىدىمۇ بۇنداق قانۇنىيەتلەر تەتقىق قىلىنىدۇ. تىلنىڭ ئىچكى ھەرىكىتى گەرچە ئابستراكت بولسىمۇ، ئۇ مۇئەييەن قانۇنىيەتكە ۋە تەرتىپكە ئىگە. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئاخىرلىشىش جەريانى بولىدۇ. تۇرمۇش بىلىملىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئادەم

ھاياجانلانغاندا ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئىنتايىن جانلىق، كەيپىياتى شوخ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇراسىمدا ھاياجانلىق كەيپىياتىغا كىرىشتى بىلىۋېلىش كېرەك، بۇ نۇقتا مۇراسىم نۇتقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىدىكى ھالقىدۇر. ھاياجان مەلۇم غىدىقلاشنىڭ نەتىجىسى، بۇ غىدىقلاش مەنىۋى جەھەتتىكى غىدىقلاش بولۇپ، ھەرگىزمۇ ماددىي (ھاراق ئىچىش ۋە كەيپ ـ ساپادىن تۇغۇلىدىغان) ھاياجانلىنىش ئەمەس، روھىي جەھەتتىكى ھاياجانلىنىش ئەقلىي پىكىرنىڭ ئۇرغۇشى بىلەن ماس قەدەمدە بولىدۇ. مۇبادا، مۇراسىمدا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، غىدىقلاش مەنبەسىگە ئېرىشەلمىسە، ئۇنىڭ نۇتقىدا پاساھەت بولماي قالىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ غىدىقلاش مەنبەسىنى قانداق قىلغاندا تاپقىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا پايدىلىق بولغان مۇنداق تۆت خىل نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن:

(1) نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن بېزەلگەن نۇتۇق مۇھىتى بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزنى ئۇرغۇتىدۇ، مۇشۇ ھېسسىياتنىمۇ قولدىن بېرىشكە بولمايدۇ، ئەسلىدە ھاياجانلىنىش گۈزەللىكتىن تۇغۇلىدۇ، ئېستېتىك بايقاشقا ماھىر بولغان كىشىلەر ئاسان ھاياجانلىنىدىغان كىشىلەردۇر. مۇراسىم نۇتقىدا تۇنجى غىدىقلىنىش مەنزىرىدىن كېلىدۇ، بۇ مەنزىرە كەڭ مەنىدىكى مەنزىرە بولۇپ، ئۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى، يىغىن مۇھىتى، يىغىن مەيدانىنىڭ بېزىلىشى، مەيدان سىرتىدىكى مۇھىتنىڭ كۆرۈنۈشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مۇشۇ ئامىللارنىڭ غىدىقلىشىمۇ كىشىگە بەلگىلىك ھاياجان بېغىشلايدۇ. (2) بىز ئادەتتە، نۇتۇق سورۇنىدىكى لوزۇنكا، تاملاردىكى ئەقلىيە سۆزلەر، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىدىكى ئۆزىمىزگە بىلىم بەرگەن

جۇغلانمىلارنى مۇراسىم نۇتقىنىڭ تېمىسى قىلىشتىكى يەنە بىر قوزغاتقۇچ ئامىل دەپ تونۇيمىز. ئاساسىي تېما، باشقىلارنىڭ سۆزى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ مۇنازىرىسى، بىر ھېكمەت، بىر كۇپلېت شېئىرمۇ گېپى كەلگەندە قوزغاتقۇچ بولالايدۇ، بۇ ئامىللاردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك. (3) ھاياجاننى ئۆزىدىن قوزغاتقىلىمۇ بولىدۇ، سۆزلىگۈچىنىڭ جەزمەن مۇئەييەن تارىخىي كەچۈرمىشلىرى، كۆرگەن - بىلگەنلىرى بولىدۇ، بۇلارمۇ گېپى كەلگەندە قوزغىتىش مەنبەسى بولالايدۇ. (4) تەپەككۇرنىڭ ئۆتكۈر بولۇشى يەنە مەلۇم نۇقتىدىن ھاياجاننى قوزغىتىدىغان ئىچكى كۈچتۇر. يەنە كېلىپ، ھاياجان تەپەككۇرغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورگانىك بىرلىك بار. ئادەم ھاياجانغا كەلمىسە، تەپەككۇر قاناتسىز قۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ، تەپەككۇر ھەرىكەتتە بولمىسا، ھاياجان ئىپادىسىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، ھاياجاننى قوزغىتىدىغان ۋە ئۇنى غىدىقلايدىغان يەنە بىر ئامىل تەپەككۇردۇر.

ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا ۋە مۇراسىم سورۇنلىرىدا تېز تەپەككۇر قىلىشتا تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

(1) تەپەككۇر قانچە تېز بولسۇن، قەيەردىن باشلانمىسۇن، مەيلى ئۇ قانداق كېڭەيمىسۇن، ئۇ ئېغىزدىن چىققاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، تەپەككۇرغا ئامىل بولىدىغان بارلىق نۇقتىلارنى مېڭىدە ئالدىن تەرتىپكە سېلىش كېرەك. بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمىغاندا، تېز تەپەككۇرنىڭ رولىدىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ.

(2) ھەرقانداق تېز تەپەككۇر نۇتۇقتىن ئىلگىرىكى مەنىۋى

ئۇزۇقلار بىلەن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا، ئۇ نۇتۇق مۇھىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ھەققىدە دەسلەپكى تەسىرات ئىزناسىنى بېكىتىۋالغان بولىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، تېز تەپەككۇردا نۇتۇق ئالدىدىكى تەسىراتنى ئەستىن چىقارماسلىققا تىرىشىش كېرەك، بۇ تېز تەپەككۇردا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا.

مۇراسىمدا سۆزلىنىدىغان قىسقا نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەپ، ئۇلارغا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىپ، بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىشتە مۇنداق بىر نۇقتىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك، يەنى ئالدى بىلەن گەپنى ئەمەلىي نەرسىلەردىن باشلاش ناھايىتى مۇھىم. بولۇپمۇ گەپنى پۈتۈن سورۇن ئەھلى ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان نۇقتىدىن باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى دەسلەپىدىلا جەلپ قىلغىلى بولىدۇ، سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتا بۇ نۇقتىغا سەل قارىسا بولمايدۇ. بۇنداق نۇتۇقنىڭ باشلىنىشىدا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئاساسىي مەقسەت قىلىنسا، قالغان باسقۇچلىرىدا ئاڭلىغۇچىلارنى كۈچلۈك ھاياجانغا سېلىش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىدۇ.

مۇھىم نۇقتا — سۆزنىڭ تۈگۈنى، مۇنداق تۈگۈننى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن تەكىتلەش كېرەك. نۇتۇق سۆزلىگۈچى بۇنداق مۇھىم نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئاڭلىغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ سەممىيلىكىنى ھېس قىلغۇزۇشنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم. بىر تەتقىقاتچى تەتقىقات ئورنىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە، ئالدى بىلەن سۆزنى مۇنداق باشلىغان: «مەن خەلقئالەم ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەشكە ماھىر ئەمەس، لېكىن مەن

سۆزلىمىسەم بولمايدىغان ئىش بولسا، مۇشۇ مۇراسىم ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى دەپ باقاي. . . » شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن سورۇن ئەھلىنىڭ دىققىتى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىغا مەركەزلەشكەن. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى تېزلىكتە رەتلەپ چىقىش ئۆز بېشىدىن ئەمەلىيەتنى كۆپ كەچۈرگەن كىشىلەر ئۈچۈن، يەنىلا ئانچە تەس ئەمەس، ناتىقلىقنى ئۆگەنگۈچىلەر ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا ۋە مۇراسىملاردا ئۆزىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى تولۇقلىشى كېرەك. زامانىمىزدا مەيلى تۇرمۇش ياكى خىزمەتتە بولسۇن، زېرەكلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە تىل بىلەن راۋان ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسى ھازىرلاشقا تېگىشلىك سۈپەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئادەتتە، بىرەر يىغىنلاردىمۇ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۆزىنىڭ پىكرىنى دادىللىق بىلەن راۋان، چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىش، مۇھاكىمىلەردە ئۆزىنىڭ پىكرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىلدىكى نۇتۇقلارغا كىرىدۇ. جانلىق، كۈچلۈك بولغان تىل، ھەرىكەت، شۇنىڭدەك قول ئىشارىتى نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلاردا زور قىزىقىش ۋە ھەۋەس پەيدا قىلالىسا، بۇ سىزنىڭ نۇتقىڭىزنىڭ غەلىبىلىك بولغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.

سىز تۇيۇقسىز نۇتۇققا تەكلىپ قىلىنغىنىڭىزدا جەزمەن تەمكىن بولۇشىڭىز، سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىشىڭىز كېرەك. بۇنداق سورۇنلاردا سۆزلىگۈچىلەر كۆپىنچە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىشلىرىنى نۇتۇق ماتېرىيالى قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق سورۇندا سۆزلىگەندە، يىغىلىشنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭغا تەييارلىق

كـۆرۈش جـەريـانىنى تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەش جەريانىدا، تېزلىكتە پىكىر قىلىشىلىش مۇمكىنچىلىكى تـۇغـۇلـىدۇ. مۇشۇ پىكىر قىلىشىلىش مۇمكىنچىلىكىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

هـەر خـىـل سـورۇنلاردا ۋە مۇراسىملاردا سۆزلىنىدىغان نـۇتـۇقـنـىـڭ ئاساسەن ئىككى خىل ئەندىزىسى بولىدۇ، بۇنى قەدىمدىن هازىرغا كەلگىچە بولغان نۇتۇقشۇناسلار تەتقىق قىلىپ خۇلاسىلىگەن.

1. دالىي كارنېگچە ئەندىزە

بۇ كارنېگنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى مۇنداق: (1) نۇتۇقنىڭ يادرولۇق مەزمۇنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى بىر كونكرېت ۋە ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈش، بۇ مىسال ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشىلىش لازىم. (2) ئـېـنـىـق بـولـغـان بـايـان شەكلى ۋە مۇهىم نۇقتا ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنى روشەن كارتىنىغا باشلاپ كىرىش لازىم. (3) سەۋەبنى چۈشەندۈرۈپ تەهلىل قىلىپ، مەسىلىنىڭ ماهىيىتىنى تـېـخـىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. بۇنى كارنېگ تەييارلىقسىز نۇتۇقتا ئەڭ مۇهىم هالقىلار دەپ قارىغان.

2. پىرامىدا شەكىللىك ئەندىزە

بۇ خىل ئەندىزىدە، ئالدى بىلەن نۇتۇقنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئوتـتـۇرىغا قويۇلىدۇ، ئاندىن ئاساسىي تېما هەققىدە تەپسىلىي مۇهاكىمە ۋە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇنى تۆۋەندىكى شەكىلدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

باش تېما

تېما مۇهاكىمىسى

www.uyghurkitap.com



### نۇقتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى
### تەپسىلىي مۇھاكىمە جەريانى

بۇ پرامىدا شەكىللىك فورمۇلىدا باش تېمىنىڭ تەپسىلىي مۇھاكىمىسى ئاچقۇچتۇر، چۈنكى ئۇ نۇتۇقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. نۇتۇقنىڭ مۇشۇ قىسمىنى سۆزلىگەندە، ئومۇمەن بايان تېخىمۇ ئېنىق، جەڭگىۋار ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك.

ھەر خىل سورۇن، مۇراسىملاردا سۆزلىگەندە، ئومۇمەن نۇتۇقتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق باسقۇچلىرى بولمىغاچقا، بۇ نۇتۇقنى باشقا نۇتۇق تۈرلىرىدىن خاراكتېر جەھەتتە روشەن پەرقلەندۈرۈپ چۈشەندۈرۈش كېرەك.

## § 3. ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىلەردە سۆزلەش

ئىلمىي مۇھاكىمە نۇتقى پەن تەتقىقاتچىلار ۋە ئەمەلىي خىزمەتچىلەر ھەر خىل مەسىلىلەرنى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىپ، ئاڭلىغۇچىلارغا پەن تەتقىقات نەتىجىسىنى ۋە يېڭى بىلىملەرنى يەتكۈزىدىغان مەخسۇسلاشقان نۇتۇق شەكلىدۇر.①

مۇنازىرە نۇتقى دېگىنىمىز، نورمال ئىلمىي مۇنازىرىلەردە ئىلمىي ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئوخشاش بولمىغان قاراشلارنى شەرھلەش ۋە ئادەتتىكى تۇرمۇشتا مۇئەييەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى كۆرسىتىدۇ.

① «نۇتۇقشۇناسلىق قامۇسى»، چاڭجياڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 2000 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 25 - بەت.

بۇ ئىككى خىل ئوتتۇق شەكلى ئوتتۇقنىڭ مەزمۇن ئۇقتىسىدىن باشقا، يەنە ئوتتۇقنىڭ شەكلى جەھەتتىمۇ پەرقلىنىدۇ. بۇنداق ئوتتۇق شەكىللىرى، بولۇپمۇ مۇنازىرە خاراكتېرلىك ئوتتۇق دىپلوماتىك كۆرەشلەردە، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي جەھەتتىكى مۇنازىرىلەردە كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئىلمىي مۇھاكىمە نۇتقى بىلەن مۇنازىرە خاراكتېرلىك ئوتتۇقنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى ئىنتايىن زور بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئوتتۇق كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇپ، تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىدىيىسىنى جانلاندۇرىدۇ. ئىلمىي مۇنازىرىگە يول قويۇلمىسا، ئىلمىي مۇھاكىمە بولمىسا، ئۇنداق جەمئىيەت پۈتمەس مەھكۇملۇق ئاسارىتىدە قالغان بولىدۇ. ئىلمىي مۇھاكىمە خاراكتېرلىك نۇتۇقتا ئىلىم - پەن تەتقىقاتىنىڭ يېڭى ئۇچۇرلىرى، يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، بۇنىڭدا ئاڭلىغۇچىلار بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، مۇكەممەل ۋە پۇختا ئىلمىي قاراشلاردىكى كىشىلەردۇر. شۇڭا، بۇنداق ئىلمىي مۇھاكىمىلەردە ئوتتۇق سۆزلىگۈچى چوقۇم ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا چوڭقۇر چۆككەن، مەلۇم ساھە بويىچە قىممەتلىك ئىزدىنىش نەتىجىلىرىگە ئېرىشكەن تەتقىقاتچى بولىدۇ. ئىلمىي مۇھاكىمە نۇتقىدا ئوتتۇق سۆزلىگۈچى يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالمىسا، ئوتتۇقنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ، بۇ ھەقتە ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى بۇ ھەممىگە چۈشىنىشلىك مەسىلىدۇر.

مۇنازىرە خاراكتېرلىك ئوتتۇقتا، ئوتتۇق سۆزلىگۈچى ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە مول بىلىمگىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، قارشى

www.uyghurkitap.com



تەرەپنىڭ سەپسەتىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتىنى باشقىلار ئالدىدا نامايەن قىلالمايدۇ. ئىلمىي مۇنازىرە خاراكتېرلىك نۇتۇق مۇنداق بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ: (1) بۇنداق نۇتۇق قارشى تۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، قارشى تۇرۇش بولمىسا، ئۇ مۇنازىرە مۇھىتىنى يارىتالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى، بىلىم سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش بىر ئىلمىي مەسىلىگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار شەكىللىنىدۇ، بۇ ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ئىلمىي پاكىت، دەلىل ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر ئارقىلىق بەيگىگە چۈشۈپ، ئۆز ئارا بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ خىل مۇنازىرە ئىلمىي ئاساسى سەللا ئاجىز بولغان كىشىلەردە شەخسىي غورۇرىغا تېگىش، ھاقارەت قىلىش ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. (2) بۇ خىل نۇتۇقتا ئۆتكۈرلۈك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىككى تەرەپ ئىلمىي مۇنازىرە ئېلىپ بارغاندا، تەپەككۇرنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، تىل ئۇچۇرىنىڭ تارقىلىشى بىلەن رەددىيە بېرىش ئادەتتىكى نۇتۇق مۇھىتىغا قارىغاندا جىددىي ھەم كەسكىن بولىدۇ. شۇڭا، مۇنازىرىچىلەر سەزگۈر تەپەككۇر ئىقتىدارى، يۈكسەك ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى ۋە تىل ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، مۇنازىرە قىلماقچى بولغان تېما ھەققىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشى لازىم. (3) ئىلمىي مۇنازىرە نۇتقىدا قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنى قوغداش ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، ئەمما بۇ ئالاھىدىلىك پۈتۈنلەي

ئىلمىي يول بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىلمىي مۇنازىرە ھۇجۇم بىلەن ئۆزىنى قوغداشنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مۇنازىرىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆز قارىشى روشەن، مۇھاكىمىسى پۇختا ۋە يېتەرلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تورى



# يەتتىنچى باب ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي نۇتۇق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش

دەرسخانىدا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق ئاساسەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچى ۋە كۇرسانتلارغا مەخسۇس تېمىدا سۆزلەيدىغان ياكى مەلۇم بىر ساھەگە دائىر لېكسىيە بېرىدىغان نۇتۇق شەكىللىرىنى، شۇنداقلا ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، سۆزلەش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە مۇھاكىمە قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئۆزى تەشكىللىگەن نۇتۇق شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، دەرسنىڭ ئۆزىمۇ دەرسخانىدىكى نۇتۇق تۈرىگە كىرىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي نۇتقى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ئوبيېكت ۋە مەيدانغا يۈزلىنىپ بەلگىلەنگەن مەقسەت، مەزمۇنغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇ ئادەتتىكى نۇتۇقتىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ، شۇڭا ئادەتتىكى نۇتۇق بىلەن ئوقۇتقۇچىلار كەسپىي نۇتقىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ پەرقىنى بىلىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم. دەرسخانىدىكى نۇتۇق ئۆزگىچىلىككە، چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. دەرسخانىدىكى نۇتۇق ماھارىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئادەتتىكى دەرسخانا نۇتقىنىڭ تۈرى ۋە قۇرۇلمىسىغا پىششىق بولۇپ، دەرسخانىنىڭ سىرتىدىكى نۇتۇقنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپلىرىنى ئىگىلەش، سىنىپ، مەكتەپ يىغىنلىرىدا ۋە ئاتا ـ ئانىلار يىغىنلىرىدا نۇتۇق ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. بۇ بابتا مۇشۇ مەسىلىلەر

ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

## § 1. ئوقۇتقۇچىلار كەسپىي نۇتقىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئوقۇتقۇچىلار ئادەتتە ئوقۇتۇش نۇتقى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇ نۇتۇقنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ئىدىيۋى جەھەتتىن تەربىيىلەش بولۇپ، ماھىيەتتە، بۇ دەرس ئۆتۈشنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇتۇقنىڭ ئوبيېكتى ئوقۇغۇچىلار، يەنە كېلىپ بۇ ئوبيېكت بىلىم تەشنالىقى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان، تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارى چوڭلارنىڭكىگە يەتمەيدىغان مەزگىل بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسى ئىلمىيلىكتىن، ئىدىيۋىلىكتىن ۋە دەرسلىك دائىرىسىدىكى بىلىم سىستېمىسىدىن چەتنىيەلمەيدۇ. مانا بۇ ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى توغرا ئىگىلەشنى، پەنگە قارشى ھەرقانداق نۇقتىغا قارىتا سەگەك بولۇشنى، ئۇقۇملارنىڭ توغرا بايان قىلىنىشىنى، زىددىيەتلىك سۆزلەپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم ئۆزىگە ھەر جەھەتتىن قاتتىق تەلەپ قويمىسا بولمايدۇ.

كىشىلەر «ئوقۇتقۇچى — ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دەيدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانىنىڭ ئىچى - سىرتىدا سۆزلىگەن ھەربىر سۆزى ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئۇ ھەر بىر سۆزنى ئوبدان ئويلىشىپ ئېغىزدىن چىقىرىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى قانداق سۆزلىسە، ئوقۇغۇچىمۇ ئۇنى دوراپ سۆزلەپ ئۆگىنىپ قالىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا،

ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتنىڭ نۇتۇقتىكى ئاساسىي پىكىرنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن باشقا، دوراش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ مەزكۇر ئوبيېكتنىڭ باشقا نۇتۇق ئوبيېكتلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر ئۆزگىچىلىكىدۇر. بىز ئادەتتە ئوقۇتقۇچىلارغا پېداگوگىكا قائىدىسى بويىچە ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلدا دەرس سۆزلەشنى تەۋسىيە قىلىمىز، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تەربىيىلەنگۈچىلەرنى ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل مۇھىتىدا يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. دۆلەتمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس نۇتقىدا ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل قوللىنىشنى بەلگىلىگەن، ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىل ئوقۇتۇش تىلى دەپ قارىلىدۇ. مائارىپ مىنىستىرلىكى يەنە بەلگىلىمە چىقىرىپ، ئوقۇتقۇچىلار پۈتۈنلەي لاياقەتلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىشنى، بۇنىڭدا شۇ تىلنىڭ ئۆلچەملىك ئورتاق تىلىنى ئەڭ مۇھىم ئۆتكەللەرنىڭ بىرى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ تىلى ئادەتتىكى مەنىدىكى ئاغزاكى تىل ئەمەس، ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقىنى ئىلىم - پەننىڭ نەزەرىيە تىلىدۇر. ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچىنىڭ تىلى كىتابىي تىل پۇرىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئاغزاكى تىلدۇر. بۇ تىل كىتابىي تىلنىڭ قاتتىق پرىنسىپىغا، ئاغزاكى تىلنىڭ ئاممىباب ۋە تەسىرچانلىقىغا ئەمەل قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدا بەك قويۇق يەرلىك شىۋە ئالاھىدىلىكى بولسا بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ تىلى ئىلمىي ئاتالغۇلار، شۇنداقلا خاس كەسپىي سۆزلەر بىلەن تولۇپ تاشقان بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ تىل ئالاھىدىلىكىنىمۇ باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەر ياكى جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئاسانلىقچە ھېس قىلالمايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ تىلى ھېسسىي پۇراققا ئىگە بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى، ئالاھىدە

ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزۈن مەزگىل مۇنبەردە تۇرۇشى ئۆزگىچە بىر خىل پسىخىك روھىي ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ، بۇ روھىي ھالەت ئۇنىڭ تىلىغا ھېسسىياتلىق رەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

ئوقۇتقۇچى دەرسنى پىششىق تەييارلىغاندىن كېيىن، راۋان ھەم چۈشىنىشلىك يەتكۈزۈش ئۇستىدە ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۆرۈشى كېرەك. بۇ يەردە ئويلىنىدىغان مەسىلىلەر مەزمۇن مەسىلىسىدىن تىل مەسىلىسىگىچە، تېخنىكىلىق مەسىلىلەردىن سەنئەتلىك مەسىلىلەرگىچە ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدىكى ئوتتۇق سۆزلىگۈچىدۇر، ئۇ ئۆزىگە مۇئەييەن بىر مەزمۇننى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈشنى ۋەزىپە قىلىشى، ئوقۇغۇچىلارغا دەرسنى سەنئەتلىك سۆزلەشتىمۇ ئۈلگە بولۇشنى ئويلىشى لازىم. مەزمۇن ھەققىدە توختالغاندا، ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئەسلىي يەتكۈزمەكچى بولغان مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا بىر مۇنچە مەزمۇنلارنىمۇ جەزمەن پۇختا تەييارلىشى، ئوقۇتقۇچى سەممىي بولۇشى، ھەر ۋاقىت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى زۆرۈر. بىر ئادەمنىڭ بىلىم سەۋىيىسى چەكلىك بولىدۇ، ھەممە دەرسنى بىر ئادەم بىلىپ بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى سەممىي بولۇش، بىلمەيدىغاننى «بىلمەيمەن» دېيىش كېرەك، بىلمىگەننى «بىلمەن» دېيىش، بىلگەننى «بىلمەيمەن» دېيىش ئوخشاشلا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئىشلاردۇر. مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا، بىر ئەدەبىي ژۇرنالدىن «تاغ يۈرەك شائىر» ناملىق بىر داستاننى ئوقۇيدۇ. بۇ داستاندا جاللات شىبلىك شىمسەي چېرىكلىرىنىڭ تەسۋىرى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنى

نىجاسەت ئىچىدىكى قۇرتقا ئوخشاتقان بىر كۇپلېت يولۇقىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچى «نىجاسەت» دېگەن سۆزنىڭ نېمە مەنىسى بارلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇ ئەڭ بىلىملىك دەپ چۈشىنىدىغان تىل - ئەدەبىيات مۇئەللىمى دەرسكە كىرگەندە قول كۆتۈرۈپ، «مۇئەللىم، ‹نىجاسەت› دېگەن نېمە دېگەن سۆز؟» دەپ سورايدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا بۇ «ئوقۇمۇشلۇق» مۇئەللىم دەرھاللا «‹جاسارەت› دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش سۆز» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئارىلىقتىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئوقۇغۇچى ئىزاھلىق لۇغەتتىن بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى كۆرىدۇ - دە، ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس، بىلىمسىز نان قېپىغا ئايلىنىدۇ.

شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنى قەتئىي چوڭ تۇتماسلىقى لازىم، بىلمىگەننى بىلمەيمەن دېيىش ئىنسانىي پەزىلەتلەر سەھىپىسىدە گۈزەل ئەخلاقتۇر. ھەربىر ئوقۇتقۇچىدا مۇشۇنداق ئەخلاق - پەزىلەت يېتىلمىسە، ئۇ بىر يارامسىز ئوقۇتقۇچى بولالمايدۇ.

ئوقۇتقۇچى تەقى - تۇرق ۋە كىيىم - كېچەككىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئىلىمنىڭ ئەسلىي پاكلىق، سەمىمىيلىك، پاكىزلىق، ئەقلىي ساغلاملىق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئىلىم تارقاتقۇچى بولغان ئوقۇتقۇچى پوچىتىكەش ئەمەس، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر سەنئەتكاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوبرازى ئىلمىي خاراكتېر بىلەن بىرلىشىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەرسخانىدىكى نۇتۇق ۋاقىت جەھەتتىن سەل ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن تەرتىپكە قاتتىق رىئايە قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ نۇتۇقنى سۆزلىگۈچىمۇ تەقى - تۇرق ۋە كىيىنىش جەھەتتىن تەرتىپكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## § 2 . ئوقۇتقۇچىلاردىن نوتۇق جەھەتتە كۈتۈلىدىغان تەلەپلەر

ئوقۇتقۇچىلاردىن نوتۇق جەھەتتە نۇرغۇن تەلەپلەرنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئوقۇتقۇچىلاردىن كۈتۈلىدىغان تەلەپلەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىدىن كېلىپ چىققان. بۇ تەلەپلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

1 . ئوقۇتقۇچى ھەر ۋاقىت ئىلمىيلىكنى تەكىتلىشى كېرەك

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوقۇغۇچىلار ئىلىم تەشنالىقىدا چاڭقىغان قەلب ئىگىلىرىدۇر، ئۇلار ھەرقانداق نەرسىنى بىلىۋېلىشنى، ئۆگىنىۋېلىشنى خالايدۇ، ئۇلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلمىي قاراشلىرىدىن تارتىپ، قىلىقسىز ھەرىكەتلىرىگىچە دىققەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئادەتتىكى سۆز - ھەرىكەتلىرىدىمۇ ئىلمىي بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق بىر مەسىلە ھەققىدە ئادەتتىكىچە كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كەلسىمۇ، ئوقۇتقۇچى جەزمەن ئىلمىي مەۋقەنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە كۆپنى بىلىدىغان، كاللىسى ئىلىم ھەقىقەتلىرى بىلەن تولغان، تەڭداشسىز سىما. ئەگەر ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ مۇشۇ نوپۇزىنى ساقلاپ قالالمىسا، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلار قەلبىدىكى ئوبرازىغا زور دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ. كۆز قاراشلاردا پەقەت ئىلمىيلىك بولغاندىلا، ئىككىنچى تەرەپنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ، ئىلمىيلىكتىن چەتنىگەندە، ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگىنى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا گەرچە ھەقىقەتتەك بىلىنسىمۇ، لېكىن

ۋاقىتتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ سەپسەتە ئىكەنلىكى ھامان ئاشكارىلىنىدۇ. دېمەك، ئوقۇتقۇچىغا ئەڭ ئاۋۋال قويۇلىدىغان تەلەپ، ھەرقانداق ئىشتا ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئىلمىي قاراشنى تىكلەشتۇر.

2. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاق جەھەتتىنمۇ ئۈلگە بولالىشى كېرەك

ئەخلاق مۇھىم ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ. ئوقۇتقۇچى ھەممىلا ساھەدە، ھەتتا كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىمۇ ئوقۇغۇچىغا ئۇستازدۇر، ئەخلاقسىز ئادەم ئوقۇتقۇچى بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. ھازىرقى مائارىپىمىزدا ئوقۇتقۇچىلارغا ئەخلاقىي تەلەپلەر ئۆلچەم قىلىنمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يېتىشىپ چىقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىزمۇ ئەخلاق قارىشىغا ئېتىبارسىز قارايدىغان، ئۆزىنىڭ گۈزەل مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئۇيغۇر مائارىپى ئەخلاققا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان ئىدى. ھالبۇكى، كېيىنكى چاغلاردا ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، گۈزەل ئەخلاق بۇزۇۋېپ تاشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدىكى ئەخلاق تەربىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيۋاتىمىز. ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق 50 -، 60 - يىللاردىن ئىلگىرى ناھايىتى ياخشى ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئىجتىمائىي ئەخلاق بۇزۇلدى، كىشىلەر ئارىسىدا قىلىقسىزلىقلار، تىل - ھاقارەتلەر يامراپ كەتتى، «سىز» لەش ئورنىغا «سەن» لەش، ھۆرمەت سۆزلىرى ئورنىغا كەمسىتىش سۆزلىرىنى ئىشلىتىش، ئۆتۈنۈش پېئىلى ئورنىغا بۇيرۇق پېئىلىنى ئىشلىتىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى، تىلدىمۇ ئەخلاقسىزلىق ئامىللىرى كۆپىيىپ كەتتى، مەدەنىيەت

ئىنقىلابىدا، تىلى قانچە قوپال بولسا، ئاۋازى قانچە يېقىمسىز، چىقىراق، كۈچلۈك چىقسا شۇ ھەقىقىي «ئىسيانكار ئىنقىلابچى» بولىدى. يەنە بىر نۇقتىدىن، دىن بىلەن ئەخلاق مۇئەييەن باغلىنىشچانلىققا ئىگە. ئەقىدە ۋە ئېتىقاد سۇسلاشسا، ئەخلاق نورمىلىرىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ. دۇنيادا، ئىنسان بىلىم ئېلىشتىن ھەرقانداق ۋاقىتتا نومۇس قىلماسلىقى كېرەك. ئۆزىنىڭدىن باشقا پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەخلاق مىزانى بولىدۇ. ئوقۇغۇچى بىلىم ئېلىش جەھەتتە ئوقۇتقۇچى ئالدىدا نومۇس قىلمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتە، كلاسسىكلىرىمىزدىن سوپى ئاللايار «نىجاتۇت تالىبىن» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

ئۇيالما، مەئىرىغەتنى ئۆزگە نۇردىن،
بولۇر جايىڭ تونۇر قالساڭ تانۇردىن.

شائىر دەيدۇ، سەن مەرىپەت ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلما، ئەگەر تونۇماقتىن قالساڭ ئاقىۋەت بارىدىغان يېرىڭ تونۇر (ئوت، دوزاخ) بولۇر. راست، خۇددى سوپى ئاللايار ئېيتقاندەك ئىلىم ئېلىشتىن نومۇس قىلىشقا بولمايدۇ، ئەمما باشقا ھەرقانداق ئىشتا نومۇس ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى بولىدۇ. بىز ئەخلاقىي جەھەتتىن ئۆزىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى يىتتۈرۈپ قويۇۋاتقان شارائىتتا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاقىي جەھەتتىن ئۈلگە بولۇشى ناھايىتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

3. ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەندە، يەنە ئادەت سۆزلىرىنى ئىشلىتىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەمكىنلىك بىلەن پىسخىك جەھەتتىن ئۆزىنى تەڭشەپ، ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ سۆزلەش، تەمتىرەشتىن قۇتۇلۇش لازىم. يېڭى دەرسكە كىرگەن ئوقۇتقۇچىلاردا بۇ

www.uyghurkitap.com



جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەر ئېغىرراق ساقلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى بولغۇچى بۇ قىيىنچىلىقنى يەڭمىسە، دەرس ئۆتۈشكە بىۋاسىتە تەسىر يېتىدۇ.

4. ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ تېزىسىنى ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى مۇنبەردە رەتلىك قويۇش، ھەرگىزمۇ قالايمىقان تاشلىماسلىق كېرەك

مۇنبەردە ئوقۇتقۇچىنىڭ ماتېرىياللىرى قالايمىقان تۇرسا، ئوقۇغۇچىلارغا بىر خىل تەرتىپسىزلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ زېھنى چېچىلىپ، سۆزلىنىۋاتقان مەزمۇنلارمۇ بىر خىل تەرتىپسىز تۇيۇلىدۇ. ئوقۇتقۇچى يەنە دوسكىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشى، دوسكىغا خەتنى رەتلىك، چىرايلىق يېزىشى كېرەك. بۇلار ئوقۇتقۇچىلارغا قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپلەردۇر، ئەگەر بىز ئۆز ئەقلىمىز ۋە ۋىجدانىمىز بىلەن ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى شەرتلەرنى قانچىلىك ئورۇندىيالىغانلىقىنى دەڭسەپ كۆرىدىغان بولساق، شۈبھىسىزكى، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار يارامسىز بولۇپ چىقىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئەمەلىيەتتە بۇلاردىنمۇ كۆپ. بىز بۇ يەردە پەقەت كۆز ئالدىمىزدىكى بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىلا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. مىللىتىمىزنىڭ روناق تېپىشى، ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ھەر جەھەتتىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، «ئوقۇتقۇچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا داغ تەگكۈزمەيدىغان ئادەملەردىن بولۇشى زۆرۈر. بىز ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمىزنىڭ ساپاسى ھەققىدە قايغۇرمىساق، باش قاتۇرمىساق بولمايدۇ.

## § 3 . دەرسخانا نۇتقى

دەرسخانىدىكى نۇتۇق ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانىدا ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ دەرس سۆزلىشىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان نۇتۇق شەكلىدۇر. ئۇ تۆۋەندىكىدەك بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1. دەرسخانا نۇتقى چەكلىمىلىككە ئىگە

دەرسخانا نۇتقى تۆۋەندىكى ئوقۇتۇش ئامىللىرىنىڭ تەقەززا قىلىشىغا ئۇچرايدۇ: ئەڭ ئاۋۋال، ئوقۇتۇش مۇھىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇچرايدۇ، ئوقۇتۇش مۇھىتى ئوقۇتۇش سورۇنى، ئوقۇتۇشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، سىنىپ شارائىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي زېھنىي قۇۋۋىتى بىلەن، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىزامى، سىنىپ سىرتىدىكى پائالىيىتى، ئۇلارنىڭ ناخشا ـ كۈلكىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دەرسخانا نۇتقى مۇشۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، دەرسخانا نۇتقى ئوقۇشلۇقنىڭ تەقەززا قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئوقۇشلۇق ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوقۇشلۇقتا يەنە ئوخشاش بولمىغان يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش پسىخىكىسى مەلۇم جەھەتتىن ئاساس قىلىنىدۇ. ئوقۇشلۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىشتىكى مۇھىم قورالى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈشىدىكى ئاساسىي تايانچىدۇر. شۇڭا ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانىدىكى نۇتقى بىلەن ئادەتتىكى نۇتۇقلار ئوتتۇرىسىدا پەرق

بولىدۇ. دەرسخانىدىكى نۇتۇقتا، ئوقۇشلۇقنىڭ مەزمۇنى ئاساس قىلىنىدۇ، ئەگەر ئوقۇشلۇقنىڭ مەزمۇنىدىن چەتنەپ كېتىلسە، ئوقۇتقۇچى نېمىنى سۆزلىگۈسى كەلسە شۇنى سۆزلىسە، بۇ ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا خىلاپلىق قىلىنغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەرسخانا نۇتقى دەرس ۋاقتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئادەتتىكى نۇتۇقتا نۇتۇق ۋاقتى بىر ئاز ئۇزىراپ كەتسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئەمما، دەرس ۋاقتى مۇقىم بەلگىلەنگەندۇر. ئوقۇتقۇچى چوقۇم ئاشۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە بەلگىلەنگەن مەزمۇننى سۆزلەپ تۈگىتىشى كېرەك.

2. دەرسخانا نۇتقى ئۆتۈشۈشچانلىققا ئىگە

دەرسخانا نۇتقى ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ نۇرغۇن ئەقلىي پىكرىنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇ يەردە نۇتۇق «كۆۋرۈك» لۈك رول ئوينايدۇ. ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ تونۇشى، ھېسسىياتى دەل مۇشۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق ئۆتۈشىدۇ، شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى، بىلىم سەۋىيىسىنى، پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ياخشى بىلىپ، ئۇلارنى ھەقىقىي چۈشىنىپ، ئەقلىي ۋە ھېسسىي ئۆتۈشۈشنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

3. دەرسخانا نۇتقى قوزغىتىشچانلىققا ئىگە

دەرسخانا نۇتقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىتىدۇ، دەرسخانا نۇتقىنىڭ قوزغىتىشچانلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېڭىدا بەزى سوئاللارنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ شۇ مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، دەرسخانىدىكى نۇتۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمگە بولغان قىزغىنلىقىنى قوزغىتىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار كونا بىلىملەر ئاساسىدا يېڭى بىلىمگە ئېرىشكەندىن كېيىن، روھلىنىپ تېخىمۇ ئالغا ئىنتىلىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇڭا بىز دەرسخانىدىكى نۇتۇقنى قوزغىتىشچانلىقتا ئىگە دەپ قارايمىز.

4. دەرسخانا نۇتقى روشەن بولىدۇ

ياش ئوقۇغۇچىلار تىل ۋە چۈشىنىش جەھەتتە قۇرامىغا يەتكەن ئادەملەرگە يەتمىگەچكە، دەرس جەريانىدا تىلنىڭ تېخىمۇ ئېنىق، گەۋدىلىك ۋە روشەن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دەرسخانا نۇتقىدا، كۆزقاراش روشەن، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئوقۇتقۇچىنىڭ پوزىتسىيىسى ئېنىق ئىپادىلىنىشى، نېمىنىڭ گۈزەللىك، نېمىنىڭ رەزىللىك ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلىشى كېرەك. دەرسخانا نۇتقىدا كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكلەر بولسىمۇ، بىز بۇ يەردە مۇشۇ بىرقانچە گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنىمىز.

## § 4. دەرستىن سىرتقى لېكسىيە ۋە نۇتۇقلار

دەرسخانا نۇتقىدىن باشقا، ئوقۇتقۇچى ۋە سىنىپ مەسئۇللىرىنىڭ دەرستىن سىرتقى سورۇنلاردا سۆزلىشى، مەسىلەن، سىنىپ يىغىنى، ئاتا - ئانىلار يىغىنى قاتارلىقلاردا سۆزلەشلىرىنىڭ ھەممىسى دەرستىن سىرتقى نۇتۇق شەكلىگە كىرىدۇ. بۇ نۇتۇقتا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ھەر ساھەدىكى بىلىملەرنى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىنتىزام، ئەخلاق ۋە قائىدە - مىزانلارنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. دەرستىن

سىرتقى نۇتۇقتا ئوقۇتقۇچى پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە «نۇتۇقشۇناسلىق ئوقۇشلۇقى» دا مۇنداق بىر ئەمەلىي چۈشەندۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ: بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار نۇرغۇن گۈللەرنى ئۆيلىرىدىن ئەكېلىپ سىنىپنى بېزىگەن، ئەڭ چىرايلىق گۈلنى بولسا مۇنبەرگە قويغان. بىر كۈنى سىنىپ مەسئۇلى دەرس سۆزلىگىلى سىنىپقا ئەمدىلا كىرىشىگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇنبەرنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇنبەردىكى گۈل ھەققىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەسلىدە مۇنبەرگە قويۇلغىنى ئەتىرگۈل ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئورنىغا ئالوي گۈلى ئالمىشىپ قالغان ئىدى. مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا پۇرسەتنى چىڭ تۇتتى - دە، ساۋاقداشلار، رەھمەت سىلەرگە، بۇ گۈل ھەققەتەن چىرايلىق ئىكەن. ئەسلىدە بۇ گۈل ئانچە چىرايلىق ئەمەس ئىدى، كۆپچىلىكنىڭ بۇنى پىقىرىتىپ تاشلىۋەتكۈسى كېلەتتى، بۈگۈن يەنە نېمە ئۈچۈن بىزگە ئەتىۋارلىق بولۇپ قالدى؟ ئويلاپ بېقىڭلار، ئەتىرگۈل ھۆسنى بىلەن گۈزەل، ئالوينىڭ بولسا دورىلىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى، بۇ قىممەت ئۇنىڭغا گۈزەللىك بەخش ئەتمەمدۇ؟ . . . بۇ يەردە ئوقۇتقۇچى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەنچە بېرىۋالىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورناپ كېتىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسخىك ئىنتىلىشىنى ئۈنۈملۈك يېتەكلەيدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ سۆزىنىڭ دەرس بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىسىمۇ، ئەمما ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنى ھايات ھەقىقەتلىرى ۋە تەبىئەت ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش رولى بولىدۇ.

سىنىپ مەسئۇلى يىغىنلاردا سىنىپنىڭ ئومۇمىي تەرتىپى

ھەقىقىدە تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. مۇشۇ بىر خىللا شەكىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىدا زېرىكىش تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېرىكىش پسىخىكىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى سىنىپ يىغىنىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشى كېرەك. ئۇنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئويلاپ تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىشقىلىپ، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى زېرىكتۈرمەيدىغان ئۆزگىچە ئامالنى تېپىپ چىقىپ، سىنىپ يىغىنىنىڭمۇ مەنىلىك ۋە تەسىرلىك بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. سىنىپ يىغىنىدا ھەممىشە كونكرېت مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنىپ، بەزى ئوقۇغۇچىلارنى ماختاش، بەزى ئوقۇغۇچىلارنى تەنقىد قىلىش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئامال ـ چارىلەر ئىشلىتىلمەيدۇ. دەرستىن سىرتقى ئۆتۈقتا ماھىر ئوقۇتقۇچىلار بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەخسىيىتىگە تەگمەيمۇ پۈتۈن سىنىپ ئىنتىزامىنى تەرتىپكە سالالايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، سوپى ئالليار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوقۇغان، مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى ھەبىبۇللا شەيخ يېتىلگەن مۇدەررىس ئىدى. سوپى ئاللايارنىڭ باجگىرلىكتە يامان نامى ئەلگە پۇر كەتكەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا ئۆكۈنۈپ، ئەنە شۇ ھەبىبۇللا شەيخنىڭ ئالدىغا كەلگەن، ھەبىبۇللا شەيخ سوپى ئاللايارغا ھېچقانداق تەنبىھ بەرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتىنى مۆلچەرلەپ كۆرگەن. ئۇ پارىخورلۇق ۋە ئەسكىلىكتە نامى چىققان سوپى ئاللايارغا ئىلھام بېرىپ دېدىكى: سېنىڭ قەلبىڭ ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، سېنىڭ قەلبىڭ زالىملىق بابىدىن كېچىپ ئالىملىق قىسمىتىگە ئىنتىلدى، سەندەك ئەقىل ئىگىسى بۇ يەتتە ئىقلىمدا ئاز تېپىلۇر، سەن ئەمدى ھېرىس ۋە تاما قاچىلىرىنى چېقىپ تاشلىدىڭ، چىن ئىنسانلىق دالىلىرىدا

ياالاڭ ئاياغ يۈرۈشنى خالىساڭ، شۈبھىسىزكى، ساڭا ئاللا ئالىملىقنى ئاتا قىلۇر، شۇڭا ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن بۇرۇن سەن ئۆزۈڭنى پاكلىغىن. . .

سوپى ئاللايار پاكلىقنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا سورىغاندا، شەيخ دېدىكى، بارلىق مال - مۈلكىڭنى يېتىم - يېسىرلارغا سەدىقە قىلىپ، بىر يىل ساھىل (تىلەمچى) بول، ئاندىن بىلىم باغىغا ئىشتىراك قىل. . . شۇنداق قىلىپ سوپى ئاللايار بىر يىلدىن كېيىن تالىپلىققا قوبۇل قىلىنغاندا، شەيخ ئۇنىڭغا يەنە ئىلھام بېرىپ، ئەخلاق توغرىسىدا ئاجايىپ بىر كىتابنى — «نىجاتۇت تەلىبۇن» نى روياپقا چىقىرىشقا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. شۇنچىلىك يامان ئىشلارنى قىلغان، ئەخلاقسىزلىقتا نامى پۇر كەتكەن بىر تالىپنىڭ ئەخلاق ھەققىدە ئۆلمەس بىر كىتابنى يېزىپ چىقالىشىنىڭ سىرى شۇكى، ئۇ يارامىلىق ۋە ناتىق مۇدەررىسنىڭ تەلىمگە ۋە ئىلھامىغا مۇيەسسەر بولالىغان.

ئوقۇتقۇچى ھەر خىل نۇتۇق ۋە لېكسىيە شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىمۇ ئوقۇغۇچىلاردا غايە تىكلەشى، ئۇلارنى ئۈمىدۋارلىق يولىغا باشلىشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەش، ئۇلاردا گۈزەل ئەخلاقنى تۇرغۇزۇش ئاساسەن ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرستىن سىرتقى تەربىيىسىگە باغلىق. دەرستىن سىرتقى تەربىيە نۇتقى ۋە لېكسىيىلەر ۋاقىت جەھەتتىن ئانچە كۆپ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، بىراق ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك خاسلىقى، ياش ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى نەزەردىن ساقىت قىلسا بولمايدۇ. ئاتا - ئانىلار يىغىنىدىمۇ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرخىل ئارتۇقچىلىقلىرىنى نۇتقىنىڭ ئاساسىي تېمىسى قىلىش بىلەن بىرگە،

يېتەرسىزلىكلەرنى قوشۇمچە ماتېرىيال سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش يولىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىغا ئاكتىپ ماسلىشىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ھەرقانداق ئاتا - ئانا ئۆزىنىڭ پەرزەنتى ھەققىدە ئوقۇتقۇچىسىدىن پەرزەنتىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆپرەك ئاڭلاشنى خالايدۇ. ھە دېگەندىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەيىبلىرى ھەققىدە كۆپچىلىك ئالدىدا كۆچەپ سۆزلەش ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى بىر قېتىملىق يىغىن ياكى تەنقىد ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بىراقلا تۈگىتەلمەيدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك تىرىشىش ئارقىلىقلا ياش نوتىلارنى ياخشى مېۋە بېرەلەيدىغان ياراملىق مېۋىلىك دەرەختەك جەمئىيەتكە تۆھپە قوشالايدىغان كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى سىنىپ يىغىنىدا ياكى ئاتا - ئانىلار يىغىنىدا بولسۇن، ئوقۇتقۇچى سەۋرچان بولۇشتەك پسىخىك خاراكتېردە يىغىن ئېچىشنى ۋە سۆزلەشنى بىلىشى كېرەك. دەرستىن سىرتقى نۇتۇقلارنىڭ قالغان ئالاھىدىلىكلىرى باشقا نۇتۇقلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# سەككىزىنچى باب نۇتۇقتىكى ئېستېتىك قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش

نۇتۇقتىكى ئېستېتىك قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش نۇتۇق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى. بىز قانداق نۇتۇقنىڭ گۈزەل بولىدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە نۇتۇق گۈزەللىكىنى ياراتقىلى ۋە ئۇنىڭدىن زوق ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم. نۇتۇقتىكى گۈزەللىك مەسىلىسى نۇتۇقشۇناسلىقتىكى ئاساسىي نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

نۇتۇقتىكى گۈزەللىك ئىقتىدارى ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئېستېتىكىلىق قانۇنىيەت بويىچە نۇتۇق گۈزەللىكىنى يارىتىشى، گۈزەللىكنىڭ پسىخىك ھەرىكەت بويىچە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېسسىي تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتىشى؛ يەنە بىرى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىدىن قانداق پايدىلىنىش، نۇتۇققا قانداق باھا بېرىش، گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىش ئىقتىدارى.

نۇتۇق گۈزەللىكى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، تەبىئىي گۈزەللىك؛ يەنە بىرى، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ تاشقى قىياپەت گۈزەللىكى. ئاندىن تىلىنىڭ چۈشىنىشلىك، توغرا، تەسىرلىك بولۇش گۈزەللىكى، ئەڭ ئاخىرىدا ھەقىقەت گۈزەللىكى، ئىدىيە ۋە ئەخلاقىي گۈزەللىك قاتارلىقلار.

## § 1. نۇتۇق گۈزەللىكى

نۇتۇقتىكى ئېستېتىك قابىلىيەتنىڭ يېتىلىشى نۇتۇق ئىقتىدارى يېتىلىشىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىدۇر. بىز قانداق گۈزەللىكنىڭ نۇتۇق گۈزەللىكى ئىكەنلىكىنى چۈشەنسەكلا، نۇتۇق گۈزەللىكىنى ئېستېتىكىلىق قانۇنىيەت بويىچە يارىتالايمىز ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنالايمىز. مەيلى نۇتۇق گۈزەللىكىنىڭ يارىتىلىشى ياكى نۇتۇق گۈزەللىكىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە ھوزۇرلىنىشى بولسۇن، ھەممىسىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇبادا، بىز نۇتۇق گۈزەللىكىنىڭ قانداقلىقىنى ئېنىق بىلمىسەك، نۇتۇق گۈزەللىكىنى يارىتالمايمىز، شۇنداقلا نۇتۇق گۈزەللىكىگە باھامۇ بېرەلمەيمىز. گۈزەللىكنى تەتقىق قىلىدىغان پەن «ئېستېتىكا» دېيىلىدۇ. ئېستېتىكا گۈزەللىك ھەرىكىتى، گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىش، گۈزەللىكنى يارىتىش، بولۇپمۇ بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق رېئاللىقنى بىلىشنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان نۇتۇقتىكى گۈزەللىك ئىقتىدارى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئېستېتىكىلىق قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا نۇتۇقنىڭ گۈزەللىكىنى يارىتىشى، ئېستېتىكىلىق پسىخىك ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرى ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلاردا گۈزەللىك تەسىراتى پەيدا قىلىشتۇر؛ يەنە بىرى، ئېستېتىك ئۆلچەملەر ئارقىلىق نۇتۇق گۈزەللىكىگە باھا بېرىش بولۇپ، بۇ نۇقتا ئاڭلىغۇچىلارغا قارىتىلغاندۇر.

بۇ يەردە ئېنىق بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك نۇقتا، مەيلى ئېستېتىكىلىق قانۇنىيەت بويىچە نۇتۇق گۈزەللىكىنى يارىتىش

www.uyghurkitap.com



بولسۇن ياكى نۇتۇق گۈزەللىكىگە ئېستېتىك نۇقتىدىن باھا بېرىش بولسۇن، ھەممىسىدە گۈزەللىك نامايان بولىدۇ. نۇتۇقتا گۈزەللىك بولمىسا، ئۇ ئاڭلىغۇچىلارغا تەسىر قىلالمايدۇ. ئېستېتىك نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ھەر قانداق نۇتۇق گۈزەل بولۇشى كېرەك. گۈزەللىك مۇۋەپپەقىيەتلىك نۇتۇقنىڭ بىردىنبىر بەلگىسىدۇر. نۇتۇق گۈزەللىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە گۈزەللىك تۇيغۇلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىجتىمائىي مەقسەتكە يېتىپ، بەدىئىي قىممەت يارىتالايدۇ. گۈزەللىك نۇتۇقنىڭ ھاياتىي كۈچىدۇر. ئۇنداقتا، نۇتۇق گۈزەللىكى دېگەن زادى نېمە؟ بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاۋۋال چۈشىنىۋېلىشىمىزگە تېگىشلىك ئاساسىي مەسىلە. بىز كىتابىمىزنىڭ بېشىدىلا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ۋە مۇھىتتا ئاۋازلىق ۋە ئاۋازسىز تىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، كەڭ ئاڭلىغۇچىلارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئۆز پىكرىنى، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىدۇ، دەپ ئۆتكەن ئىدۇق. نۇتۇق دراماتورگىيە ئەمەس، بەلكى ئۇ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئەمما نۇتۇقتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي پائالىيەتتە بەزى سەنئەت ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا بىز نۇتۇق گۈزەللىكىنى تەبىئىي گۈزەللىكمۇ، بەدىئىي گۈزەللىكمۇ، سەنئەت گۈزەللىكىگىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل گۈزەللىك دەپ قارايمىز.

گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىش تارىختىن بۇيان ئېستېتىكا ساھەسىدىكى بىر قىزىق مۇنازىرە نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسى ئېستېتىكىدىكى ئاساسلىق نەزەرىيىۋى مەسىلىدۇر. نۇتۇق

گۈزەللىكىنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسىمۇ ئوخشاشلا نۇتۇق ئېستېتىكىسىدىكى ئاساسلىق نەزەرىيىۋى مەسىلىدۇر. نۇتۇق گۈزەللىكىنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، نۇتۇق ئەمەلىيىتىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بارلىق نۇتۇقلاردىكى گۈزەللىك ھادىسىسى بىزنى نۇتۇق گۈزەللىكىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ.

ئادەم جەمئىيەتتە چوڭ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەمدە بەلگىلىك ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەت بولىدۇ. ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەت ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ھەمىشە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىۋالىدۇ، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى نۇتۇق جەريانىدا ئىنتايىن گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ھەربىر نۇتۇق سۆزلىگۈچى مەيلى ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جەمئىيەت ئەزاسى بولۇش سۈپىتىدە نۇتۇق سۆزلەيدۇ، شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچى بەلگىلىك جەمئىيەت، سىنىپ، گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلىپ سۆزلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇتۇق شۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولىدۇ.

يۇنانلىق مەشھۇر ناتىق پېرىكلېس ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم، نۇرغۇن نۇتۇقلارنى بايان قىلغان، ئۇ يۇناندىكى قۇلدارلار بىلەن دېموكراتىك سىياسىينىڭ مەشھۇر ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق نۇتۇقلىرىدا ئۇنىڭ سىياسىي غايىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ مەيدانىمۇ يۇناندىكى قۇلدارلارنىڭ دېموكراتىك سىياسىي مەيدانى ئىدى. ئۇ، نۇتۇق ئۈچۈنلا نۇتۇق سۆزلىگەن ئەمەس. مۇنبەردە تۇرغان ئادەم ھەرگىزمۇ فىزىئولوگىيىلىك مەنىدىكى ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاساسلىقى سوتسىئولوگىيە مەنىسىدىكى ئادەمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇتۇق گۈزەللىكى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولىدۇ. ھەرقانداق دەۋردىكى ھەرقانداق

نۇتۇق ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىتنى تەقەززا قىلىدۇ، ئۇ بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھەرقانداق بىر نۇتۇق نۇرلۇق ماياك سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ، ھەقىقەتنى نامايان قىلىدۇ. مەيلى تەبىئەتنى سۆيۈش مەنىسىدىكى نۇتۇق ياكى ھايات ھەقىقەتلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر ئەكس ئەتكەن نۇتۇق بولسۇن، ھەرقانداقىدا كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىق مەۋجۇت بولىدۇ. ئادەم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلى ئىكەن، ئۇنداقتا سۆزلىگۈچىنىڭ ئىدىيىسىنى، ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇتۇق تەبىئىي رەۋىشتە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولىدۇ.

ئادەتتە، نۇتۇقتا جۇرئەت، تىنىش، ھېسسىيات ئىپادىسى، ھەرىكەت قاتارلىقلار نۇتۇقنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى مەلۇم نۇقتىدىن سەنئەتلىك رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇسۇللاردۇر. ئەلۋەتتە، بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان سەنئەت گۈزەللىكى نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات، ئاۋاز ۋە قىياپەت جەھەتتىكى ئۆزگىچە خاس جەزبدارلىقىدۇر، نۇتۇقتىكى ياردەمچى سەنئەت ۋاسىتىلىرى نۇتۇقنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

نۇتۇقنىڭ ئۆزىدىمۇ بەلگىلىك بەدىئىي گۈزەللىك بولىدۇ. نۇتۇق بىر خىل ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى، لېكىن بۇ رېئال ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە بەلگىلىك بەدىئىي رەڭ بولىدۇ. نۇتۇقتىكى بەدىئىي رەڭ بىر تەرەپتىن، ياردەمچى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق بارلىققا كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى تەبىئىي بەدىئىي رەڭدە ئەكس ئېتىدۇ. نۇتۇقنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەندىزىسى بولىدۇ،

نۇتۇقنىڭ باشلىنىشى، ئاساسى ۋە ئاخىرلىشىشى يەنىلا بەلگىلىك رىتىم، تەرتىپكە ئىگە بولىدۇ، مانا مۇشۇ تەرتىپلەر نۇتۇق مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدۇ، مۇشۇ تەرتىپلەرنىڭ ئۆزىدىلا سەنئەتلىك پۇراق بولىدۇ. تىلدىمۇ تەبىئىي سەنئەتلىك پۇراق مەۋجۇت، تىل گەرچە نۇتۇق سەنئىتىدىكى ئىپادىلەش ۋاسىتىسى بولسىمۇ، تىلنىڭ ئۆزىدىكى بەزى ئۇرغۇلۇق، ئۇدارلىق ئالامەتلەر نۇتۇقنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرىدۇ. نۇتۇق تىلىنىڭ ئۆزى پىششىقلانغان تىل بولغاچقا، ئۇنىڭدا بەدىئىي ئالامەتلەر ئەكس ئېتىدۇ.

بۇ مۇلاھىزىلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا، نۇتۇق گۈزەللىكى ئىجتىمائىي گۈزەللىك بىلەن بەدىئىي گۈزەللىكنىڭ ئورگانىك بىرلىكى ئىكەنلىكى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم بولىدۇ، بۇلارنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. مانا بۇ نۇتۇق گۈزەللىكىنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرىدۇر.

## § 2. تەقى - تۇرق گۈزەللىكىنىڭ نۇتۇق گۈزەللىكى بىلەن بىردەكلىكى

نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ تاشقى قىياپىتى چىراي ئىپادىسى، تەقى - تۇرقى، كىيىنىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەقى - تۇرق گۈزەللىكى نۇتۇق گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى. ئومۇمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، كىشىگە كۆرۈش سېزىمى، ھېسسىي سېزىم ئارقىلىق تەسىر بېرىدىغان نەرسە تەبىئىي گۈزەللىكتۇر. بىز بۇ سەھىپىدە سۆزلىمەكچى بولغان مەسىلىلەر نۇتۇقشۇناسلىقتا تەبىئىي گۈزەللىككە تەۋە بولغان مەسىلىلەردۇر. بىز تۆۋەندە مۇشۇ نۇقتىغا تەۋە بولغان

www.uyghurkitap.com

بىرقانچە گۈزەللىك ئامىللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1. كىيىم - كېچەك گۈزەللىكى

كىيىم - كېچەك گۈزەللىكى نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ياسىنىشى ۋە كىيىنىشىگە قارىتىلغان. نۇتۇقشۇناسلىقتا نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇنبەرگە رەتلىك، چىرايلىق، پاكىزلىنىپ چىقىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ، نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارغا ئەڭ ئاۋۋال تەسىر بېرىدىغان نەرسە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ تاشقى قىياپىتىدۇر. ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىر ماقال بار: «كىم كىيىمنى يېڭى كىيسە قايسى بەگنىڭ ئوغلى ئۇ، كىم كىيىمنى كونا كىيسە تامنى تەشكەن ئوغرى شۇ»؛ بۇنىڭدىن چىقىپ تۇرىدۇكى، ھەرقانداق ئادەمگە ئەڭ ئاۋۋال قارشى تەرەپنىڭ كىيىنىشى بەلگىلىك تەسىر بېرىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ كىيىنىشىگە قاراپلا، ئۇنىڭ كەسپىي سالاھىيىتى ۋە خاراكتېرى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىلەرگىمۇ ئېرىشكىلى بولىدۇ. نۇتۇق سەنئىتىدە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ كىيىنىش مەسىلىسى نۇتۇقنىڭ بارلىق بەدىئىي قۇۋۋىتىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلىدىغان مەسىلىدۇر.

گۈزەللىك تۇيغۇسى ھەرقانداق ئادەمدە بولىدۇ، كىيىنىش گۈزەللىكى مانا شۇ كىشىلەرنىڭ ئورتاق گۈزەللىك قاراشلىرىدىن شەكىللەنگەن. نۇتۇق سۆزلىگۈچى گۈزەللىك ياراتقۇچىدۇر، ئۇ نۇتۇقتىكى گۈزەللىكنى يارىتىشتىن ئىلگىرى ئۆزىدىكى گۈزەللىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. بۇ ھەرگىزمۇ نۇتۇق سۆزلىگۈچى رەڭگا رەڭ، غەيرىي كىيىملەرنى كىيسۇن دېگەنلىك ئەمەس، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بويىچە كىيىنسىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، نۇتۇق بىر ئىجتىمائىي پائالىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەڭ ئاۋۋال ئاڭلىغۇچىلارنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇتۇق سۆزلىگۈچى

كىيىنىشتە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىنى نەزەرگە ئېلىشى كېرەك. گۈزەللىك قوغلاشقۇچىلار جەزمەن گۈزەللىككە نىسبەتەن توغرا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشى كېرەك. بىز بۇ يەردە دەۋاتقان كىيىنىش گۈزەللىكى ۋاقىتلىق ۋە ئۆتكۈنچى مودا گۈزەللىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئۇ ئىجتىمائىي گۈزەللىك بىلەن نۇتۇق مەزمۇنىدىكى گۈزەللىكنىڭ تەقەززاسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن كىيىنىش گۈزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىر ئادەم كىيىنىش جەھەتتە يەنە يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا ئۆزىنىڭ بەدەن شەكلى، تېرە رەڭگى، يېشى، خاراكتېرى، سالاھىيىتى، تەربىيىلىنىشى، تۇرۇۋاتقان ئورنىغا ماسلاشتۇرۇپ كىيىنىشى كېرەك. پاكىز، رەتلىك، يېقىملىق، سىڭىشلىك كىيىنىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەنئەت، نۇتۇقتا بۇ نۇقتىلار ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، كىيىنىش گۈزەللىكى يەنە بىر نۇقتىدىن مىللىيلىققا ئىگە، بۇ نۇقتىغىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك.

2. سالاپەت گۈزەللىكى

سالاپەت دېگىنىمىز، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى ۋە ھېسسىي سەزگۈسى شەكىللەندۈرگەن ئورتاق تەسىرنى كۆرسىتىدۇ. كۆرۈش سەزگۈسى جەھەتتە، سالاپەت كىشىگە بىر خىل ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ھېسسىي سەزگۈ جەھەتتىن نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلاردا چوڭقۇر چۈشىنىش ھاسىل قىلالايدۇ. بۇ ئىككى ئامىلنىڭ بىرلىكى سالاپەتنى تەشكىل قىلىدۇ. سالاپەت گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشتا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىدىكى تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشى، گۈزەل قەلبنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭدا نۇتۇق سۆزلىگۈچى تىرىشىپ ئۆگىنىشى، مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئالىيجاناب غايە تىكلىشى، ئېسىل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشى،

www.uyghurkitap.com

ئوچۇق - يورۇق، خۇشخۇي خاراكتېرنى ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىچكى ئامىللار بولسىمۇ، ئەگەر ئۇلارنى ھازىرلىيالىسىڭىز مەنىۋى سالاپىتىڭىزدە گۈزەللىك نامايان بولىدۇ، بۇ ھەممىدىن مۇھىم. ئۇنىڭدىن قالسا، سالاپەت مەسىلىسىدە كىيىنىش ۋە تەقى - تۇرقا دىققەت قىلىشمۇ كەم بولسا بولمايدۇ، سالاپەت كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت دەرۋازىسىدىن كىرىشتىكى يول خېتىدۇر. سالاپەتسىز ئادەم نۇتۇق سۆزلىسە، ئۇ مەيلى قانچىلىك سەنئەتلىك سۆزلىمىسۇن، ئۇنىڭ نۇتقى ئاڭلىغۇچىلاردا كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلالمايدۇ.

3. روھىي ھالەت گۈزەللىكى

بۇ يەردىكى روھىي ھالەت گۈزەللىكى نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. روھىي ھالەت گۈزەللىكى شۈبھىسىزكى، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ كىيىنىش، تەقى - تۇرق، سالاپەت گۈزەللىكى بىلەن زىچ باغلانغان. چۈنكى، بۇ ئامىللار كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، روھىي قىياپىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بىراق روھىي ھالەت گۈزەللىكى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا روھىي ھالەتنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئىپادىلىنىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئالدىغا چىققاندا كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، جۇشقۇن، ھاياتىي كۈچكە تولغان، قىزغىن بولۇشى كېرەك. بۇ، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ روھىي ھالەت گۈزەللىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەگەر نۇتۇق سۆزلىگۈچى چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە بولمىغان ھالدا مۇنبەرگە چىقسا ياكى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، روھسىز، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئالدىغا پەقەت سۆزلەش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇش ئۈچۈنلا چىقسا، بۇنداق نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەن يېقىمسىز

تـۇيغۇ بېرىدۇ، مانا بۇ روھىي ھالەتتىكى ناچار كەيپىياتتۇر. روھىي ھالەت گۈزەللىكىنى يارىتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: (1) ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا روھلۇق كەيپىياتتا مۇنبەرگە چىقىش كېرەك. روھنى ئۇرغۇتۇپ، ياخشى روھىي كەيپىياتنى ئىپادىلەش نـۇتـۇق سـۆزلـىگـۈچـىـنـىڭ ئـۆز تاماشىبىنلىرىنى قىزغىن سۆيگەنلىكىدۇر. (2) ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇش كېرەك. بەزىلەر چىرايدىكى تەمكىنلىك ئىپادىسى نۇتۇقتا كىيىم - كېچەكتىنمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ قاراشتا ھەقىقەت بار. چـۈنـكى چىراي ئىپادىسىدىكى تەمكىنلىك بىر ئادەمنىڭ قەلب دۇنــياسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بىر ئـادەمـنـىـڭ سـىـھـرىـي كـۈچـىـنـى، روھـىـي گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. تەمكىن بولۇش ئالدى بىلەن كۆزدە، ئاندىن چـىـراي شـەكـلـىـدە ئـىپادىلىنىدۇ. (3) كۆپرەك تەبەسسۇم ئـىـپادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. بۇ يەردىكى تەبەسسۇم گـۈزەلـلـىـك تـۇيـغـۇسـىنى بېرىدىغان كۈلۈمسىرەش بولۇپ، كـىشىلەرنى ئىللىقلىق ۋە يېقىملىق ھېس قىلدۇرىدۇ، لېكىن شـۇنـىـڭـغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇنداق كۈلۈمسىرەش نـۇتـۇق مـەزمۇنى بىلەن بىرگەۋدە بولۇشى كېرەك. قايغۇلۇق مـەزمـۇنـنـى ئـەكـس ئـەتـتـۈرىدىغان نۇتۇقنى ياكى غەزەپلىك مـەزمـۇنـدىـكـى نـۇتـۇقنى كۈلۈمسىرەپ سۆزلەشكە بولمايدۇ، كـۈلـۈمسىرەپ سۆزلەش كۆپىنچە ھاللاردا كىشىگە ئاسايىشلىق بـېـغـىـشلايدىغان نۇتۇقلاردىلا ئىپادىلىنىشى كېرەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەقى - تۇرق گۈزەللىكىگە تەۋەدۇر.

تـەقى - تـۇرق گـۈزەلـلـىـكى بىلەن نۇتۇق گۈزەللىكى بـىـردەكلىككە ئىگە. تەقى - تۇرق گۈزەللىكى كاپالەتكە ئىگە

www.uyghurkitap.com



قىلىنمىسا، نۇتۇق گۈزەللىكگە بىۋاستە تەسىر يېتىدۇ، شۇڭا نۇتۇقتىكى ئېستېتىك قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشتە تەقى - تۇرق گۈزەللىكىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش كېرەك.

## § 3. تىل گۈزەللىكىنىڭ مەزمۇن گۈزەللىكى بىلەن بىردەكلىكى

نۇتۇقنىڭ تىلى نۇتۇق جەريانىدىكى جانلىق تىلنى كۆرسىتىدۇ، نۇتۇق تىلى نۇتۇق مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستە، ئۇنىڭ رولى نۇتۇق جەريانىدا ھەممىدىن زور بولىدۇ، تىلدىن ئايرىلغان نۇتۇقمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ، تىلنىڭ گۈزەل بولۇش - بولماسلىقى نۇتۇقنىڭ ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيا تارىخىدىكى ناتىقلار نۇتۇق تىلىغا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. نۇتۇق ئالاھىدە بىر خىل تارقىتىش ۋاستىسى بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى ئاۋازلىق تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا تايىنىدۇ. بىزنىڭ بۇ تېما ئاستىدا سۆزلىمەكچى بولغىنىمىزمۇ دەل ئەنە شۇ ئاۋازلىق تىلدۇر. بۇ تىلنىڭ ئاغزاكى، چۈشىنىشلىك، راۋان بولۇش ئالاھىدىلىكى بار. ئۇندىن باشقا، بۇ تىل تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ئاغزاكى تىل بولماستىن، بەلكى توغرا، جانلىق، ئوبرازلىق تىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇتۇقنىڭ تىل گۈزەللىكى نۇتۇقنىڭ باشقا گۈزەللىكلىرىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ.

1. نۇتۇق تىلى ئاممىباب، جەزبىدار بولۇشى كېرەك

ئاڭلىغۇچىلارغا گۈزەللىك بېغىشلايدىغان ئەڭ گۈزەل ئامىل ئاۋازلىق تىلدۇر، چۈنكى نۇتۇق ئاساسلىقى ئاۋازلىق تىل، يەنى ئاغزاكى جانلىق تىل ئارقىلىق ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى

ئاڭلىغۇچىلارغا يەتكۈزىدۇ. ئارستوتېل مۇنداق دېگەنىدى: «ئەمەلىيەت شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئاساسىي پىكرى چۈشىنىكسىز ئىپادىلەنسە، نۇتۇق ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغان بولىدۇ.»①بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نۇتۇقتا تىلنىڭ رولى ھەممىدىن زور. نۇتۇق ئابستراكت ئۇقۇملار دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى، بەلكى كونكرېت مەزمۇنلار ئارقىلىق جانلىق تىلنىڭ ئۇنۇمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئاتقۇرۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، تىل قانچە ئاممىباب ۋە جەزبدار بولسا، ئاڭلىغۇچىلار نۇتۇق مەزمۇنىدىن شۇنچە تولۇق نەپ ئالالايدۇ. نۇتۇقشۇناسلىق ئىلمىدە، تىلنىڭ ئاممىباب، گۈزەل ۋە يېقىملىق بولۇشى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. تىلنىڭ ئاممىباب بولۇشى دېگىنىمىز، ئاڭلىغۇچىلار ئاڭلىغان ھامان چۈشىنەلەيدىغان بولۇشنى، تىلنىڭ گۈزەل ۋە جەزبدارلىقى دېگىنىمىز، تىلنىڭ ئوبرازلىق، جانلىق، راۋان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. تىلنىڭ نازاكەتلىك، جەزبدار بولۇشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپلىك ۋە ئەخلاقلىق بولۇشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. تىل ئىدىيىنىڭ ئىنكاسى. ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق، پاك دىيانەتلىك ئادەملەر سەمىمىي بولىدۇ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلىدۇ، بۇلار ئۇنىڭ تىلىدىمۇ ئاممىبابلىقنى، جەزبدارلىقنى ۋە گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئادەملەر بەدنىيەت كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھەر ۋاقىت تىل بىلەن باشقىلارغا ئازار بېرىش، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش ۋە باشقىلارنى كەمسىتىشكە ئادەتلەنگەن بولىدۇ. بۇنداق ئەخلاقسىزلىقنىڭ تىلدا ئىپادىلىنىشىمۇ قوپال ۋە بىزەپ

① «نۇتۇق قامۇسى»، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 83 ـ بەت.

سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىشتە كۆرۈلىدۇ. تىل گۈزەللىكى يەنە كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە غايىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، بىلىملىك ئادەملەرنىڭ سۆزىدىن ھەر ۋاقىت نازاكەت ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، تىل بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەمئىيەت بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، جەمئىيەتنىڭ تىلغا بولغان بەلگىلىك ئېستېتىك ئۆلچىمى بولىدۇ، نۇتۇق سۆزلىگۈچى بۇ تەرەپنى جەزمەن بىلىشى كېرەك. بەزى كىشىلەر نۇتۇق تىلىنى تۇرمۇشتىكى ئاغزاكى تىلدۇر، ئادەتتە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تىلنى نۇتۇقتا ئىشلىتىۋەرسە بولىدۇ، دەپ قاراپ، تىلنىڭ ئاممىباب ۋە جەزبىدار بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، كىشىلەرگە تىل گۈزەللىكى بېغىشلىيالماي، نۇتۇقتا مەغلۇپ بولىدۇ.

2. نۇتۇق تىلى توغرا بولۇشى كېرەك

نۇتۇق تىلىنىڭ توغرا بولۇشى نۇتۇق تىلىنىڭ ئىلمىيلىكىگە قارىتىلغان، تىل توغرا ئىشلىتىلگەندىلا، مەقسەتنى توغرا يەتكۈزگىلى بولىدۇ، ئاڭلىغۇچىلارمۇ بۇنىڭدىن ھۇزۇر ھېس قىلالايدۇ. نۇتۇق تىلى نىسبەتەن ئەركىن بولغاچقا، ئۇنىڭدا دىققەت قىلمىسا، ئاسانلا خاتالىشىش كېلىپ چىقىدۇ، بۇ خىل خاتالىشىش نۇتۇق.سۆزلىگۈچىنىڭ سۆز بايلىقى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى، لوگىكىلىق تەپەككۇرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەزى ئادەملەر يېزىق تىلىدىمۇ، جانلىق تىلدىمۇ مۇرەككەپ، ئۇزۇن جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن. مۇرەككەپ، ئۇزۇن جۈملىلەرنىڭ ئاڭلىغۇچىلارغا بېرىدىغان تەسىرى شۇكى، بۇنداق جۈملىلەر ئوي - پىكىرنى دەل چۈشىنىشتە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەستە قالدۇرۇشى ئۈچۈنمۇ تەس بولىدۇ، شۇڭا نۇتۇقتا ئىمكانقەدەر ئاددىي ۋە ئېنىق

جۈملىلىرىنى ئىشلىتىش كېرەك. بۇنداق بولغاندا سۆزلىگۈچىگىمۇ، ئاڭلىغۇچىغىمۇ ئاسان بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ئاغزاكى تىل يازما تىلغا قارىغاندا كۆپ ئەزمە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئاغزاكى تىل تەپسىلىي، ئىنچىكە ۋە ھېسسىياتلىق ئېيتىلىدۇ، مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بەزى كىشىلەردە ئەنە شۇنداق تەسىراتنى پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، نۇتۇقتىكى ئاغزاكى تىلمۇ ھېچقانداق زىيادە تەركىبنى سىغدۇرالمايدۇ، چۈنكى ئۇ پىششىقلانغان، ئوبرازلاشقان، گۈزەللىك تۈيغۇسى بېرىدىغان تىلدۇر.

3. نۇتۇق تىلى ئوبرازلىق، تەسىرلىك بولۇشى كېرەك

ئوبراز بىلەن تەسىر گەرچە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئۇقۇم بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بار. ئوبراز تىلنى تەسىرلىك قىلىدىغان ۋاستە، تىل تەسىرلىك بولغاندىلا، نۇتۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. نۇتۇقنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى تەربىيىلەش، كىشىلەرگە ھەقىقەتنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر تىلنىڭ ئوبرازچانلىقى بولمىسا، كىشىلەرگە تەسىر قىلمىسا، ئۇنى ھېچ كىشى ئاڭلىمايدۇ، شۇڭا ئۆز نۇتقىدا تىلنىڭ گۈزەللىكىدىن ئىبارەت سېھرىي كۈچنى تولۇق نامايان قىلىپ، نۇتۇقنى باشقىلار ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان دەرىجىدە بايان قىلىش نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەرگە قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ.

تىلنىڭ ئوبرازلىق بولۇشى نۇتۇقتىكى ئاساسىي پىكىرنى ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى ئېكراندىكى كۆرۈنۈشتەك جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يەردە بىز مۇنداق بىر مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن گومىنداڭ ئارىسىدا 11 بىتىم تۈزۈلگەندىن كېيىن، خەلق ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە

www.uyghurkitap.com

كېلىپ تۇرىدۇ، مۇشۇ جەرياندا، بىر كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق خەلق ۋەكىللىرىنى قەستلەش ئۈچۈن، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پۇقراچە ياسىنىپ نامايىشچىلار قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ خەلق ۋەكىللىرىنى قورشىۋالىدۇ. بۇ «25 - فېۋرال ۋەقەسى» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ جىددىي پەيتتە، ئەخمەتجان قاسىمى قىلچە تەمتىرەپ قالمايدۇ. بۇ خەۋەر بىر سائەت ئىچىدە ئۈرۈمچى خەلقىگە ئاڭلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلق ۋەكىللىرىنى ھىمايە قىلغۇچى ھەر مىللەت خەلقى سەلدەك ئېقىپ كېلىپ «نامايىشچىلار»نى قورشىۋالىدۇ. ئۇلار «ئەگەر بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىزنى كىمكى ‹تاك› قىلىپ چېكىدىكەن، بۇ مەيداندا ئۇنىڭ جەسىتى قالغىنى قالغان!» دەپ توۋلىشىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالغان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى قورشاۋدىن ئۆتۈپ ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ، خەلقنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمىغا مۇنداق دەيدۇ: «سىز سىرتتىكى مۇسۇلمان ئاممىسىنى تارقىتىۋەتسىڭىز، بىزمۇ مۇھاسىرىدە قالغان مۇنۇ ئادەملىرىمىزنى ئېلىپ كەتسەك، بۇ ئىش مۇشۇ يەردە تىنچ يول بىلەن ئاخىرلاشسا...» بۇ چاغدا، ئەخمەتجان قاسىمى گومىنداڭ ئەمەلدارىغا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئابدۇكېرىم ئاباسوف خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق دەيدۇ: — ئەخمەتجان قاسىمى گومىنداڭ ئەمەلدارىغا قاراپ:

— بىر كۈنى بىر ئوفىتسېر قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ باتۇرلۇقىنى سىناماقچى بولۇپ، كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. زىياپەتتە ئۇ ئەسكەرلىرى بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ غىزالىنىپتۇ. ئەسلىدە، ساھىبخان بىر چوڭ تورتنىڭ ئىچىگە

ئـادەمگە زەخمە يەتكۈزمەيدىغان پارتلاتقۇچتىن بىرنى ئورنىتىپ قـويغـانـىكەن. زىياپەت يېرىمىغا كەلگەندە ساھىبخان تورتنى ئەكىرىشنى بۇيرۇپتۇ. «قېنى، تورتقا ئېغىز تېگىڭلار، دەپتۇ ساھىبخان تەكەللۇپ قىلىپ. بىر ئەسكەر پىچاقنى ئېلىپ تورتنى شۇنداق كېسىشىگە قورقۇنچلۇق پارتلاش يۈز بېرىپتۇ. ساھىبخان قارىغۇدەك بولسا، قالغان ئەسكەرلەر تىرەپىرەن بولۇپ كېتىپتۇ، پەقەت بىرلا ئەسكەر ئورنىدىن قوزغالماي جىم ئولتۇرغىدەك. ئۇنىڭ باتۇرلۇقىدىن سۆيۈنگەن ساھىبخان زىياپەت ئەھلىنى جىم قىلىپ: «ئادەم دېگەندە مۇشۇنداق قورقمايدىغان يۈرەك بولۇشى كېرەك، بۇگۈن ماڭا مۇشۇ بىر ئەسكىرىم يارىدى، بۇگۈن مەن ئۇنى تارتۇقلايمەن، نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى بېرىمەن. قېنى سـىـزگـە نـېـمـە كـېـرەك؟» دەپـتۇ. ھېلىقى ئەسكەر جايىدا ئولتۇرغىنىچە چاس بېرىپ: «ھازىر ماڭا، بىر تامبال كېرەك» دەپتۇ...

ئەخمەتجان قاسىمى مانا شۇ ئاددىي ھېكايە بىلەن گومىنداڭ ئـەمەلدارلىرىنى ئىنتايىن ئوسال ھالەتكە چۈشۈرگەن. مانا بۇ تىلنىڭ ئوبرازلىق بولۇشىنىڭ ياخشى ئۈلگىسىدۇر.

ئـوبرازلىق، تەسىرلىك تىل ئەڭ باي ئىپادىلەش كۈچىگە ئـىـگـە تىلدۇر. نۇتۇقتا كۆپىنچە مانا شۇنداق ئوبرازلىق تىل ئىشلىتىلىدۇ. نۇتۇقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئوبرازلىق تىلنىڭ نۇتۇقتا قانچىلىك رول ئوينىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

نۇتۇق مەزمۇنى گۈزەللىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەنە بىر ئامىل. بىلىش كېرەككى، چوڭقۇر پىكىر ۋە ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدە گۈزەللىك مەۋجۇت بولىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتتا بەزىلەر ئەسەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى بـىـلـەن ئـىـدىـئـالـىنى ئايرىۋېتىدۇ، ئۇلار بەزى ئەسەرلەرگە

«بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولسىمۇ، ھېكمەت چوڭقۇر ئەمەس، ھېكمەت چوڭقۇر بولسىمۇ، بەدىئىيلىكى تۆۋەن» دېگەندەك دىئاگنوزلارنى قويۇشىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ھۆكۈم قىلىشمۇ كۆپ جەھەتلەردە ئىلمىي بولمايدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتتا ھايات ھېكمەتلىرى بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن قانچە چوڭقۇر يورۇتۇلسا، بەدىئىيلىك شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، بەدىئىيلىكنىڭ يۇقىرى بولغىنى ئەمەلىيەتتە ئەسەرنىڭ ھېكمەتكە تويۇنغىنىدۇر. نۇتۇق سەنئىتىدىمۇ پرىنسىپ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. نۇتۇقتىكى ھېكمەت قانچە چوڭقۇر بولسا، ئىپادىلەش راۋان بولسىلا نۇتۇقنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ، نۇتۇقنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى نۇتۇقنىڭ سەنئەتلىك قۇدرىتىگە قارىتىلغان. دېمەك، نۇتۇقتىكى پىكىرنىڭ ئۆزىدىمۇ بەلگىلىك بەدىئىيلىك بولىدۇ، تىلدىكى گۈزەللىك بىلەن مەزمۇن گۈزەللىكى بىر - بىرى بىلەن باغلانغان بولۇپ، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، نۇتۇقتا ئۇلار ئورگانىك بىرلىكنى ھاسىل قىلىدۇ.

## § 4 . نۇتۇق قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە گۈزەللىك

نۇتۇق قۇرۇلمىسى نۇتۇقنىڭ ئىپادىلەش شەكىللىرىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل. مۇكەممەل نۇتۇقنىڭ قۇرۇلمىسى نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىنى راۋان، ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش جەھەتتىلا ئاكتىپ رول ئويناپ قالماستىن، بەلكى نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. قۇرۇلمىدىمۇ گۈزەللىك بولىدۇ، نۇتۇق قۇرۇلمىسىنىڭ گۈزەللىكى نۇتۇق قۇرۇلمىسىنىڭ

مۇكەممەللىكىدىن ئىبارەت. نۇتۇق قۇرۇلمىسى نۇتۇق گۈزەللىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇتۇق قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئېنىق، تەرتىپلىك بولۇشى كېرەك. نۇتۇق ئاڭلاش كىتاب ۋە ماقالە ئوقۇش بىلەن ئوخشىمايدۇ، كىتاب ئوقۇغاندا بىر قېتىمدا چۈشەنمىسە يەنە قايتا ئوقۇسا بولىدۇ، چۈشەنگەنگە قەدەر تەكرار - تەكرار ئوقۇسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ھالبۇكى، نۇتۇق ئاڭلاشتا بۇنداق بولمايدۇ، نۇتۇق بىر قېتىملىق بولىدۇ، بىر قېتىم ئاڭلاپ چۈشىنەلمىسە ئىككىنچى قېتىم ئاڭلاش پۇرسىتى ئاساسەن بولمايدۇ، شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۆزىگە بۇ جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك. نۇتۇق سۆزلىگۈچى نۇتۇق قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مەزمۇنىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشى، بۇنىڭ ئۈچۈن، خۇددى ماقالە تەرتىپىگە ئوخشاشلا ئالدى بىلەن نۇتۇق تەرتىپىنى، بۇ تەرتىپلەرنىڭ ئىچكى ھالقىلىرىنى ئېنىقلىۋېلىش كېرەك، بۇنىڭدا نۇتۇقنىڭ ئىچكى باغلىنىشى مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۇتۇقنىڭ ئىچكى باغلىنىشى دېگىنىمىز، بىر پىكىر بىلەن ئىككىنچى بىر پىكىرنىڭ، بىر مەزمۇن بىلەن ئىككىنچى بىر مەزمۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. نۇتۇق سۆزلىگەندە، بىر مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا سۆزلەش كېرەك

نۇتۇق پالاكەتچىلىكىنىڭ چوڭ بىر بەلگىسى ئاساسىي تېما بىلەن مەركەزلىك ئىپادىلىنىدىغان مەزمۇنلارنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىدىن ئىبارەت. نۇتۇقتا بىرلا ئاساسىي تېما، بىرلا مەركىزىي مەزمۇن بولسا، ئۇنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى

بولىدۇ. سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغىمۇ زارىقىش ھېس قىلغۇزمايدۇ، شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ھالقىلىق بىر مەزمۇننى مەركەز قىلىشى كېرەك، قالغان ھالقىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەركەز ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلغاندىلا، ئاندىن مەركىزىي ئىدىيە تېخىمۇ گەۋدىلىك ۋە روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

2. نۇتۇق مەزمۇنىنىڭ ئالدى - كەينىدە لوگىكىلىق باغلىنىش مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك

نۇتۇق مەزمۇنىدا ئىچكى جەھەتتىن لوگىكىلىق مۇناسىۋەت بولىدۇ. نۇتۇقتا كۆز قاراش بىلەن ماتېرىياللارنىڭ بىرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، نۇتۇق مەزمۇنىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىمۇ بىر - بىرىگە ماسلىشىشى، تەرتىپلىك بولۇشى كېرەك. پەقەت ئىچكى جەھەتتىكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەتنى چىڭ تۇتقاندىلا، نۇتۇقنىڭ تەرتىپىنىمۇ ياخشى ساقلىغىلى بولىدۇ. ئىچكى جەھەتتىكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەت نۇتۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىچكى تارماق مەزمۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ باغلىنىش مۇكەممەل بولمىسا، نۇتۇق قۇرۇلمىسىنىڭ گۈزەللىكى ئىشقا ئاشمايدۇ.

3. مەركىزىي پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، نۇتۇق تىلى تېخىمۇ جانلىق ۋە ئېنىق بولۇشى كېرەك

نۇتۇقشۇناسلىقتا نۇتۇق تىلىنىڭ جانلىق، ئېنىق بولۇشى ئىزچىل تەكىتلىنىدۇ. پۈتۈن بىر نۇتۇقتا، خۇددى بەدىئىي ئەسەرنىڭ يېشىمىگە ئوخشاش، نۇتۇقنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى كۆرسىتىش باسقۇچى بولىدۇ، بۇ نۇتۇق قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھالقىلارنىڭ بىرى، مەركىزىي ئىدىيىنى خۇلاسىلىگەندە ئىنتوناتسىيە ئۇرغۇلۇق، ئېنىق، جاراڭلىق بولۇشى كېرەك.

## § 5 . نۇتۇق ھېسسىياتىدىكى ئېستېتىك گۈزەللىك

گۈزەل ھېسسىيات ئادەمنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىدۇر. نۇتۇق سۆزلىگۈچىدە شۇنداق بىر ھېسسىيات شەكىللىنىدۇكى، ئۇ ئۆزى بىلگەن ھەقىقەتلەرنى ئاڭلىغۇچىلارغا تولۇقى بىلەن يەتكۈزۈشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىدۇ، مۇشۇ ئارزۇنىڭ ئۆزى بىر گۈزەل ھېسسىياتتۇر، ئۇنى نۇتۇق مۇھىتىدا بارلىق ئېستېتىك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ جانلىق ئىپادىلەش ھەقىقىي ھېسسىياتنى نامايان قىلىشتۇر. ساختا ھېسسىيات يىرگىنىشلىك بولىدۇ. نۇتۇقتا ھېسسىياتنى گۈزەللىك دۇنياسىغا باشلاپ كىرىش كېرەك، بۇنىڭدىكى بىرىنچى شەرت ھېسسىيات ھەقىقىي، چىن بولۇشتىن ئىبارەت. ھېسسىيات ھەقىقىي، چىن بولغاندىلا، نۇتۇق كىشىگە تەسىر قىلالايدۇ. بۇ يەردىكى چىن ھېسسىيات ھەقىقەت ئۇچۇن بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرۇش ھېسسىياتى، يەنى سەپسەتىنى ھەقىقەت قىلىپدىن ئۆتكۈزۈش ھېسسىياتىدۇر. ھەقىقىي ھېسسىيات جەمئىيەتنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن بىردەك بولىدۇ. ساختا ھېسسىيات جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇخالىپ كېلىدۇ، گۈزەل ھېسسىياتلا بولىدىكەن، گۈزەللىك يارىتىش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ. نۇتۇق ھېسسىياتقا موھتاج. نۇتۇقتا ھېسسىيات ئىنتايىن قويۇق بولىدۇ، ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، نۇتۇق جەريانىدا ھېسسىيات ئاساۋ ئاتتەك ئۆز ئەركى بويىچە قېيغىتىپ كېتىپ قالسا بولمايدۇ، ئۇنى كونترول قىلىش كېرەك. نۇتۇقتا ھېسسىيات قانچە كۈچلۈك بولسا،

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغۇچىلارغا شۇنچە چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

نۇتۇقتىكى ھېسسىيات بەك ئەركىن بولۇپ كەتسە، ئاڭلىغۇچىلارغا ئەكس تەسىر بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. نۇتۇق سۆزلىگۈچى قايغۇلۇق تېما ئۈستىدە سۆزلەۋېتىپ، ھېسسىياتىنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىدىغان بولسا، ئۇ مۇنبەردە ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ يىغلاپ كېتىپ نۇتۇق ئۈزۈلۈپ قالسا، ئاڭلىغۇچىلارغا ئۆزلىرىنى نۇتۇق مەيدانىدا ئەمەس، بەلكى مۇسىبەت ماتەمدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدۇرۇپ قويىدۇ ـ دە، نۇتۇق ئۆزىنىڭ مۇھىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. يەنە بەزى ئەھۋاللاردا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى قىزىقارلىق مەزمۇنلار ئۈستىدە سۆزلەپ كېتىۋېتىپ، ئۆزى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتسە، نۇتۇقنىڭ ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر يېتىدۇ، بۇمۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى كونترول قىلىشنى بىلمىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۇتۇق جەريانىدا يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ پەقەت بىرلاخىل چىراي ئىپادىسى ئەكس ئېتىدۇ، ئۇلار خۇددى ماشىنا ئادەمدەك مېخانىكىلىق ھالدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇشنىلا ئويلايدۇ ـ يۇ، ئەمەلىيەتتە، ۋەزىپىسىنى ھېچقانداق ئاتقۇرالمىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار نۇتۇق ھېسسىياتىدىكى ئېستېتىك گۈزەللىككە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردۇر.

## § 6 . نۇتۇقتىكى ھەقىقەت ۋە گۈزەللىك

ھەقىقەت شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى توغرا بىلىشتۇر، نۇتۇقتا توغرا بىلىش گەۋدىلەنمىسە، ئۇ سەپسەتىگە مايىل بولىدۇ، توغرا بىلىشنىڭ ئۆزى بىر گۈزەللىك، بىز

نۇتۇقتا بارلىق دېتاللارنى ھەقىقەتنى دەلىللەش ئۈچۈن ئىشلىتىمىز. دېمەك، بۇ يەردىكى گۈزەللىكنىڭ مەركىزىمۇ ھەقىقەت گۈزەللىكىدىن ئىبارەت. ھەقىقەت نۇتۇقتىكى روھىي تۈۋرۈكتۇر. ئەگەر بۇ روھىي تۈۋرۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىسا، نۇتۇق قۇرۇق گەپكە ئايلىنىدۇ، ھەقىقەت نۇتۇقنىڭ جېنى بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. دۇنيادا زالىم پادىشاھ، قانخور جاللاتلارنىڭ قورقىدىغان تەرىپى شۇكى، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھەقىقەت نۇرىنىڭ پارلاپ قېلىشى ئۇلارغا گۆرلۈك قازىدۇ. جاللات نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ بېشىنى كەسكەندە يۈزىنى نىقابلىۋالىدۇ؟ نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئەسلىي چىرايىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ؟ چۈنكى ئۇ ھەقىقەتتىن قورقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، پاك قەلب ئىگىلىرى ھەقىقەتنى شەكسىز سۆيىدۇ. جاھالەتلىك دەۋردە كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى چېگرالاردىن ھالقىپ ئۆتەلمەي خۇنۇكلىشىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنداق دەۋرلەردە ھەقىقەتنىڭ يېرىمى ئېيتىلىپ، يېرىمى بوغۇزىدا توختاپ قالىدۇ، ھەقىقەتتىن ئايرىلىپ قالغاندا، ئادەم بېشى يانچىلغان يىلانغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇ ھەرىكەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇنى پۈتۈن تىرىك دېگىلى بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەقىقەت نۇتۇقنىڭ ھاياتىدۇر، نۇتۇقنىڭ ئۆزى سەپسەتىگە، خاتالىققا ئوت ئاچقۇچىدۇر، چۈنكى ئۇ ھەقىقەتنىڭ قورالى. پەقەت ھەقىقەتكە تولغان نۇتۇقلا ھەقىقىي گۈزەل نۇتۇق بولىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگەندە كۆپ ھاللاردا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلار، بەزى كىشىلەر ياكى بەزى ھادىسىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ، ئەمما بۇ پىكىرنىڭ قاراتمىلىقى ئىنتايىن روشەن بولىدۇ، قاراتمىلىق ئەسلىي ھەقىقەتنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر

www.uyghurkitap.com

ھەقىقەت قاراتمىلىق بويىچە گەۋدىلەنمىسە، ئاڭلىغۇچىلار ئۇنى روشەن ھېس قىلالمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ھەقىقەتنى سۆيىدۇ، لېكىن ھەقىقەت كۆپىنچە ھاللاردا ھەقىقەتنى سۆيگەن كىشىلەر تەرەپتە تۇرماي، ھەقىقەتنى سۇيىئىستېمال قىلغان كىشىلەر تەرەپتە تۇرىدۇ. ئەگەر ھەقىقەت ھەقىقەتنى ياقلىغۇچىلار تەرەپتىلا تۇرسا، ھەقىقەت ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەشنىڭمۇ ھاجىتى بولمايدۇ.

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ مۇنداق بىر لەتىپىسى بار:

ئەپەندىم ھەقىقەتچىل ئادەم بولغاچقا، ئاۋام ئىچىدە ئۇنىڭ ئابرۇيى بەك يۇقىرى ئىكەن. ئۇنىڭ ئابرۇيىدىن ھەسەت قىلغان پادىشاھ ئاۋام ئالدىدا ئۇنى ئابرۇيسىزلاندۇرماقچى بولۇپ، بىر پىلان تۈزۈپ چىقىپتۇ. پادىشاھ ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىدا ئەپەندىمدىن سوراپتۇ: ئەپەندىم، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ھەقىقەت بىلەن ئالتۇننى قويسام قايسىسىنى ئالىسىز؟ ئەپەندىم ئىككىلەنمەيلا: «ئالتۇننى ئالىمەن - دە، ئەلۋەتتە!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ: «كۆردۈڭلارمۇ خالايىق، ئەپەندىممۇ مال - دۇنيانى ئالىدىكەن، ھەقىقەتنى ئالمايدىكەن» دەپتۇ. ئەپەندىم پادىشاھقا: «مەن كەمبەغەل بولغاندىن كېيىن، ئالتۇننى ئالاي، پادىشاھ سىلى بايلىققا موھتاج ئەمەس، سىلىدە يوق نەرسە ھەقىقەت، شۇڭا ھەقىقەت ئۆزلىرىگە قالسۇن،» دەپتۇ.

مۇشۇ لەتىپىدىن كۆرۈۋىشكە بولىدۇكى، ھەقىقەت ھەقىقەتنى ياقلىغۇچى ئادەملەر ئۈچۈن گۈزەل. نۇتۇقتا ئەنە شۇ گۈزەللىكنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش ئەڭ چوڭ سەنئەتتۇر.

## § 7. ناتىقنىڭ خاراكتېر گۈزەللىكى

ناتىقنىڭ خاراكتېر گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئادەتتىكى خاراكتېرى بولماستىن، نۇتۇق جەريانىدىكى خاراكتېرىنى، بولۇپمۇ ناتىقنىڭ

ئوتتۇق جەريانىدا ئىپادىلەنگەن ئىدىيە، ئەخلاق، بىلىم، مەنىۋى جەھەتتىكى گۈزەللىكنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ خاراكتېرنى بىز ئادەتتىكى پىسخىك خاراكتېر نۇقتىسىدىلا ئەمەس، بەلكى يېتىلدۈرۈلگەن گۈزەل خاراكتېر نۇقتىسىدا چۈشەندۈرىمىز. ھەرقانداق بىر نوتۇق سۆزلىگۈچى ئۆز دەۋرىنىڭ، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ مەلۇم ساھەسى بويىچە ئىلغار ئىدىيىلىك ۋەكىلى بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، نوتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ قاراشلىرى ھېچكىمنى قىزىقتۇرالمايدۇ. ئەگەر بىز ئاڭلىغۇچىلار ياخشى كۆرىدىغان ناتىققا ئايلىنىمىز دەيدىكەنمىز، دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشىمىز، دەۋرنىڭ ئەڭ يۇكسەك نۇقتىسىدا تۇرۇشىمىز، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بايقاشقا ماھىر بولۇشىمىز، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چىڭ تۇتۇشىمىز، دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى ئىگىلىشىمىز كېرەك.

نوتۇق سۆزلىگۈچى ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە بولغاندىن سىرت، ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەتنىمۇ يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ئۇ كېيىنكى كەلگەندە سىياسىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئەخلاق قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر ئادەم ئۆزى ئىنتىزامغا بويسۇنماي تۇرۇپ، ئىنتىزامنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە نوتۇق سۆزلىسە، ئىلمىي تەتقىقاتتىن خەۋىرى يوق بىر ئادەم ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە سۆزلىسە، ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ، شۇڭا ناتىق بولۇشنى خالىغان ھەرقانداق ئادەم ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزىنى ئالىيجاناب ئەخلاققا ئىگە قىلىشى كېرەك. دۇنيا

www.uyghurkitap.com

تارىخىدىكى كۆپىنچە ناتىقلار ھەقىقەت بىلەن گۈزەل ئەخلاقنى سەنئەتىنىڭ ئىككى يېقىن دوستى دەپ قارايدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەر يېتىلسە، كىشىدە گۈزەل خاراكتېر يېتىلگەن بولىدۇ، گۈزەل خاراكتېرنى يېتىلدۈرمەي تۇرۇپ، ناتىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئويىدا بولۇش پەقەت خام خىيالدىنلا ئىبارەت، خالاس.

# توققۇزىنچى باب تەرجىمە سەنئىتىدىكى بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر

## § 1. فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ تەرجىمىدىكى رولى

فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر دېگىنىمىز، تىلىمىزدىكى سۆز بىرىكمىلىرى، ئىدىئوم، ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىدىئوم — تىلدا ئۆزئارا بىرىكىپ، تۇراقلاشقان سۆزلەر تىزمىسى. ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى يوقىلىپ، كۆچمە مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، «گۆر ئاغزىدىن قايتىپتۇ»، «ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ» دېگەن ئىدىئوملاردا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر پۈتۈنلەي كۆچمە مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. خالىغانچە بىرەر سۆزنى قوشۇپ قويۇشقا ياكى ئېلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، «كاللا دېسە پاقالچاق دېگەندەك» دېگەن ئىدىئومنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ئۇنى «ئۆپكە دېسە زاسۇي دېگەندەك» دەپ ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر تىلىمىزدا تەييار تىل ماتېرىيالىلىق رول ئوينايدۇ، بۇلارنى باشقا بىر تىلغا سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. بىر ئىدىئومنى ئۇنىڭ تەركىبىدىكى كونكرېت سۆزلەرگە قاراپ

www.uyghurkitap.com

چۈشەنمەسلىك كېرەك، ئەمما فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر تىلنى ئوبرازلىق، جانلىق، دەل ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، ماقال ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە شۇ دەرىجىدە تويۇنغانكى، ئۇ گاھىدا ئاھاڭدارلىقنى، قاپىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن، بىز مۇنۇ ماقاللارنىمۇ كۆرۈپ باقايلى:

«ياخشىلىق قىلدىڭ خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ يوق قىلدىڭ»، «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە»، «سورا - سورا بىلىم ئاپتۇ، ئۇيىلا - ئۇيىلا كېيىن قاپتۇ»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇنداق ماقاللارنىڭ ئەدەبىي خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا تۇراقلىق بىرىكمە تۈسىنى ئالغان نۇرغۇنلىغان ئادەت سۆزلىرى بار، بۇلار قۇرۇلما جەھەتتىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇنداق ئادەت سۆزلىرى قۇرۇلما جەھەتتىن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى ياكى ئىدىئوملارغىمۇ ئوخشىمايدۇ، بۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭمۇ لېكسىكىلىق مەنىسى يوقىلىپ، كۆچمە مەنىدە كېلىدۇ. تىلىمىزدىكى ئىدىئوم، تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ئىنتايىن جانلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ، بۇلار قۇرۇلما جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە. مەسىلەن، بىز تۆۋەندىكى ئادەت سۆزلىرىنى كۆرۈپ باقايلى: «ئاغزىڭغا تاش»، «يۈزىدە تۈكى بار»، «ساقال دېگەن ئۆچكىدىمۇ بار»، «بەدىنىدە ئەركەك تۈكى بار»...

بۇنداق ئادەت سۆزلىرى ناھايىتى ئىخچام بولۇپ، ئۇ ئىپادىلىگەن مەزمۇننى نۇرغۇن سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. نۇتۇقتا ئادەت سۆزلىرىنىڭ رولىمۇ ئىنتايىن زور بولىدۇ، شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ ئۈنۈملۈك ئالاھىدىلىكىدىنمۇ تولۇق پايدىلىنىشنى بىلىشى كېرەك.

تەمسىل ماقالدەك قويۇق بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە تويۇنغان

ئەمەس، ئۇ ئوخشىتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇرمۇشتىكى بەزىبىر ھادىسىلەر تەسۋىرىي ھالدا ئىپادىلىنىپ، ئوي - پىكىر كۆچمە مەنىدە كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئادەمنىڭ خۇلق - مىجەزى ھايۋان ۋە باشقا نەرسىلەرگە كۆچۈرۈلۈپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۆچكىنىڭ ئوچۇق تۇرسا ھېچ گەپ يوق، قوينىڭ ئېچىلىپ قالسا ھۇيت - ھويت»، «يىراق بولسا كىشنىشەر، يېقىن بولسا چىشلىشەر»، «تولۇمدىن توقماق چىققاندەك»...

بۇنداق تەمسىللەر ئىنتايىن چۈشىنىشلىك، ئاممىباب، ئىخچام بولىدۇ، بەزىدە بىرنەچچە جۈملە بىلەنمۇ ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان مەزمۇننى بىر تەمسىل بىلەنلا ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ماقال بىلەن تەمسىلنىڭ روشەن پەرقى بولسىمۇ، ئادەتتە بىز «ماقال - تەمسىللەر» دېگەن بىر كاتېگورىيە بىلەنلا مۇھاكىمە قىلىپ ئادەتلەنگەن. بۇنداق ماقال - تەمسىللەر بىرنەچچە كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئەمەس، ئۇلار خەلق تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى، ئۇلار خەلق قوشاقلىرى، رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر، ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئىخچام ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن بارلىققا كەلگەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئاممىبابلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. مەسىلەن، «سانىڭ چۇجىگە ئىچى ئاغرىماس»، «بەش ئۆچكىگە ئالتە تېكە»، «قوغۇن پىشسا ساپىقىدا تۇرماس»، «بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىگىنى، بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى» (ل. مۇتەللىپ). بۇ ماقال - تەمسىللەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ماقال - تەمسىللەرنى بىرلا ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشىنىپ بولىدۇ. تۇراقلىق بىرىكمىلەر تىلدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئۇ ئوي - پىكىرنى ئىخچام، يىغىنچاق ئىپادىلىگەندىن سىرت، ئاغزاكى نۇتۇقنىڭ ئاممىبابلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى

www.uyghurkitap.com

كونكرېتلاشتۇرىدۇ، نۇتۇققا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ، ئۇ كىشىگە ناھايىتى يېقىملىق تۇيۇلۇش بىلەن بىللە، ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر ئۈچۈنمۇ مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىدۇر، ئۇ كىشىگە شۇنچىلىك يېقىملىق ئاڭلىنىدۇكى، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى تەبىئىي ھالدا تىل گۈزەللىكىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. مەسىلەن، «پىلانسىز ئىش، قېلىپسىز خىش»، «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن يانماس»، «مۇھەببەت چىراي تاللىماس، ئۇيقۇ ئورۇن»... بۇنداق تۇراقلىق بىرىكمىلەر تىلنى ھەقىقەتەن ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ. جانلىق تىلنىڭ بۇنداق باي خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەش، ئۆزى ئىشلىتىۋاتقان ئانا تىلنىڭ جانلىق نورمىسىدىن ئەتراپلىق پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك. فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نۇتۇقنىڭ بەدىئىيلىكى، شۇنداقلا ئېستېتىك قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنى ئىشلەتكەندە بەزى مەسىلىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئالدى بىلەن فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا ئىشلىتىش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، نۇتۇقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ، چولتا تەرجىمانلارنىڭ يارامسىز تەرجىمىلىرى ئارقىلىق ئۆزلىشىپ قالغان، ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنى ئىشلىتىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. مەسىلەن، «توخۇ تۈكى، پىياز پوستى ئىشلار» دېگەن بىرىكمە ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىكمە ئەمەس.

بەزى ماقال - تەمسىللەر ۋە تۇراقلىق بىرىكمىلەر تازا ساغلام بولۇپمۇ كەتمەيدۇ، بۇنداق بىرىكمىلەرنى نۇتۇقتا ئىشلىتىشتىن

ھەزەر ئەيلەش كېرەك. مەسىلەن، «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ» دېگەندەك بىرىكمىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

## § 2. يۇمۇرنىڭ ئوتۇقتىكى رولى

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوتۇقلاردا ئومۇمەن يۇمۇرستىك تۈس بىر قەدەر قويۇق گەۋدىلەنگەن بولىدۇ، يۇمۇر كىشىنى روھلاندۇرىدۇ، ئوتۇق سۆزلىگۈچى ئوتۇق سۆزلەۋاتقان چاغدا ھەر ۋاقىت ئاڭلىغۇچىلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ روھىدا سۇسلىشىش بولسا، ئوتۇق مەزمۇنىغا ماسلاشتۇرۇپ يۇمۇرستىك تۈسنى قوشسا بولىدۇ، ئەمما بۇ يۇمۇرستىك تۈس يەنىلا ئوتۇقنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان ئاساسىي ئىدىيىسى بىلەن ماسلىشىشى زۆرۈر. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ئوتۇقتا ئاڭلىغۇچىلارنى كۇلدۇرۇش ئوتۇقنىڭ ئەسلىي مەقستى ئەمەس، ئوتۇقنىڭ ئەسلىي مەقستى ئاڭلىغۇچىلارغا بىلىم بېرىشتۇر. بۇ پەقەت ئوتۇق سەنئىتىدە مەزمۇنلۇق، كىشىلەرگە تەسىر قىلىدىغان، قىزىقارلىق يۇمۇرلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە قارىتىلغان. ئوتۇقتا يۇمۇرنى كۆپ ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، خالىغان يۇمۇرنى ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئوتۇقتا يۇمۇر قالايمىقان ئىشلىتىلسە، ئوتۇقنىڭ ئېستېتىك قىممىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ، شۇنداقلا يۇمۇرنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇمۇرنىڭ ئوتۇقتىكى رولى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدا مەركەزلىك ئەكس ئېتىدۇ: (1) يۇمۇر ئوتۇق

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا ياردەم بېرىدۇ، يۇمۇردىن كېلىپ چىققان كۈلكە ساداسى ئۆپكىنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر قىلىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ، قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، زېھنىي كۈچنى ئاشۇرىدۇ. بىر - ئىككى سائەتلەپ پۈتۈن زېھنىنى نۇتۇققا مەركەزلەشتۈرۈپ ئولتۇرغان ئادەم توساتتىن كەلگەن كۈلكىدىن ئۆزىنى ناھايىتى ئۇزۇن دەم ئېلىۋالغاندەك ھېس قىلىدۇ. (2) يۇمۇر نۇتۇقتا كۈچ قۇدرەتنى نامايان قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىنچىكە، تەبىئىي، ئەركىن كۆزىتىپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن كېلىپ چىققان، ئۇ ئەقىل - پاراسەتنىڭ جەۋھىرى. ئۇيغۇرلار يۇمۇرىستىك خەلق، ئۇلار يۇمۇرغا بەك ئامراق، شۇڭا نۇتۇقتا يۇمۇرلۇق تەركىبلەرنى مۇئەييەن مىقداردا دەل جايىدا قوشۇپ، نۇتۇقنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. (3) يۇمۇر نۇتۇقتا ئاڭلىغۇچىلارنى قايىل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئادەتتە، ئاڭلىغۇچىلار ئاساسىي پىكىرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە بەكرەك قىزىقىدۇ، يۇمۇر دەل ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. (4) يۇمۇر نۇتۇقتا ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. كۈلكە ئىچىدە سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پسىخىك دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق تېزدىن قىسقىرايدۇ، يۇمۇر بۇ جەھەتتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

نۇتۇق سۆزلىگەندە يۇمۇردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، كىشىلەرنى ھەقىقىي كۈلدۈرۈش خېلى تەس مەسىلە. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ئەدەبىي جەھەتتىن يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە بولۇشى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ يۇمۇردىن پايدىلىنىش

سەۋىيىسىنى ئۇزلۇكسىز ئۆستۈرۈشى، ئاڭلىغۇچىلارنى كۈلدۈرۈشتە مۇھىم نۇقتىنى ئەستىن چىقارماسلىقى كېرەك. يۇمۇرنى ئالدىن تەييارلىۋالماي، ئەڭ ياخشىسى سورۇنغا قاراپ دەرھال يۇمۇر توقۇش ئوتۇق كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلدۇر. كۈلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، ئوتۇق بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن ھېچ ئالاقىسى بولمىغان چاقچاق ياكى قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش، قانداق سۆزلەرنى قىلىشنى شۇ سورۇندىكى ئوتۇق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە كىشىلەرنى كۈلدۈرۈشتە، ئوتۇق سۆزلىگۈچى ئۆزى ئاۋۋال كۈلۈپ كېتىدىغان ئەھۋالدىن ھەزەر ئەيلىمەي بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئوتۇققا قىستۇرۇلغان كۈلكىلىك گەپلەرنىڭ ئوتۇقنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدىن ۋە ئاساسىي پىكرىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى ئىنتايىن مۇھىم. مەسىلەن، بىر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى «ساتىرا» ھەققىدە دەرس ئۆتكەندە يۇمۇرنىڭ رولىدىن مۇنداق پايدىلانغان، ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

«ساۋاقداشلار، بىلىپ قېلىڭلاركى، ‹ساتىرا› ھەجۋىي قىلىش دېمەكتۇر، ئەمما بۇ ھەجۋىي قىلىش ئادەتتىكى مەسخىرە ئەمەس، چۈنكى ساتىرا قاتتىق ھەجۋىي كۈلكە بىلەن ئوبراز يارىتىدۇ، مانا شۇ ھەجۋىي كۈلكە شۇنچىلىك شەپقەتسىز قامچىكى، ئۇنىڭدىن خېلى يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەرمۇ، پۇلدارلارمۇ ئەنسىرەيدۇ، قورقىدۇ، بىزنىڭ مەتبۇئاتلىرىمىزدا ‹ساتىرا› دەپ يېزىلغانلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ساتىرانىڭ مانا شۇ مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى يارىتالمايۋاتىدۇ... قاراڭلار، مەستلىك، كەيپ - ساپا، پەسلىك توغرىسىدا تالاي ساتىرالار يېزىلدى، ئۇلارنىڭ

ھەممىسىدە بىرلاخىل سۆزىت، بىرلاخىل رەڭ، بىرلاخىل ئەندىزە ئەكس ئېتىدۇ. بىر مەست بار ئىدى، دەپ يېزىلىدۇ ئۇلاردا. ئاندىن بۇ مەست قىلىقسىز، ئەخلاقسىز قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەخلاقسىزلىقى، قىلىقسىزلىقىغا قاراپ، باشقىلار ئۇنىڭغا لەقەم قويۇشىدۇ، ئۇنى مەسخىرە قىلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ. بۇ قانداقمۇ ساتىرا بولسۇن؟ قاراڭلار، ماياكوۋىسكىنىڭ ساتىراسىدىكى مەستكە:

بىر مەست رېستوراندا ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ غەرق مەست ھالەتتە رېستوراندىن چىقىدۇ، ئۇ يول بويىدىكى ستولبىغا ئارانلا يۆلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ئىچى ئېلىشىپ، ستولبىنى ئىككى قولى بىلەن تىرىگىنىچە ئىچ باغرىدىكىنىڭ ھەممىسىنى قۇسۇپ چىقىرىدۇ، ئۇ قۇسۇقتىن كېيىن ياشلانغان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ، ئالدىغا قارىغىنىدا نېمىنى كۆرىدۇ دېمەمسىلەر؟ يەردىكى قۇسۇق قۇسۇقنى يالاپ تۇرغان ئىت. . . مۇشۇ چاغدا ھېلىقى مەست خىيالغا چۆكىدۇ، ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن تەكرار - تەكرار سورايدۇ: مۇنۇ ھاراق بىلەن ئېسىل تائاملارنىغۇ رېستوراندا يەپ - ئىچتىم. مۇشۇ ئىتنى نەدە يېگەن بولغىيتتىم؟ . . .

مانا بۇ ساتىرىك كۆلكە قامچىسى. . .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، نۇتۇقتىكى يۇمۇرىستىك تۇس نۇتۇقنىڭ ئەسلىي مەزمۇنى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇشى كېرەك. ئىشىنىمىزكى، يۇقىرىقى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ساتىرا ھەققىدىكى دەرسى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان.

نۇتۇقتا يۇمۇرنىڭ رولى ھەقىقەتەن ناھايىتى زور، شۇڭا بۇمۇ نۇتۇق سەنئىتىدىكى مۇھىم تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

## § 3. نۇتۇق ۋاقتىنى كونترول قىلىش مەسىلىسى

نۇتۇق جەريانىدا نۇتۇقنىڭ ۋاقتىنى ئىگىلەش مەسىلىسى مۇھىم تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. نۇتۇقنىڭ ۋاقتىنى ياخشى ئىگىلەش ۋە ۋاقتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ: (1) نۇتۇقنىڭ ۋاقتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر كەمتەرلىكنى بىلدۈرىدىغان تەكەللۇپ سۆزلىرىنى كۆپ ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. بۇنداق سۆزلەر كۆپ ئىشلىتىلسە، ئاڭلىغۇچىلارغا ئەكس تەسىر بەرگەندىن سىرت، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ۋاقتىنىمۇ ئىسراپ قىلىدۇ. (2) نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلار نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنمەي قالغانمىدۇ دەپ ئويلاپ، نۇتۇقنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەكرار - تەكىتلەپ، ئەزمىلىك قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك، ئادەتتە ئوقۇتقۇچىلار دەرس سۆزلىگەندىمۇ بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلمىسا بولمايدۇ. بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى ھېچ بولمىغاندا بىر مەۋسۇم ئاڭلايدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ بۇ ئادىتىگە كۆنۈپ قالىدۇ - دە، دەسلەپتە ئۇنىڭ دەرسىگە ئانچە بەك دىققەت قىلمايدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرۈۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەرسنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. (3) نۇتۇقنىڭ باش قىسمىدا جانلىق سۆزلەپ، نۇتۇقنىڭ ئاخىرىغا بارغانسېرى جانسىزلىنىشىپ كېتىدىغان ۋە ئاخىرى چىقمايدىغان نۇتۇق سۆزلەشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. بۇنداق نۇتۇق، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ۋاقتىنى بىھۇدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىسراپ قىلىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. (4) نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئاساس قىلىپ، نۇتۇقنىڭ ۋاقتىنى خالىغانچە ئۇزارتىدىغان ياكى قىسقارتىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش كېرەك. بەزى نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ئۆزىنىڭ نۇتقىدىن ئۆزى ئىلھاملىنىپ كېتىپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدىغان، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ۋاقتى بىلەن ھېسابلاشماي، نۇتۇقنىڭ ۋاقتىنى خالىغانچە ئۇزارتىۋېتىدىغان ناچار خاھىشقا يول قويىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال نۇتۇقنىڭ كەيپىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ. (5) نۇتۇق ئاخىرلاشقاندا قوشۇمچە قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر بولسا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئۇنى شاخلاتماي قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا سۆزلەپ تۈگىتىشى لازىم. نۇتۇق ۋاقتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، خۇلاسىنى مۇمكىنقەدەر ئەڭ ئىخچام، بىر جۈملە ياكى بىر سۆز بىلەنلا ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك.

بۇ مەسىلىلەر نۇتۇقنىڭ ۋاقتىنى كونترول قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تېخنىكىلىق مەسىلىلەردۇر.

## § 4. نۇتۇقنىڭ باشلىنىش، داۋاملىشىش ۋە ئاخىرلىشىش بۆلەكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى

نۇتۇقنىڭ باشلىنىشى نۇتۇق مەزمۇنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ، بۇنىڭدا ئاساسەن مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى گەۋدىلىنىدۇ. پۈتۈن نۇتۇقتىكى باشلىنىش، داۋاملىشىش، ئاخىرلىشىش بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى خۇددى ئىلمىي

ماقالىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئوخشايدۇ، ئىلمىي ماقالىلەردە مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، پاكىت ۋە دەلىللەر ئاساسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە ئەڭ ئاخىرقى يەكۈن بولىدۇ، نۇتۇقمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئەڭ ئاۋۋال نۇتۇق سۆزلىگۈچى قانداق تېما ھەققىدە ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى ئاڭلىغۇچىلارغا تاپشۇرىدۇ. بۇ باسقۇچ ناھايىتى ئاددىيدەك بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بىر پۈتۈن نۇتۇقنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم باسقۇچتۇر. نۇتۇق سۆزلىگۈچىدە پسىخىك جەھەتتە ھودۇقۇش، تارتىنىش، تەمتىرەش، قورقۇش قاتارلىق ئالامەتلەر دەل مۇشۇ باسقۇچتا يۈز بېرىشى مۇمكىن، كېيىنكى باسقۇچلارغا بارغاندا، نۇتۇق سۆزلىگۈچى قەدەممۇ قەدەم ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى روھىي كەيپىياتىنى تەڭشىۋالالايدۇ، شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگۈچى مۇشۇ باسقۇچتا گەپنى قەيەردىن، قانداق باشلاش لازىملىقىنى، پسىخىك جەھەتتە قانداق روھىي كەيپىياتنى ھازىرلاش لازىملىقىنى ئېنىق بىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، نۇتۇق سۆزلىگۈچى بۇ باسقۇچتا سۆزلەيدىغان سۆزنى چوقۇم ئاڭلىغۇچىلار قىزىقىدىغان تەرىزدە، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى نۇتۇقتا مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

نۇتۇقنىڭ داۋاملىشىش باسقۇچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىنى، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدىغان باسقۇچتۇر، چۈنكى مۇشۇ باسقۇچتا، سۆزلىگۈچىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى، مۇھاكىمە قۇۋۋىتى، ناتىقلىق دەرىجىسى نامايان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ باسقۇچتا مەركىزىي ئىدىيە بىلەن ئەمەلىي دېتاللار (ماتېرىياللار)

ئورگانىك بىرلىكنى تەشكىل قىلىپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېڭىدە كۈچلۈك داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ. بىر پۈتۈن نۇتۇقتا نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئەڭ زور مېھنەت سىڭدۈرىدىغان بۆلىكىمۇ دەل مۇشۇ بۆلەكتۇر، نۇتۇق جەريانىدا بۇ بۆلەكنىڭ ئىگىلىگەن ۋاقتىمۇ ھەرقانداق بۆلەكتىن ئۇزۇن بولىدۇ.

نۇتۇقنىڭ ئاخىرلىشىش بۆلىكى باشلىنىش بۆلىكى بىلەن ماس ھالدا پۈتۈن پىكىرنى ئەڭ ئىخچام فورمىدا خۇلاسىلەيدىغان باسقۇچتۇر، بۇ باسقۇچمۇ باشلىنىش بۆلىكىگە ئوخشاشلا ئىخچام، ئېنىق بولۇش كېرەك.

بۇ ئۈچ بۆلەك مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن زىچ بىرلىشىپ، بىر پۈتۈن نۇتۇقنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى تەشكىل قىلىپ، نۇتۇقنىڭ قۇرۇلما گۈزەللىكىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، شۇڭا، بۇ بۆلەكلەرنى دەل جايىدا ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

# ئونىنچى باب  تاللانغان ئۇتۇق ئۆرنەكلىرى

## كارل ۋون كلائۇسېۋىز (1780 — 1831)

كارل ۋون كلائۇسېۋىز گېرمانىيە ھەربىي نەزەرىيىچىسى، پىرۇسسىيە گېنېرالى، باجگىر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1792 - يىلى پرۇسسىيە ئارمىيىسىگە قاتناشقان، 1793 - يىلى فرانسىيە ئىنقىلابىغا قوراللىق ئارىلىشىش جېڭىگە قاتناشقان. 1803 - يىلى بېرلىندىكى ئادەتتىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان، 1808 — 1809 - يىلىغىچە گىرنارد بون داۋلىدشئارىنورت باشچىلىقىدىكى «ھەربىي ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش كومىتېتى» ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارى بولغان، پرۇسسىيىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىسلاھاتى بىلەن ئاكتىپ تۇردە شۇغۇللانغان، 1818 - يىلىدىن 1830 - يىلىغىچە بېرلىندىكى ئادەتتىكى ھەربىي مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان. شۇ مەزگىلدە 1566 - يىلىدىن 1815 - يىلىغىچە بولغان 130 قېتىملىق ئۇرۇشنى تەتقىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئۇرۇش تەجرىبىلىرىگە بىرلەشتۇرۇپ، ئۈچ توملۇق مەشھۇر ھەربىي ئىشلار كىتابى «ئۇرۇش ھەققىدە» نى يېزىپ چىققان. كلائۇسېۋىز دىئالېكتىك ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتى، يۈزبېرىشى، ئۇسۇلى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە توغرا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، 1830 - يىلى توپچىلار قىسمىنىڭ باشلىقى بولغان، 1831 - يىلى

پرۇسسىيە - پولشا چېگراسىدا تۇرۇشلۇق قىسىمدا شتاپ باشلىقى بولغان، شۇ يىلى خولېرا كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. «مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن بۇ نۇتۇق كلائۇسېۋىزنىڭ 1812 - يىلى پرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ فرانسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ناپولېئونغا ياردەملىشىپ رۇسىيىگە تاجاۋۇز قىلىش ئارقىلىق مىللىي مەنپەئەتكە خىلاپلىق قىلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىش ئالدىدا سۆزلىگەن نۇتقى.

## مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا

1812 - يىلى 2 - ئاي

قورقۇنچاقلىقىمىزدىن ھوقۇقىمىزنى تارتقۇۋېلىپ بىزنى يەتكۈچە خورلىغان رەقىب ھاكىمىيەت[①] ئۇچۇن جەڭ قىلغانلىق ئۆزىمىزنى كەمسۇندۇرۇپ، مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى يەرگە ئۇرغانلىقتۇر. كىشىلەر مەجبۇرىي ھالدا ئۆزلىرى نەپرەتلىنىدىغان ئىشلار ئۈچۈن قان ئاققۇزۇشقا توغرا كەلگەندە، بۇيرۇققا بويسۇنغۇسى كەلمەيدۇ، كۆڭلى تولىمۇ بىئارام بولىدۇ. ئەگەر بىر ھۆكۈمەت ئەلنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىسا، ئۇ ھالدا، ئەلنى جىنايەتكە زورلىغانلىق، ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرگەنلىك بولىدۇ.

پادىشاھنىڭ شان - شۆھرىتى جەزمەن مىللىي مەنپەئەتكە بويسۇنۇشى، خان جەمەتىنىڭ قوغدىلىشى مىللىي مەنپەئەتتىن ئەلا

① ناپولېئوننىڭ فرانسىيە 1 - ئىمپېرىيىسىنى دېمەكچى.

بولۇشى كېرەك. كىشىلەر مۇشۇنداق دەپ ئوك - تەتۈر ئىش قىلىپ، ھىيلە - مىكىر بىلەن ئۆتىدۇ، بىر ئەلنىڭ پادىشاھى شۇ ئەلدىكى مىللەتنىڭ ۋەكىلى، شۇڭا ئۇ كىشىلەرنى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى قىلسا، شۇ مىللەتنى ھازىر ۋە كەلگۈسىدە ئىختىيارسىز ھالدا تېگىشلىك شان - شەرەپتىن بەھرىمەن قىلىدۇ. پادىشاھ ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي تۇرۇپ دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلسا، خەلقى ئالدىدا ئۇنىڭ غەلىتە ۋە يىرگىنىشلىك سىماسى قالىدۇ. دۆلىتىنى نومۇسسىزلارچە مۇنقەرز قىلغان پادىشاھ مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويىدۇ، ئۇنىڭ مىللىي ئاپەتنى پەيدا قىلغان جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىشى كېرەك. قارشىلىق كۆرسىتىپ شان - شەرەپ قازانغان بولسىمۇ، نائىلاج دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلغان پادىشاھ خەلققە شان - شەرەپ كەلتۈرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ چىرايلىق نام - شەرىپى مىللىي جاراھەت ئۈچۈن ئاغرىق پەسەيتكۈچ مەلھەم بولىدۇ. پادىشاھ ئۆز ئىززىتىنى، شەۋكىتىنى ۋە ئەركىنلىكىنى يوقاتسا، مىللەتمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا تۈگىشىدۇ، ئىچكى جەھەتتە پارچىلىنىش يۈز بېرىدۇ، سىرتىنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ مىللەت قارا تۇتەك ئىچىدە قېلىپ يورۇقلۇققا چىقالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار بۇ ئىشنى پادىشاھتىن، ھۆكۈمەتتىن ۋە سىرتقى كۈچلەردىن كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ يېتىكلىك بىلەن بىمەھەل بارلىق نەرسىلەردىن ۋاز كېچەلىكىدىن بىئارام بولىدۇ. ئۇلار كۈنسايىن ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇپ، دۈشمەننى كۆككە كۆتۈرىدۇ، قورقۇنچ ۋە ساراسىم ئىچىدە تىز پۈكۈش پاتقىقىغا بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ قالىدۇ.

ئۆزىمىزدىن باشقا ئۆزگىدىن بىزگە ۋاپا كەلمەيدۇ،

www.uygurkitap.com

بىردىنبىر قۇتقازغۇچ پاسىبان — ئۆزىمىزنىڭ كۈچى، ئەقىل- پاراسىتى، ئىرادىسى.

ئۆز مىللىتىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتى ئۈچۈن ئاخىرغىچە جەڭ قىلىدىغان قوشۇن ئىمكانقەدەر راھەت - پاراغەتتىن ۋە باياشات تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىدىغان پەزىلەتكە ئىگە بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى مال - دۇنيا ئۈچۈن جېنىدىن كېچىدىغان ياللانما ئەسكەرلەرگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ.

غەلىبە ئىلھامى ۋە ئىنتىقام ئېلىش جاسارىتى بىلەن قوزغالغانلارنى جەڭگە ماھىر سەركەردىنىڭ قوماندانلىقىدا مەلۇم بىر جايدا دۈشمەننى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرالمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بۇ چاغدا ئايرىم جايلاردىكى ئاپەتلەر چوڭ ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھايت - ھۇيت دېگۈچە قوزغىلاڭچى قوشۇن ھەممىلا جاينىڭ ئىگىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا غەلىبە دۈشمەنلەردىن بارغانسېرى يىراقلايدۇ، ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى دۈشمەنگە بارغانسېرى پايدىسىز بولىدۇ. دۈشمەنلەر ئەمدى پەۋقۇلئاددە ئايرىم ۋەقە ياكى تەقدىرگە تايىنالمايدۇ، جەڭدە غالىب كېلىش ئۈمىدى پۈتۈنلەي يوققا چىقىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم سەۋەب يېتەكچى رول ئوينايدۇ، شەخسنىڭ تالانتى، قابىلىيىتى، ھوقۇقى ۋە تەسىرى كۈچى يېگانە قېيىنقىتەك دېڭىز دولقۇنلىرىدا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ۋەتۈەرىكى چىقىپ كېتىدۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، بىر مىللەت زور خەۋپ - خەتەرگە يولۇققاندا، ئارامبەخش تۇرمۇشتىن ۋاز كەچمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداق بولغاندا، بىر خىل قەھر - غەزەپ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە ئىنتىقام ئېلىش ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ. كىشىلەر خاتا ھالدا بۇ خىل ئەھۋال پەقەت دىنىي

ئەسەبىيلىك داۋامىدىلا كۆرۈلۈشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. رېئال شارائىت ئىنسانلارغا بۈيۈك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئىنسانلار تۈنجى قەدەمنى تاشلىغانىكەن، كېيىنكى قەدەمنى ئېلىشتا بارا - بارا تاشقى كۈچنىڭ ئىلھامىغا موھتاج بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسانغا ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان، زور بەدەل تۆلىگەن نەرسىسىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە مۇقەددەس ھېسابلانمايدۇ، شۇڭا بىر قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقتىن خەلقنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرىمەسلىك كېرەك. ئەكسىچە، شۇ ئوڭۇشسىزلىق سەۋەبىدىن خەلقنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

خەلق ئۇرۇشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالدى. ئەگەر سىلەر خەلق ئۇرۇشىنىڭ كەلتۈرگەن زىيانلىرىنى قارغىماقچى بولساڭلار، ئالدى بىلەن خەلقنى ئۇرۇش قىلىشقا قىستىغانلارغا لەنەت ياغدۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئىنسانلارنىڭ سوتچىسى دەپ سانىساڭلار، ئۇ ھالدا سىلەر ئېزىلگەنلەرنى جىنايەتچى دەپ ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى ئۇلار ئاجىز بىچارىلەردۇر. سىلەر ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇڭلار، ئاپەت كەلتۈرگەنلەرگە لەنەت ياغدۇرۇڭلار. ھازىرقى ئۇرۇش ئومۇمىي خەلقنىڭ ئومۇمىي خەلققە قارشى ئۇرۇشى، بىر پادشاھنىڭ يەنە بىر پادشاھقا قارشى ئۇرۇشى ياكى بىر ئارمىيىنىڭ يەنە بىر ئارمىيىگە قارشى ئۇرۇشى بولماستىن، بەلكى بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە قارشى ئۇرۇشى، پادشاھ، ئارمىيىمۇ مۇشۇ مىللەتكە تەۋە بولىدۇ.

ئاقسۆڭەك تەبىقىسىدىكىلەر چېرىكلىشىپ كەتتى، ئوردا ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالار تېخىمۇ چېرىكلىشىپ كەتتى، ئۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا جان بېقىش كويىدا يۈرمەكتە. خەتەرلىك ئەھۋاللاردا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈياقتا تۇرسۇن،

ئەكسىچە، ئادالەتسىزلىك قىلىپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىشنى خالىمايدىغان كىشىلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن زىيانكەشلىك قىلماقتا. ئەگەر نۆۋەتتە بىز دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي ھەم بارغانسېرى ناچارلىشىۋاتقان ئەھۋالدا داۋاملىق جان بېقىش كويىدا بولۇپ، قارشىلىق كۆرسەتمەي تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىش بىلەن نېمە پەرقى بولسۇن؟ شۇڭا كىمكى دۆلەتنى قوغدايمەن، غورۇرۇم ۋە ۋىجدانىم بار، مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم نومۇسسىزلارچە باش ئېگىش بولماستىن، بەلكى شان - شەرەپنى قوغداش دەپ قارىسا، ئۇ دۆلەتنىڭ خائىنى ھېسابلانماقتا. ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىغان دۆلەت ئەمەلدارلىرى ئۇلارغا ئۆچمەنلىك ۋە زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ، جامائەت ئالدىدا ئۇلار ئۇستىدىن پىتنە - ئىغۋا تارقىتىۋاتىدۇ، پادىشاھ ئالدىدا يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىۋاتىدۇ. فرانسىيە ئەلچىلىرىگە مەخپىيەتلىكنى سېتىۋاتىدۇ، ئەمما بۇ ئەمەلدارلار مىللىي چىرىكلىشىشنىڭ ئېچىنىشلىق ئالامىتىنى كۆرسەتتى. ئۇ گويا مەرەزگە ئوخشاش پۇتكۈل ئورگانىزمنى كاردىن چىقىرىپ، زەھەرلەپ، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار قىلىدىغان سىرتقى ئالامەتتۇر، ئەمما بىز ھازىر بۇنى ئويلاشمايمىز. روھىي چۈشكۈن، جىسمىنى قورقۇنچ قاپلاپ كەتكەن، قورققىنىدىن يىقىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئاز - پاز جېنى بار ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى جەزمەن ئۆزگەرتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

ئۆزىگە تولۇق ئىشەنمەسلىك ھەم باشقىلارغىمۇ ئىشەنمەسلىك دۆلىتىمىزدىكى بىر خىل جامائەت پىكرى، ئاشۇ توخۇ يۈرەك نائەھلىلەر بىلەن ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولمىغانلارنىڭ ئۆزاق مۇددەتلىك تەسىرى بۇ خىل جامائەت پىكرىنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئارىمىزدا بەزىلەر بۇ خىل جامائەت پىكرى ۋە كەيپىيات بىلەن يۈزىنى پەردازلاۋاتىدۇ. ئۇلار بۇنداق جامائەت پىكرى كەيپىياتىنى پۈتۈن خەلق مەنپەئىتىنى ئاساس قىلغان ساپ ھېسسىياتتىن كېلىپ چىققان ياكى بىزنى ئۆملۈك، بىرلىككە ئىگە قىلغان دەپ قارايدۇ. مەن بۇنداق قاراشتىن ۋاز كېچىدىغانلىقىمنى تەنتەنىلىك جاكارلايمەن.

مەن مۇنداقلاردىن ۋاز كېچىمەن:

قۇتۇلۇشنىڭ ئۈمىدىنى يىپىنكلىك بىلەن ئۈشتۈمتۈت ۋەقەلەرگە باغلاپ قويغانلار؛

كەلگۈسگە غاپىللىق بىلەن نەزەر سالىدىغان، سەزگۈرلۈكى ناچار، كەلگۈسىنى ئېنىق كۆرەلمەيدىغانلار؛

ئۆزلۈكىدىن قورال تاشلاش ئارقىلىق زوراۋانلارنىڭ غەزىپىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، رەزىللەرچە ئىتائەت ۋە خۇشامەت قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئىشەنچىسگە ئىگە بولىدىغانلار؛

خاتا ھالدا بېسىمغا ئۇچرىغان روھىي كۈچنى تەرك ئەتكەنلەر؛

تەڭرى ئاتا قىلغان كۈچىدىن كەلسە - كەلمەس گۇمانلىنىدىغانلار؛

خەلق مەنپەئىتى ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىنى رەزىللىك بىلەن خۇنۇكلەشتۈرىدىغانلار؛

دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ بارلىق شانۇشەۋكىتىنى نومۇسسىزلارچە قۇربان قىلىدىغانلار، شەخسىي ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قۇربان قىلىدىغانلار.

مەن شۇنى ئىشەنچ بىلەن جاكارلايمەنكى:

ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ھاياتلىقى، ئىززەت -

ھۆرمىتى ۋە ئەركىنلىكىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشى كېرەك؛

ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغۇچە بۇ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغدىشى كېرەك؛

بۇ، مىللەت ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئالىي قانۇن؛

قورقۇنچاقلىق، تەسلىمچىلىكنىڭ دېغىنى مەڭگۈ يۇيۇپ چىقارغىلى بولمايدۇ؛ مىللەت قېنىدىكى بىر تامچە زەھەر ئەۋلادلارغا ئىرسىيەت بولۇپ قالىدىكەن، ئۇ ئەۋلادلارنىڭ غەيرىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ۋە يوقىتىدۇ؛

شان - شەرەپ پەقەت بىر قېتىمدىلا قولدىن كېتىدۇ؛

پادىشاھ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شان - شەۋكىتى شۇ مىللەتنىڭ شان - شەۋكىتى دېمەكتۇر. ئۇ، مىللەت مەنپەئىتىنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى.

ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن جەسۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى باش ئەگكۈزمەك قىيىن.

شەرەپلىك ھالدا قانلىق كۈرەش قىلغان تۇرۇقلۇق قولدىن كەتكەن ئەركىنلىك مىللەتنى قايتىدىن گۈللەندۈرەلەيدۇ، چۈنكى ئۇ ھاياتلىقنىڭ ئۇرۇقى، ئۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئۆسۈپ يېڭىدىن دەرەخ بولۇپ چىقىدۇ.

مەن زامانىمىزدىكىلەرنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىغا ئۆز بايانىمنى ئېنىق قىلىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىمەن:

خەتەردىن قېچىشقا ئۇرۇنۇپ، ساختا ئەقىللىق بولۇۋالغانلىق ئەڭ چىرىكلىكتۇر. ئۇ تېررورلۇق ۋە ئەنسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇبادا ئەھۋال بىزنىڭ مەرد - مەردانىلىكىمىزگە يار بەرمىسە، ئۇ ھالدا، سوغۇققانلىق ۋە قەتئىي ئىرادە ھەم ئېنىق غايە بويىچە خەتەرگە ئۆزىمىزنى ئۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇ چاغدا، ئەڭ مۇشكۈل جەڭ قىلىش راسا ئاقىلانىلىك، دەپ قارايمەن.

مەن هازىرقى ۋەھىمىلىك هالەت ئىچىدە كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان تارىخىي ۋەقە، ھەر قايسى ئەسىرلەردىكى ئاقىلانە تەربىيە، ئۇلۇغ مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك تۆھپىلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، پىتنە - ئىغۋا تېرىيدىغان گېزىتلەرنىڭ ئالدامچىلىقى بىلەن دۇنيا تارىخىدىن ۋاز كەچكىنىم يوق.

مەندە زەررىچە خۇسۇسىي غەرەز يوق، مەن ئۆزۈمنىڭ ھەر قانداق پىكرىمنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلىرىمغا ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلىمەن. ۋەتەننىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن قىلىنغان شەرەپلىك جەڭگە ۋۇجۇدۇمنى بېغىشلىيالىسام، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# رودىۋىچ بېرنا (1786 — 1837)

رودىۋىچ بېرنا گېرمانىيە يازغۇچىسى، يەھۇدىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەسلىي ئىسمى روففۇ ياراھى بولۇپ، گېرمانىيىلىك مەشھۇر ئەدىب — گيۇتىنىڭ رەقىبلىرىدىن بىرى. ياش گېرمانىستلار گورۇھىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى. 1830 - يىلىدىكى فرانسىيە «ئىيۇل ئىنقىلاى» نىڭ ئىشتىياقى بىلەن پارىژغا كۆچۈپ كەتكەن. ھۆرىيەتپەرۋەرلىكتىن دېموكراتىزم يولىغا قاراپ ماڭغان. ئۇنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئاساسلىق تۆھپىسى سىياسىي ئوبزور خاراكتېرلىك ئاخبارات بولۇپ، «پارىژ مەكتۇپلىرى»، «پارىژدىن يېڭى مەكتۇپلار» قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى بار. ئۇ 1825 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋاپات بولغان گېرمانىيە يازغۇچىسى ژان پاۋېلنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن فرانكفورت مۇزېيىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن «ژان پاۋېلنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» نى يازغان. بوپ ئاتتون كېيىشنا بېرنانىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن بۇ نۇتۇقنى ئوقۇغاندا مەيدان زىلزىلىگە كەلگەن. بۇ، نېمىس تىلىدا بايان قىلىنغان ئەڭ مەشھۇر نۇتۇق ھېسابلىنىدۇ.

## ژان پاۋېلنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

1825 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشتى. ئۇ يەنە يېڭىۋاشتىن پەلەككە كۆتۈرۈلگۈچە بۇ دۇنيا كۆز يۇمىدۇ. تالانت يۇلتۇز پەلەك ئۈزرە ئوربىتىدا ئۇچقاندا، كېيىنكىلەر ئۇنى قۇتلۇقلاپ شادلىنار، ئەمما

ئەجدادلار ئېچىنغان هالدا هۆكرەپ يىغلاپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشماقتا. يارىشىملىق بىر شاهانە تاج شاھ ئالىيلىرىنىڭ بېشىدىن يەرگە دومىلاپ چۈشتى! ئۆتكۈر بىر مىسران قىلىچ سەركەردە قولىدا سۇندى! بىر ئۇلۇغ زات ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. بىز ئېھتىمال ئىلگىرى بىزگە قۇۋۋەت بەرگەن، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىدىن ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلىۋاتىمىز. ھەر قانداق بىر دۆلەت كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان تەڭقىسلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزىگە شادلىق بېغىشلايدىغان روھىي مەدەتنى ئىزدەپ تېپىشقا تىرىشىدۇ. رەھىمسىز شىمالدا قۇدرەتلىك كۈچ بار، كېسەل كۆرپىسى جەنۇبتا ئالتۇنرەڭ نۇرلار كۆپ؛ ئىسپانىيىگىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەقىدىسى بار، نامرات فرانسىيە باشقىلارغا ھەزىل قىلىپ كۆڭلىنى ئاچىدۇ؛ ئەنگلىيىنىڭ تۇمانلىرى ئەركىنلىكنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئىلگىرى بىز ژان پاۋېلنىڭ پېشىنى تۇتقاندۇق، مانا ئەمدى، ئۇ بىز بىلەن بىللە ئەمەس، بىز ئۇنىڭدىن بەھرە ئالىدىغان نەرسىلەر: كۈچ - قۇۋۋىتى، كۆكسى - قارنىنىڭ كەڭلىكى، ئىخلاسمەنلىكى، كىشىنى شادلاندۇرىدىغان چاقچىقى، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان نۇتۇقمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىپ قالدى. مانا بۇ ھېلىقى ئاققان يۇلتۇز زۇلمەت ئاسمىنىدا بىزگە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەرشتىن چۈشكەن، مانا بۇ يەرگە چۈشكەن شاهانە تاج — ھەممە ئادەم ھەۋەس بىلەن كىيگەن، پۇقرالار ياخشى كۆرگەن شاهانە تاج، مانا بۇ ھېلىقى سۇنغان مىسران قىلىچ، ئۇنىڭ ئالدىدا پادىشاھمۇ غال - غال تىترەيتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا رەڭگى تاتىراڭغۇ ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ يۈزى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتەتتى. ئۇ، ھەشەمەتلىك ئىستىقامەتخانىدا بىز ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىنىۋاتقان پوپ ئىدى. ئۇ بىز بىلەن ۋىدالىشىپ كەتتى. بىزنىڭ دۇئا - تىلاۋەتلىرىمىزنى ئاللاھقا يەتكۈزىدىغان ئىنسان ئەمدى يوق. بىز ئۇنىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇنىڭ باشقا ھايات ئادەملىرى ئۈچۈن تەزىيە بىلدۈرىمىز. گەرچە ئۇ پۈتكۈل ئىنسان ئۈچۈن ياشىمىغان بولسىمۇ، ئەمما پۈتكۈل ئىنسان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان دەۋر يېتىپ كېلىدۇ. پۈتكۈل ئادەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېسەدەپ يىغلايدۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى زور سەۋرچانلىق بىلەن 20 - ئەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، پۈختا قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقان خەلقنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇ، ئاشۇ چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ۋە ئاچ - يالىڭاچ ئىنسانلارنى ئۆزى ئامراق ئاستانىگە باشلايدۇ. ئۆز ئۆيىدە ئۇلارنى كۆڭۈلدىكىدەك مېھمان قىلىدۇ. دانا ۋە رەنالارنى ھەشەمەتلىك ئاربانو①سارىيىغا باشلايدۇ. ئاددىي پۇقرالارنى سېت كائوس② ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىدۇ. خۇي - پەيلى ئىتتىك رائىنت ئوچاق بېشىدا ناھايىتى ئالدىراش، ئۇ گېرمان نازۇ - نېمەتلىرىگە قارامۇچ سالماقتا.

دەۋر چاقى چۆرگىلەپ يىللار ئۆتۈپ، پەسىللەر ئالمىشىپ تۇرىدۇ. تەلەيلىك ھاۋارايىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۆمۈرنىڭ چېكى گاھ ئۇزۇن، گاھ قىسقا بولىدۇ. دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە پەسىلنىڭ ئالمىشىشىدەك ئۆزگەرمەيدۇ، ئۆلۈمدەك مەڭگۈلۈك بولمايدۇ. مۇبادا ئەدەبىيات بولمىغان بولسا، يۈرەكنىڭ ھەر بىر سوقۇشى بىزدە جاراھەت قالدۇرۇپ،

---

① ژان. ۋاۋېل يازغان «ئەۋلىيا» ناملىق روماندىكى باش قەھرىماننى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماقالىنىڭ كېيىنكى ئىزاھاتلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ژان ۋاۋېلنىڭ ئەسەرلىرىدۇر.

② «گۈل، مېۋە ۋە ئازغان سۈرىتى ياكى نامرات ئادۋوكات سىېن كائوسنىڭ نىكاھ تۇرمۇشى، ئۆلۈمى ۋە توي مۇراسىمى» ناملىق روماندىكى باش قەھرىمان، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تىلغا ئېلىنغان رائىنت كائوسنىڭ خوتۇنى.

ھايات مەڭگۈگە قانغا ئوخشاش ئېقىپ تۈگىگەن بولاتتى. ئەدەبىيات بىزگە كائىنات بېخىللىق قىلىپ بەرگۈسى كەلمىگەن، مەڭگۈ بەرق ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئالتۇن دەۋرنى، گۈل - گىياھلار سولاشمايدىغان باھارنى، نۇرانە بەخت ۋە مەڭگۈلۈك ياشلىق باھارنى بەخش ئەتتى. ئەگەر تەڭرى شائىرغا تولۇق ھوقۇق ھەدىيە قىلغان، تەڭرى ئۇنىڭ چېكىسىگە تامغا ئۇرۇپ قويغان، ئۇ لەنىتى قەلەم ھەققى ئۈچۈن ئېرىشكەن خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئادەم بولمىغان بولسا، شائىر ئىنسانلارغا تەسەللىي بەرگۈچىدۇر. ژان پاۋېل ئەنە شۇنداق شائىر ئىدى. ئۇ كاتتا ئەربابلارنىڭ قەسىر سارايلىرىدا دېككلاماتسىيە قىلمايتتى. باي - غوجاملارنىڭ داستىخىنىدا نەغمە قىلمايتتى. ئۇ ئاددىي پۇقرالارنىڭ شائىرى، نامراتلارنىڭ كۈيچىسى ئىدى. قەيەردە يىغا - زار، ھەسرەت - نادامەت بولسا، شۇ يەردە ئۇنىڭ يېقىملىق نەغمىسى ياڭرايتتى. بىر يىلدا ئاران بىر نەچچە قېتىم كېلىدىغان كاتتا بايرامدىلا چېلىنىدىغان سۇرلۇك قوڭغۇراقتا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. بىز ئۈنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمىزنى ئىشەنچلىك قوڭغۇراق ساداسىغا تەسەددۇق قىلدۇق، ئۇنىڭ ھەر بىر ئۇرۇلغان ساداسى يۈرىكىمىزنىڭ رىتىمىغا تەڭكەش بولىدۇ. ئۇ ھەر زامان، ھەر ماكان بىزنىڭ شادلىقىمىزدىن خەۋەر بېرىدۇ، ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقە بىز ئۈچۈن تولا رىيازەت چېكىدۇ.

كىشىلەر دۆلەتتە چوڭ شەھەرلەرگە كۆز تىكىدۇ، چوڭ شەھەرلەردە راۋاقلار، ئىبادەتخانىلار ۋە قەسىر - بارگاھلار كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئائىلىدە ھەممە باللار ئاتا - ئانىلارنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ، ئەل ئىچىدە كىشىلەر ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا نەزەر تاشلايدۇ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا تولاراق ئۆلارنىڭ رەھبەرلىرى كۆزگە كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر تۆت پەسىل ئىچىدە

ھەممىدىن باھارغا ھېرىسمەن كېلىدۇ.

ساياھەتچىلەر ھەممىشە ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ، كەڭ، ئازادە يــولــلار، تېز ئېقىنلار ۋە ئالپ تاغ تىزمىلىرىدەك ھەيۋەتلىك مــەنزىرىلەرگە كۆز تاشلايدۇ. كىشىلەر ياخشى كۆرگەن شائىر دائىم كۆپىنىڭ كۆزى چۈشكەن نەرسىلەرنى مەدھىيىلەيدۇ، ژان پاۋېل خوشامەتخور، ئۆرپ - ئادەتنىڭ قۇلى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئــوت - چۆپلۈك، تىكەن - چىغانلىق چىغىر يوللاردا يۈرۈپ، بــاشــقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن خىلۋەت يېزا - كەنتلەردە ئىز دىنەتتى. ئۇ، جامائەت ئارىسىدىكى ئادەملەرنى، ئاستانىدىكى ھەر بىر پېشايۋان ۋە ھەر بىر پېشايۋان ئاستىدىكى قەلبلەرنى ئــەتــىۋارلايتتى. ھەممە پەسىللەر ئۇنىڭغا گۈلدەستە تىزاتتى، ھەممە پەسىللەر ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق نازۇ - نېمەتلىك مېۋىلەرنى تــەييارلايتتى. ئەڭ نامرات شائىر ئەڭ دەسلەپكى مۇھەببەتلىك بــايرامنى مەدھىيىلىسە، ھەتتا سازنىڭ بىر تال تارى قالغىچە زەخمەك ئۇرسا، ژان پاۋېل بۇ مۇقەددەس مەشئەلنى قوغدايتتى، تاكى ئۇ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ ئۆچۈپ قالغىچە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرەتتى. ھەر قېتىملىق ئالتۇن توي مۇراسىمىدا پوپلىق سالاھىيىتى بىلەن نىكاھ ئوقۇغىنىدا ياشلىق باھارى ئۆتۈپ كەتكەن قەلبلەرنى ئۇلاپ، ئــەزرائىل تىتــرەپ تــۇرغان قــوللارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر - بىرىگە قوشــۇپ قــوياتتى. ئــۇ، تــۇمــانلىــق ۋە بــوران - چــاپقــۇنــلــۇق كــېــچــىــدە مۇزدەك سوغۇق ئېرىق - ئۆســتــەڭــلــەردىن كېچىپ ئۆتۈپ، يېزا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قار قاپلىغان كىچىككىنە كەپىسىگە كىرىپ، كېچىچە ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن روژدېستۋو بايرىمىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ

[1] شاھىنىڭ مەملىكىتى ئارال شادىيانە كۆلىدىكى ماچالىپ خۇشاللىقىنى كۆيلىگەنىدى، نازۇك ھەم يېقىملىق تىللىرى بىلەن ساغلام، خۇشخۇي گېرمانىيىلىك بوۋاينىڭ شادلىقى[2] ۋە شۇۋېتسىيە مىسئونىرىنىڭ خۇشاللىقىنى مەدھىيىلىگەنىدى.

پىكىر قىلىش ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە ژان پاۋېل باشقىلار بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلدى، ھېسسىي ئەركىنلىكنى ئېلىش كۈرىشىدە يېگانە ئۇتتۇرىغا چىقتى. بىز ئىنسانلار شۇ قەدەر غەلىتە، بىتايىن كىشىلەرمىزكى، سۆيگۈ - مۇھەببەتنى نەپرەتتىنمۇ بەك يوشۇرىمىز، خۇددى ئوغرىلار ئارىسىغا كىرىپ قالغان كىشىلەر مال - دۇنياسىنىڭ سېزىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ياخشى كۆڭلىمىزنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلىمىز. بازارلاردا، ئارامبەخش خانىلاردا دىققەت نەزىرىمىزنى دائىم سودا ياكى مال - دۇنياغا ئاغدۇرىمىز. قارىماققا ھېچبىر ئۆزگىرىش يوق بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، كۆڭلىمىز ئۇنچىۋالا تىنچ ئەمەس، بىز ئېغىر تەبىئىتىمىز بىلەن ئاجىز يۈرىكىمىزگە زەن سالساق، قارىماققا تۇيغۇندەك تۇرغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە شېرىن ئارزۇ - ئارمانلار بىزنى مەستخۇش قىلىپ قويىدۇ. بىز گەرچە بەخىرامان يۈرگىنىمىز بىلەن، قەلبىمىز ئەسلىمە لەھزىگە چۆكۈپ بولىدۇ. بىردىنلا بالىلىق دەۋرىمىزدىكى چىمەنزارلىقتا بېرىپ قالىمىز، بىزنى مەسۇمە خىياللار ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق دەۋرىمىزدىكى شەپەق قۇچىقىغا ئۇچۇرۇپ بارىدۇ. ھەر يانغا تەئەججۈپ نەزىرى بىلەن كىملەرنىڭ كۆزى بىزدىدۇ، دەپ قالىمىز. بۇ چاغدا ژان پاۋېل يېنىمىزغا كېلىپ، كۈلۈمسىرەپ

① «ئەۋلىيا» رومانىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا تەسۋىرلەنگەن مەنزىرىلەرنى كۆرسىتىدۇ.
② پاۋېلنىڭ رومانىدىكى تەسۋىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

تۇرۇپ پەس ئاۋاز بىلەن: «مەن سىزنى تونۇيمەن!» دەيدۇ. سىز شۇ تاپتا شادلىقىڭىزنى ئىچىڭىزگە يۇتىۋالىسىز، چۈنكى خۇشاللىق سىزنى ئىختىيارسىز بالا مىجەز قىلىپ قويۇپ، ئىززەت - ھۆرمىتىڭىزگە دەخلى قىلىدۇ. سىز دەردىڭىزنى يوشۇرىسىز، چۈنكى بۇنداق دەردكە داۋا قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ژان پاۋېل سىزنىڭ ئاشۇ خىل سىر يوشۇرۇۋاتقان ھالىتىڭىزدىن بىر نەرسىنى پەملەپ: «كېلىڭ، بىرگە ئوينايلى» دەيدۇ - دە، سىز يالغۇز ئولتۇرۇپ يىغلامسىراۋاتقان ھوجرىڭىزغا — سىزنىڭ قەلبىڭىزگە كىرىپ سىزگە تەسەللىي بېرىدۇ: «مەن كەلدىم، ئەمدى بىز ئىككىمىز بىرگە يىغلايلى!» سىزدىكى بالىلىق مىجەز، خام خىياللار تۈگەپ ئەس - ھوشىڭىزنى يىغقاندا ژان پاۋېل بۆشۈكنىڭ يېنىدا تۇرغان، ئېھتىمال بۆشۈك نەزمىسى سىزنى شېرىن ئۇيقۇغا ۋە خىيالىي چۈشلەرگە غەرق قىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يوشۇرۇنغان، چۆل - باياۋان ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن شادلىق باغچىسىنى ئىزدەپ تېپىشقا تىرىشاتتى. ئۇ كۆكسى - قارنىنى يېرىپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى يۇمران ئەتلەرنى سىزگە كۆرسىتەتتى. ئۇ كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغان قەلبلەر قېتىمدىن ئۆچەي دەپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى ئۇچقۇننى پۈۋلەپ ياندۇرۇپ، مۇھەببەتنىڭ يالقۇنىغا ئايلاندۇراتتى. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ خەلققە بەخت ئاتا قىلىدىغان، خەلقنىڭ نىجاتكارى ئىدى! مۇنداق دەۋرانلارمۇ ئۆتكەن: مۇھەببەت ۋەسۋەسىدە قالغان گېرمان يىگىتلىرى «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان چاغدا، ئەلنىڭ غەمگۇزارى سۈپىتىدە تەمكىن ۋە سالاپەت بىلەن: «قىزچاق، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن!» دېگەن. ئۇ ئۆزىنى

ئـۇنـۇتقان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ناچار ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئاتىغانىدى. ژان پاۋېل ئاشۇ قورقۇنچاق قــەلبلــەرگــە مەدەت بېرەتتى، گېرمانىيىلىكلەرنى قارا تەرگە چـۆمــدۈرۈپ، جـېـنىنى ئالغان «مەن» سۆزىنى ئەڭ دەسلەپ ئــېيتــىشـقـا جۈرئەت قىلغانلارنىڭ بىرى شۇ ئىدى. ئەگەر ئەركىنلىك ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن قانۇن ئىسكەنجىسىگە بولغان موھتاجلىقنى بىلدۈرمەيدۇ دېيىلسە ۋە ھەر بىر ئادەم ئۆز قانۇنىنى تـۈزگـۈچـى بـولـسـا، ئـۇ ھـالدا ژان پاۋېل بىزنىڭ نەۋرە - چـەۋرىـلــىرىـمــىز ئارىسىغا گېرمانىيە ئەركىنلىك ئۇرۇقىنى چاچقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ژان پاۋېل شۇ قەدەر گۈزەل، شۇ قەدەر ئالىيجاناب لىرىك شــائــىر ئــىدى. ئۇ نەۋقىران چېغىدىلا تەنتەنە بىلەن شۇنداق قــەســەمــياد قىلغان: «بۈيۈك مۇھەببەت! مەيلى ئۆلگەن ياكى ياشاۋاتقان تىل بىلەن ئىپادىلەنسۇن، كىمنىڭ ئاغزىدىن چىقسۇن، ھەتـتـا پـەرىـشـتـىلەر لەۋزىدىن ۋە ياكى كېكەچلەر لەۋزىدىن چىقسۇن، مەن سېنىڭ مۇقەددەس قەلبىڭگە ھۆرمەت قىلىمەن، بــەن ئــالپ تاغلىرىنىڭ تار جىلغىلىرىدا ياكى سوگىلانلارنىڭ كۆرۈمسىز كەپىلىرىدە تۇرما ياكى جاھاننىڭ قاپ بېلىدە تۇرما، مــەن سـېـنــىڭ مۇقەددەس قەلبىڭگە ھۆرمەت قىلىمەن. سەن كــىـشـىلەرگە باھار ئېلىپ كېلىشىڭ، بەلكى ئۆلارغا ناھايىتى كــۆپلىگەن خاتالىق ياكى ئاز - تولا ئۈمىد ئاتا قىلىشىڭ ھەم ئۆلارنى جىمى بىساتلىرىدىن مەھرۇم قىلىشىڭ مۇمكىن، بىراق مەن سەندىن تانمايمەن! » ژان پاۋېل شۇنداق قەسەمياد قىلغىنىچە تــاكــى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى. ئەمما ئادالەت بولمىسا، مۇھەببەت نېمىگە ئەرزىيدۇ؟ قاراقچىنىڭ مەلۇم بىر كىشىگە ھېسداشلىق قىلىپ بەرگەن سوۋغىتى كۆپ ھاللاردا

www.uyghurkitap.com



باشقىلاردىن بولاپ كېلىنگەن ئولجىدۇر. ژان پاۋىل ئادالەتپەرۋەر پوپ ئىدى، مۇھەببەت ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا بىر مۇقەددەس يالقۇنغا ئوخشايتتى، ئادالەت شۇ مۇقەددەس يالقۇن يېنىۋاتقان ئوچاق ئىدى، ئۇ بىغۇبار ھىممىتىنى ئەنە شۇ يالقۇنغا تەقدىم قىلغانىدى، ئۇ ئەخلاقلىق بىر كۈيچى ئىدى، ئۇ ھېچقاچان يىرگىنىشلىك ئىپلاسلىقلارنى نەپىس تىللاردا پەردازلاپ رەڭۋازلىق قىلمىغان، ئالتۇن لەھزىدەك نۇتۇقى بىلەن ئاشۇ تۇتۇرۇقسىز يىرگىنىشلىكلەرنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنمىغانىدى، ئۆزى خالىسىلا تامامەن شۇنداق قىلالايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ غايەت زور جەزبدارلىقى بىلەن ئەيىبلىگۈچىلەرنىڭ تەبەسسۇمىغا ئېرىشىشكە تامامەن قادىر بولسىمۇ، ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ راستچىللىق، ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە ئېتىقاد ئۈچۈن كۈرەش قىلدى، ئۇ ئەزەلدىن نامىنى پەش قىلىپ بايراق تارتمىغان، ئېتىقادىنى يوقاتقانلارنىڭ جىنايى قىلمىش بىلەن تولغان يىرگىنىشلىك قورۇقلىرى ئۈچۈن چاپان يايمىغانىدى.

شائىرنىڭ بۇرچى ھېچقاچان پەقەت تەسەللىيگە موھتاج بولغانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ياكى ئىنسانلارنى بەختكە سازاۋەر قىلغان تەگرىنىڭ روھىي تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئەمەس، شائىر سودىيە، ئادۋوكاتلارغا ئوخشاش ئىنسانىيەتنىڭ زاكۇنچىسى، ئىپلاسلىقلار بىلەن تولغان دۇنيانى تازىلايدىغان چاقماق ۋە بوران. ژان پاۋىل قەھر - غەزەپكە كەلسە چاقماق ئىلاھى، جازالاشقا كەلگەندە گويا قان تامچىپ تۇرغان قامچىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ مەسخىرە سورۇنغا چۈشكەندە تىلى ھەممىنى بىسىپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ مەسخىرىسىدىن شۈركىنىدىغانلار ئۇنىڭدىن ئۆزىنى پىنھان تۇتاتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۇنى مەسخىرە قىلالايدىغانلار كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى. ئەگەر بىرەرى

كۆرەڭلەپ ئۇنىڭدەك قۇدرەت ئىگىسىگە خىرىس قىلسا، تىرىپىرەن بولۇپ كېتەتتى. ئەگەر كاززاپلار قاراڭغۇ، زەيكەش ئۆڭكۈرلەرگە مۆكۈۋالسا، ئۇ ئۆڭكۈرلەرگە ئوت قويۇۋېتەتتى، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئالدامچىلار نائىلاج ئۇنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۇزگەن ئوقيا يېڭىلىشمايلا دەل تېگەتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، قولى ئەپچىل ئىدى، ئۇ كۆزى ۋە قولىنى چېنىقتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى، خالىسا ئوردا - قەسىرلەر ۋە گېرمانىيە توغرىسىدا چاقچىقىنى باشلايتتى، ئۇ ھەرگىز ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەيتتى، بەلكى پۇقرالارنىڭ زېمىنى ۋە دېھقانلارنىڭ ئېكىنزارلىقىنى ئامان - ئېسەن قىلىش كويىدا بولاتتى. ئەتىمالىم بىزمۇ قايسىبىر قۇشنىڭ پەيلىرى، قايسىبىر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ غەلىتە مۈڭگۈزلىرى ۋە ئۆتكۈر تىرناقلىرى ھەققىدە سۆزلەپ قېلىشىمىز مۇمكىن. تامغا ئېسىقلىق ئوۋ مىلتىقىنى قولغا ئېلىپ قويغانلىقىمۇ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت دەپ قارىلىپ جازاغا تارتىلىدىغان، ئوۋچىلىق قىلىش چەكلەنگەن مەزگىلدە ① بىز ھەرگىز ئالدىنىپ ئوۋ ھەققىدىكى چۆچەككە كەتمەيلى.

يۇمۇر ۋە خرىستىئان ئەقىدىلىرى كىشىلەرگە ئەركىنلىك ۋە تىنچلىقنى ئۆگىتەلمىدى. ئەگەر ئادالەت ئىستېمال قىلغىلى بولمايدىغان بىساتنىڭ كىشىلەر ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان رەسىمىگە ئوخشاپ قالمىغان، ئۈمىد كۆتەمىكەشلەرگە تەۋە بولۇپ كەتمىگەن بولسا، ژان پاۋېلنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى يوققا چىقمىغان بولاتتى. لېكىن ژان پاۋېل ئۇ رەسىملەرنى ناھايىتى ياخشى سىزغان، بەلكى بىزنى مېھرىبانلارچە كۆككە كۆتۈرگەنىدى، يۇمۇر ھېچقاچان روھىي سەدىقە ئەمەس، بەلكى قەلبنىڭ

① تىرىلىش دەۋرىدە كىتاب - ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا دارىتىملاپ ئېيتىلغان.

②

ئىزھارى، ئۇ ئەخلاقىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ گويا ئەل يۈكسەك پەللىدىكى قەلب ئېتىقادىغا ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇ خەسىسلىككە يول قويمايدۇ. بۇ بىخۇدلۇق زاماندا يۇمۇرچىلار ھايۋان تەبىئەتلىك پادىشاھلار ئوردىسىدىكى ھەزىل قىلغۇچىلارغا، ھەقىقەت گويا ئەكس سادادىن مەھرۇم بولغان مۇقەددەس كاتتا قوڭغۇراققا ئوخشاپ قالدى، كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىش، مازاق قىلىش ئۈچۈنلا چالماقتا. يۇمۇرچىلار سادو ئىنىنىڭ① پۈتمىدىكى كىشەننى پاچاقلاپ تاشلاپ، قۇللارنىڭ بېشىغا خوجايىنلارنىڭ شىلەپىلىرىنى كىيگۈزدى ۋە روھىي چاكارلىق قەلبلىرىگە مازاق قىلىشتىن ئىبارەت دېھقان ئىلاھى بايرىمىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. بىر مەھەل شۇنداق گۈزەل كۈنلەر ئۆتكەندى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر يۇمۇرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا كىشىلەردە غەم ـ ئەندىشە، ئىنتىزار دېگەنلەر بولمايتتى، ھايات ھەممە كىشى ئۈچۈن ئۆز كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان ئولىمپىك مۇسابىقىسى ھېسابلىناتتى، ئاجىزلارغىمۇ يول كەڭ ئىدى، ئۇلار مۇسابىقىدىن ئەمەس، بەلكى مۇكاپاتتىن قۇرۇق قالاتتى. ژان پاۋېل زىندان ئازابىنى تارتىۋاتقان خەلقىنىڭ جېرېماھى③ (Jeremiah) ئىدى. داد ـ پەرياد ساداسى توختىغىنى بىلەن، ئازاب ـ ئوقۇبەت تېخى مەۋجۇت، چۈنكى بىز ئۇنىڭ بىلەن زامانداش ياكى كېيىن پەيدا بولغان ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىگە ئىشەنمەيمىز. بىز پەقەتلا ئالەمدىن ئۆتكەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاشۇ زاتقا بولغان مۇھەببىتىمىز يۈزىسىدىن

---

① قەدىمكى رىمدىكى دېھقان ئىلاھى.
② رىمدا 12 ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام بولۇپ، بۇ بايرامدا باي بىلەن مالاي ئالمىشىپ رول ئالاتتى.
③ «ئىنجىل» دا بايان قىلىنغان پېرسوناژ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 17 ـ ئەسىردە ياشىغان ھۆكۈما ئىبرانىي كۆرسىتىدۇ.

ئـۇنى دوراۋاتقان ساراڭلارغا بىر نەچچە كەلىمە سۆز قىلىشنى ئـويلاۋاتـقـىـمـىـز. ئۇلار كويزا - كىشەنلەرنى شاراقلاتقانلىقىنى ئەركىنلىك دەپ ھېسابلايدۇ؛ زىندانلاردا قەھرلىك ھۆركىرەپ ئـۆزىـنـى بـاھـادىـر چـاغلايدۇ؛ گۇندىپايلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغانلىقىنى ھەققانىيەت دېيىشىدۇ. ئۇلار روھىيەتتىن قەلبگە ئۆتىدۇ، قەلبتىن روھىيەتكە ئۆتىدۇ. قىسقىسى، ئۇلار بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا ئۆتىدۇ، ھالى ئۆز پېتى تۇرۇۋېرىدۇ؛ ئۇلار ھايات يولىدا ئۇچرايدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە كۆۋرۈك سېلىپ قويۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ؛ ئۇگىلەرنىڭ چىقىپ كـەتـكـەنـلـىـكـىـنى يەدەننىڭ ئەپچىل ھەرىكىتى دەپ قارايدۇ؛ بەتبەشىرە چىرايىنى مېنىڭ يۈزۈم شۇنچە گۈزەل دەپ كۆز - كۆز قـىـلىدۇ؛ قەلەيدىن ياسالغان پارچە - پۇرات تەڭگىلەرنى گويا ئـالـتـۇن - تـىـلـلالارنـى جىرىڭلاتقاندەك جىرىڭلىتىدۇ. ئۇلار تاسادىپىي سۇغا غەرق بولغان كېمىنىڭ ئامەت ئېلىپ كەلگەنلىكى تـوغرىسىدىكى ھېكايىنى مۇۋاپىق سۆزلەشنى بىلمەيدۇ. شەھەر كۆرمىگەن ياۋايىلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئوخشاش كىرىست مېدالىنى قۇلاقلىرىغا تاقىشىۋالىدۇ.

قـايـىـللىق تۇيغۇسى مەدھىيىلىنىدۇ، ئەمما مۇھەببەت - شادلىقنىڭ دەۋرانى ئۇن - تىنسىز بولىدۇ. بىز ژان پاۋېلنى مەدھىيىلىمەكچى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇچۇن قايغۇ - ھەسرەت چەكمەكچىمىز! ئاچ كۆز مېھمان «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەندەك، ئۆزىگە ئاش بەرگەن خوجايىنىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ؛ رەھـىـمـسـىـز سـەنـئـەت يـىغىپ ساقلىغۇچى ئەسەرنى ئېسىدە تـۇتىدۇ-يۇ، سەنئەتكارنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ھەمراھىنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەنلەرنى دەرۋەقە ياخشىلىققا رەھـمـەت ئـېيتىشنى بىلىدىغان ئادەم دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما رەھمەت ئېيتىشنىڭ نېمىلىكىنى ئەڭ ئوبدان بىلىدىغانلار دەپ،

ياخشى ئىشلارنى ئۇنتۇپ، ياخشىلىق قىلىدىغانلارنى ئېسىدە تۇتقانلارنى دېسە بولىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنىڭ ئاپىرىن، تەھسىن ئوقۇشقا تېگىشلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئەسەرلىرىنى خاتىرىلەۋاتقىنىمىز يوق، بەلكى كۆڭلىمىزدە ئورۇن ئالغان بۈيۈك زاتنى كۈچلۈك مۇھەببەت ئىشتىياقىمىز بىلەن خاتىرىلەپ تۇرۇۋاتىمىز، ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قىلمىساقمۇ بولمايتتى. كىشىلەر ژان پاۋېل ئەسەرلىرىنىڭ سانىنى ھېسابلاپ چىقىرالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك بايلىق ھېچقاچان ھەميانغا سېلىپ ئېلىپ كەتكىلى بولىدىغان نەق تىللا ئەمەس. ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجان، گۆھەر - ياقۇت، ئالماس - بىرلىيانتلارغا تېگىشكۈسىز بىباھا تەۋەررۈكلەر، تېخى تولۇق تارتىلمىغان يېرىك ئاشلىق ۋە كېيىنكىلەر تۈجۈپىلەپ ئىشلەپ ياخشى ھوسۇل ئالىدىغان ئېكىنزارلىقلارمۇ بار. بۇ بىر تالاي بايلىق بەزى بايلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغۇسى. بەزىلەر باي بولۇپ كەتسەڭ ھەشەمەتخور بولۇپ كەتتى، دەپ تىللايدۇ؛ سېخىلىق قىلساڭ بەتخەجلىك قىلدى، دەيدۇ، بىرى ئالتۇننى كۆپ ئىشلەتسە ئۇنى سۆلەتۋازلىق قىلدى، ھەر كۈنى ئالتۇن تاۋاقتا ئاش يەپ، ئالتۇن پىيالىدە چاي ئىچىدۇ، دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئەگەر بۇ جەھەتتە ژان پاۋېل ھەقىقەتەن ئۇنداق قىلالمىغان بولسا، بۇ ئىشقا كىم ئەيىبلىك؟ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان مال - دۇنياغا ئىگە بولغان ئادەم ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلىدۇ، بايلىقنى لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، كۆزگە چېلىقىدىغان جايلارغا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭدار پەردىلەرنى ئاسىدۇ. ئەمما تاسادىپىي بېيىغان بىر كەمبەغەل قۇپ - قۇرۇق تۇرغان تامغا ھەش - پەش دېگۈچە كاتتا ئەينەك ئاسقىنىدا، شاراب ئىلاھى بوش قالغان تۈگىنى ھاراقتا توشقۇزۇپ بەرگىنىدە، شادلىقىدىن نېمە قىلىشىنى

بىلمەي، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، شىر كەيپلىك ئىلكىدە قەدەھ كۆتۈرىدۇ، ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئاقچىلارنى ئوچۇملاپ - ئوچۇملاپ كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ئىمىر - چىمىر قىلىۋېتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ شۇنداق ئىمىر - چىمىر بولغان بولىدۇ. ژان پاۋېل دەل ئەنە شۇنداق بېيىغانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆز خەلقى ھېچنېمە مىراس قالدۇرمىغان، تەڭرى ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئاتا قىلدى، تەلەي ئىلاھى كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشەي دېگەن ئاشلىق ئامبىرىنى ئۆرۈۋېتىپ، يېڭى ئامبارلارنى سېلىپ ئاشلىق بىلەن تولدۇردى، ئۇنىڭ بەستىگە پۇراقلىق گۈل - گىياھلارنى چاچتى، يەر شارى ئۇنىڭغا يوشۇرۇن بايلىقلارنى ھەدىيە قىلدى. ئۇ بۇ بايلىقلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ئۇنى كىشىلەرگە كۆرسەتكەندى، بىراق زامانداشلار ئىچى تارلىق بىلەن مازاق قىلغان نەرسىلەرنى كېيىنكىلەر ئوخشاشلا مەسخىرە قىلىشقا خۇشتار. ئەمما ئالتۇن دېگەن بەربىر ئالتۇن! مەدەن ھالىتىدە تۇرغان چاغدا كىشىلەر ئۇنى بىلمەيدۇ، گۆھەرگە نەقىش چېقىرىلغاندا ئۇنىڭ قىممىتى ئەمەس، باھاسى ئۆرلەيدۇ.

ژان پاۋېل مانا بۇشۇنداق بىر زات ئىدى. ئەگەر سىلەر ئۇ قەيەردە تۇغۇلغان، يۇرتى نەدە، نەگە دەپنە قىلىنغان، دەپ سورىساڭلار، مېنىڭ جاۋابىم شۇكى، ئۇ ئەرشتىن چۈشكەن، يەر شارىدا تۇراتتى، بىزنىڭ قەلبىمىز ئۇنىڭ قەبرىسى. سىلەر ئۇنىڭ گۆدەك ۋاقتى، ياش - قىران چاغلىرى ۋە چوڭ بولغان ۋاقتىنى بىلمەكچى بولساڭلار، ئوغۇل بالا گوستابتىن ①، يىگىت ئارباتودىن ياكى ئاق كۆڭۈل شافىيدىن ② سوراڭلار. ئۇنىڭ

① گوستاب — «كۆرۈنمەس ۋاگون» رومانىدىكى پېرسوناژ.
② ئارباتو، شافىي — پاۋېل ئەسەرلىرىدىكى قىزىقچى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى، «سىبىن كائوس» ۋە «ئەۋلىيا» ناملىق ئەسەرلەردە تەسۋىرلىنىدۇ.

ئـارزۇسـىـنى بىلمەكچى بولساڭلار كانپانلىقلار تاغلىرىدىكى[1] جىلغىلاردىن ئىزدەڭلار. ھەر قانداق باتۇر شائىرمۇ ئۆز ھاياتى ھەققىدە ژان پاۋىلدەك راست ئۇچۇر يېزىپ قالدۇرغان ئەمەس. ژان پـاۋىل بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تېخى ھايات! ئۇ ئۆز ماكانىغا كەتتى. ئۇ مەيلى قايسى جـەنـنـەتـتـە ياكى قايسى بېھىشتە بولسۇن، قايسى پەرىشتىلەر قـاتـارىـدىـن ئـورۇن ئـالغان بولسۇن، قەدىرلىك يەر شارىنى ئـۇنۇتمايدۇ، ئۆزى بىلەن بىرگە ئۆيىنىغان، بىرگە يىغلىغان، كۆيگەن ۋە ئۆزىدەك كۆپ رىيازەت چەككەن سۆيۈملۈك كىشىلەرنى ھەرگىز ئۇنۇتمايدۇ.

[1] ژان پاۋىل 1797 ـ يىلى «كانپانلىقلار ياكى روھنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى ھەققىدە» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان.



www.uyghurkitap.com

# فرانس گرىپازېر (1781 — 1873)

فرانس گرىپازېر ئاۋستىرىيە دراماتورگى، ۋېنادا تۇغۇلغان، 1817 - يىلى تۇنجى ئەسىرى «ئاغچى ئانا» بىلەن بىراقلا شۆھرەت قازانغان. كېيىنكى يىلى گيوتىنىڭ تەسىرى بىلەن كلاسسىك ئىمىدىكى تراگېدىيە «سافو» نى يازغان. بۇ ئەسەر گيوتى بىلەن بايروننىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن تارىخىي دراما «پادىشاھ ئىتوكانىڭ بەختى ۋە ئاقىۋىتى»، «باينىڭ ۋاپادار بىر مالىيى» قاتارلىقلار بار. تۆۋەندە بېرىلگىنى 1827 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بېتخوۋىن ۋاپات بولغاندا، ئاپتور تەكلىپكە بىنائەن يېزىپ چىققان تەزىيە سۆزى. ۋېنا دۆلەتلىك تىياتىرخانىنىڭ ئاتاقلىق ئارتىسى، داڭلىق ناتىق ھېينرىخ ئانسوس قەبرىستانلىقىدا دېكلاماتسىيە قىلغان. ئەسەردە ئاتاقلىق مۇزىكانت بېتخوۋىننىڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇلغان ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرۈلگەن، ئۇنى ئوقۇغىنىڭىزدا يۈرەك تارىڭىزنى تىترىتىدۇ.

## بېتخوۋىننىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

1827 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

ۋەتىنىمىزنىڭ سەنئىتى ۋە گۈللەنگەن دەۋردىكى ئىدىيىنىڭ پارلاق نۇرىدىن بىزگە ئاشقان ھەم چاقناپ تۇرغانلىرىنىڭ تەڭ نىسپى ئۆچتى. بىز ھازىر بۇ كاتتا ئەربابنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرۇپ، پۈتكۈل مىللەتكە، يەنى پۈتكۈل گېرمانىيە خەلقىگە ۋاكالىتەن ئۇنىڭغا بولغان قايغۇمىزنى بىلدۈرمەكتىمىز. گەرچە

گېرمانىيە شېئىرىيىتىنىڭ قەھرىمانى[1] ھايات بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي! پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مۇزىكىغا بېغىشلىغان كاتتا مۇزىكانت خۇنتېر بىلەن باخ، ھايدىن بىلەن مۇزاتنىڭ ئۆچمەس شانۇ - شەۋكىتىنىڭ ۋارىسى، ئۇلۇغ زات ئالەمدىن ئۆتتى. گېتار تارلىرى ئۈزۈلدى، مۇزىكا ساداسى ئاستا - ئاستا توختىدى، بىز بۇ يەردە ئۆكسۈپ يىغلاپ ياش تۆكمەكتىمىز.

ئاستا - ئاستا توختىغان مۇزىكا ساداسى! مۇشۇنداق ئاتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر! چۈنكى ئۇ سەنئەتكار ئىدى، ئۇ ئۆزىنى سەنئەت بىلەنلا تونۇتقانىدى، تۇرمۇش دېشۋارچىلىقى ئۇنى زەئىپلەشتۈرگەنىدى. ئېھ، چىن ۋە ساداقەتمەنلىكتە ۋايىغا يەتكەن پەرى كەبى ھەمشىرە، ئازاب تارتقانلارغا تەسەللىي بەرگۈچى، ئەرشتىن چۈشكەن سەنئەت، ئۇ غەرق بولغان كېمىدىكى ناتىۋان قىرغاققا چىڭ ئېسىلغان، ھەتتا سەن بىلەن سىرداش قەلبلەر ئىشكى يېپىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇ سېنى قويۇۋەتمىگەنىدى. ئۇ قولىقى ئاڭلىماس، كۆزى ئېنىق كۆرمەس بولۇپ قېلىپ، سېنىڭ رۇخسارىڭنى پەرق ئېتەلمىگەن چاغدىمۇ، سېنىڭ ئوبرازىڭنى قەلبىدە ئاخىرغىچە ساقلىغان، ئۇنىڭ نەپەسى توختىغاندىمۇ سېنىڭ ئوبرازىڭ يۈرەك - باغرىدا ساقلىنىپ قېلىۋەردى.

ئۇ بىر بۈيۈك سەنئەتكار ئىدى، زادى كىمنى ئۇنىڭغا تەڭ قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇ گويا بېگېموتقا[2] ئوخشاش ئوكيانئارا نەرە تارتىپ سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققانىدى. ئۇ، كەپتەرنىڭ بۇقۇلداشلىرىدىن تارتىپ گۈلدۈرمامىنىڭ گۈلدۈرلەشلىرىگىچە، باش قاتۇرۇپ توقۇپ چىقىلغان قاتمال سەنئەت ئۇسۇلىدىن

---

① گېوتىنى دېمەكچى.

② «ئىنجىل» دا تەسۋىرلەنگەن ھەيۋەتلىك دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ بىر تۈرى.

كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان يېقىملىق مۇزىكىغا قەدەر ھەممىسىنى ئۆزگەرتىشچان، كىشىنى لەرزىگە سالىدىغان تەبىئىي كۈچكە ئايلاندۇرغانىدى. ئۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشتى، ھەممىنى ئۆگەندى. ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرى ئىلگىرىكىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى يېڭى باشلىنىش بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ قەدىمى سەنئەت توختىغان جايدا توختىغانىدى. «ئادالادې» ① ۋە «رېئونورو» ② ، «ۋېكتورىيە باتۇرلىرىغا مەدھىيە»③ ، ئەنئەنىلىك «مىسا مۇزىكىسى»④لەر سىمفونىيىلىك قىممەتكە ئىگە گۆھەر. بوران چاپقۇندەك تۇس ئالغان «سىمفونىيە» ⑤ ، «گۈزەل ئاتەش ئىلاھىنىڭ شادلىقى»⑥ ، «ئاققۇ ناخشىسى» ⑦ ، «نەيلىك مۇزىكا» ، «تارلىق مۇزىكا» لار! سىلەر ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئايلىنىڭلار، يارشىملىق تاج كەرەشمىنى قەبرە ئۈستىگە چېچىڭلار!

ئۇ بىر سەنئەتكار ھەم ئاددىي ئىنسان، ئىسمى جىسمىغا لايىق چىن ئىنسان ئىدى. ئۇ تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن بەزىلەر ئۇنى بۇ دۇنياغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ، دېيىشىدۇ؛ ئۇ ھېسسىياتىنى پىنھان بولغاچقا، بەزىلەر ئۇنى باغرى قاتتىق دېيىشىدۇ، ھەي، كىمكى ئۆزىنىڭ باغرى قاتتىقلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى يوشۇرمىغان بولاتتى! ھېسسىياتى تولا ئۇرغۇپ كەتكەندە، كىشىلەر ھېسسىياتىنى يوشۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ دۇنيادىن ئۆزىنى قاچۇردى دېيىلسە، قەلبىدىكى ئوتلۇق

---

① بېتخوۋېن ئىجاد قىلغان مۇزىكىنىڭ نامى.
② بېتخوۋېن يازغان ئوپېرا نامى، كېيىن «فىدارىئو» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.
③ بېتخوۋېن ئىجاد قىلغان سىمفونىيىلىك مۇزىكا «ۋېنېرىنتون غەلىبىسى» نى كۆرسىتىدۇ.
④ بېتخوۋېن ئىجاد قىلغان مۇزىكىنىڭ نامى.
⑤ بېتخوۋېننىڭ «پاستورال سىمفونىيىسى» تەركىبىدىكى «بوران - چاپقۇن» بابىنى كۆرسىتىدۇ.
⑥ بېتخوۋېننىڭ ئاخىرقى سىمفونىيىسى «توققۇزىنچى سىمفونىيە» نى كۆرسىتىدۇ.
⑦ رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاققۇ جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرى يېقىملىق سايرايدىكەن، كېيىن ئۇ مۇزىكانتلار ۋە شائىرلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىجاد قىلغان ئاخىرقى ئەسەرلىرىگە ئوخشىتىلىدىغان بولغان.

مۇھەببەت بەك چوڭقۇر بولۇپ، بۇ دۇنياغا تەڭ كېلەلمىگەنلىكتىن شۇنداق قىلغان. ئۇ يورۇق دۇنيا بىلەن خۇشال ۋىدالاشتى، چۈنكى ئۇ بۇ دۇنياغا بارلىقىنى ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن شۇنداق قىلدى. ئۇ يەككە - يېگانە ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە سىرداش تاپالمىغانىدى. بىراق ئۇ تاكى نەپسى توختىغانغا قەدەر ھەممە ئادەمگە ئىنسانغا خاس ھېسسىيات بىلەن مۇئامىلە قىلغانىدى، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزگەنىدى، ھاياتى ۋە جىمى مال - مۈلكىنى پۈتكۈل دۇنياغا ئاتىدى.

ئۇ ھايات چېغىدا قانداق ئادەم بولغان بولسا شۇ پېتىچە ئالەمدىن ئۆتتى، كىشىلەر قەلبىدە شۇ تەرىقىدە ھايات ياشايدۇ.

سىلەر مەن بىللە ئۇنى ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر، سەۋرقىلىڭلار! سىلەر ئۇنىڭدىن ئايرىلمىدىڭلار بەلكى ئۇنىڭغا مۇشەررەپ بولدۇڭلار، كۆزنى ئېچىپ يۇمغىچە دەۋران سۈرىدىغان ھاياتلىق ئىشىكى ئارقىمىزدا ئېتىلگەچكە، ئۇ جەننەتكە قاراپ سەپەر قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاشۇ جەننەتتە قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆتكەن ئۇلۇغ زاتلار بىلەن ۋىدالىشىۋاتىسىلەر، بۇنىڭدىن كېيىن ھاياتىڭلاردا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى زور كۈچ - قۇدرەت بىلەن گويا شىددەتلىك بوران - چاپقۇندەك قەلبىڭلارنى تىترەتكەندە، كۆز يېشىڭلار كەلگۈسى ئەۋلادلار ئارىسىدا تۆكۈلگەن چاغدا، ھازىرقى مىنۇتلارنى ئەسلەپ، ئۇنى دەپنە قىلىدىغان چاغدا بىز ئۇنى ئۇزىتىپ بارغانىدۇق، ئۇنىڭ نەپسى توختىغاندا كۆز يېشى قىلغانىدۇق، دەپ ئويلاپ قالىسىلەر.

# لارخف ۋالدو ئېمىرسون (1803 — 1882)

لارخىف ۋالدو ئېمىرسون ئامېرىكىنىڭ نەسر يازغۇچىسى. شائىر، ئەزەلىيەتچىل يازغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، بوستوندىكى بىر باستېر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1821 - يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ باستېر بولغان، 1832 - يىلى ياۋروپادا ساياھەتتە بولۇپ، جانسېر قاتارلىق يازغۇچىلار بىلەن كۆرۈشكەن، ئىككىنچى يىلى ئۆز ئېلىگە قايتقان. ئۇ ئەسىرى ۋە ئوتۇقلىرىدا ئوپتىمىزملىق روھنى ئۇرغۇتۇپ، خرىستىئان دىنىنىڭ ئەخلاق - ئەھكاملىرىنى تەشۋىق قىلغان. تەبىئەتكە يېقىنلىشىشنى، ئۆز سېزىمىگە تايىنىپ كونىلىقنى تاشلاپ، يېڭىلىق ئۈستىدە ئىزدىنىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇلۇغ زاتلارنى «تەڭداشسىز روھ» نىڭ سىماسى دەپ قارىغان. كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى تەنقىد قىلغان، ئىللىق ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلغان، مىللىي ئەدەبىياتنى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى قويۇق روھانىيلىق ئىللەتلىرى قاپلاپ كەتكەن. ئۇنىڭ «ۋەكىللەر» ، «ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ خاراكتېرى» ، «جەمئىيەت ۋە يىگانىلىق» ، «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى ۋە شېئىر توپلاملىرى، كۈندىلىك خاتىرىلەر، خەت - چەكلەر بار. «ئامېرىكا ئالىملىرى ھەققىدە» ناملىق نۇتۇقنى يازغۇچى ئېمىرسون 1837 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ماسسا چۇسېتس شتاتىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن، كېيىن «ئامېرىكا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

www.uyghurkitap.com

# ئامېرىكا ئالىملىرى ھەققىدە

1837 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

ئۇيۇشما باشلىقى ئەپەندى، ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر:

ئەدەبىيات يىلىمىز يېتىپ كېلىش ئالدىدا سىلەرنى تەبرىكلەيمەن، ھەر يىللىق خاتىرە كۈننى تەبرىكلىگەنلىكىمىز ئەدەبىي ھەۋەسنىڭ تېخى تامامەن يوقاپ كەتمىگەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئەگەر بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر دېيىلىدىغان بولسا، مېنىڭچە ھازىر ئۇنىڭ پەيتى كەلدى. باشقىلارغا بېقىنىدىغان، باشقا دۆلەتلەرگە ئۇزۇنغىچە شاگىرت بولىدىغان دەۋر ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرماقتا، ئەتراپىمىزدىكى تۈمەن مىڭلىغان ئادەم جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىغا مەڭگۈ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئالدىدىن ئاشقان تاماقلارنى ئەكەلمەسلىكىمىز كېرەك. بۇ يەردە يېڭى ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ئۈزلۈكسىز يۈز بەرمەكتە، ئۇلار ئەمەلىيەتتە مەدھىيىلىنىشى، ئالقىشلىنىشى كېرەك. شېئىرىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئاساسلىق رولىغا كىم شەك كەلتۈرەلەيدۇ؟ ئاسترونوم ھۆكۈمالار ئېيتقاندەك، ھازىر پەلەكتە پارلىغان يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىكى ئاساسلىق يۇلتۇز كەلگۈسىدە ھامان بىر كۈنى مىڭ يىللىق مەلۇم بىر قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ① ئايلىنىدۇ.

① ئاسترونوملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا يىل بەرقى تۈپەيلىدىن، مىلادىيە 14000 - يىلىدىكى قۇتۇپ يۇلتۇزى يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى ئاساسلىق يۇلتۇزغا ئايلىنىدىكەن.

مەن مۇشۇ ئۈمىد بىلەن «ئامېرىكا ئالىملىرى ھەققىدە» دېگەن تېمىنى تاللىۋالدىم. بۇ بىر خىل ئادەت ئەمەس، بەلكى ئۆيۈشمىمىزنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىك ھالدا بولغان مۇشۇ مەسىلىدە سۆزلەشنى زۆرۈر تاپتى.

قەدىمدىن قالغان مۇنداق بىر مەسەل بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق ھېكايە بار: قەدىمكى زاماندا تەڭرى دۇنيانى ئاپىرىدە قىلغان چاغدا، گويا بىر قولنى بىر قانچە بارماققا ئايرىغاندەك، تېخىمۇ كۆپ پارچىلىرى بولسۇن ئۈچۈن، «ئادىمىزات» نى ناھايىتى كۆپ ئادەم قىلىپ پارچىلىۋەتكەنىكەن.

بۇ قەدىمكى مەسەلدە مەڭگۈ يېڭى ۋە چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەنە يوشۇرۇنغان. مۇكەممەل ئىنسان باشقا ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى مەلۇم ماھارىتىنى تەقدىم قىلىدۇ، شۇڭا سەن مۇكەممەل ئىنساننى بىلمەكچى بولساڭ، ئاۋۋال پۈتكۈل جەمئىيەتنى بىلىشىڭ كېرەك. بىر مۇكەممەل ئىنسان بىر دېھقان، بىر پروفېسسور ياكى بىر ئىنژېنېر ئەمەس، بەلكى ھەر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردۇر. مۇكەممەل ئىنسان ھەم مىسسىئونېر، ھەم ئالىم، ھەم سىياسىئون، ھەم ئىشلەپچىقارغۇچى، ھەم ئەسكەر بولالايدۇ.

شۇنداق، ئىنسان بىر شەيئىگە، ھەتتا كۆپلىگەن شەيئىلەرگە ئۆزگىرىشى مۇمكىن. دېھقانلار يەر تېرىپ ھوسۇل ئالىدىغان «ئىنسان» لاردۇر؛ لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەقىقىي بۇرچىدىن خۇشاللىق ھېس قىلغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزىگە يىغىۋالغان ئاشلىقى، ئاشلىق توشۇيدىغان ھارۋىلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى «ئىنسان» بولماستىن، بەلكى سەرسان بولۇپ يۈرگەن دېھقانلاردۇر. قول ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ئەسۋابلىرىنى

بىر خىل ئېسىل قىممەتكە ئىگە، دەپ قارىمايدۇ، ئۆزىنىڭ قېلىپلاشقان ھەرىكىتى بىلەن ئەسۋابىنى ئىشلىتىدۇ، ئۇنىڭ قەلبىنى پۇل بويسۇندۇرۇپ كېتىدۇ. مىسسىئونېر بىر خىل مۇراسىمغا، ئادۋوكات بىر قانۇن قامۇسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ستانوك باشقۇرغۇچى بىر ستانوككا، ماتروس پاراخوتنى باغلايدىغان ئارغامچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ھەر خىل كەسپىي تەقسىماتتا ئالىملار ئەقىل - پاراسەتنىڭ ۋەكىلى، نورمال ھالەتتە ئۇلار كۆڭۈل قويۇپ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئادەم بولسا، چېكىنگەن ھالەتتە جەمئىيەتنىڭ قۇربانى بولغان چاغدا، ئۇ كۆپ ھاللاردا نوقۇل پىكىر قىلغۇچى، ھەتتا تېخىمۇ ئۇساللىشىپ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى دوراپ يۈرۈيدىغان تۇتىقۇشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسى ئالىملارنىڭ قەلبىگە ئەڭ بۇرۇن، ئەڭ مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەر كۈنى قۇياش چىقىدۇ، قۇياش پاتقاندىن كېيىن، كەچ بولۇپ كۆكنى يۇلتۇزلار قاپلايدۇ. شامال ھامان چىقىپ تۇرىدۇ. ئوت - چۆپ ئۆسۈپ تۇرىدۇ. ئالىملار ئىنسانلار ئارىسىدا بۇنداق ھادىسىلەرگە ئىنتايىن قىزىقىدىغانلار جۈملىسىدىندۇر، ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بۇنداق ھادىسىلەرنى تەڭرى ياراتقان. بولۇپ، ئۇنىڭ باش - ئايىغى يوق، توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئۇنداق ھادىسىلەر ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇلار قەلبىنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرىنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ.

كۆپكۆك ئۈپۈق ئاستىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىمۇ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بىر يەردە ئاپىرىدە بولغان؛ ئۇلارنىڭ بىرى ياپراق بولسا، بىرى گۈل؛ بىرى تامغا بولسا، بىرى تامغا بېسىپ چىققان خەت، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ئىنسانىنىڭ قەلبىدىكى

گـۈزەلـلىكتۇر. تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارغا خـاس قـانـۇنـىـيـەتتۇر، شۇڭا تەبىئەت دۇنياسى ئىنسانلارنىڭ مـۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆلچەيدىغان مىزانغا ئايلانغان. ئىنساننىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى ئـەمـەلـىـيـەتتە ئۆز - ئۆزىنى ئوبدان ئىدارە قىلالمىغانلىقتىن ئىبارەتتۇر.

ئالـىملارغا تەسىر قىلغان روھىيەتنىڭ ئىككىنچى ئامىلى «ئـۆتـكـەنـكـى» قـەلـبلەردۇر. كىتاب - ماتېرىيال ئۆتكەنكى تەسىرلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆرنىكىدۇر.

بـاشـتـا ئـالـىـمـلار ئـۆز بـىـلـىملىرىنى ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن ئالغان، شۇڭا ئۇلار چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئۇلارنى يـېـڭـىـۋاشتىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئارقىدىن ئۇلارنى قايتا بايان قىلغاندى، ئالىملارنىڭ مېڭىسىگە رېئال تۇرمۇش تەسىر قىلىپ ھەقىقەت بولۇپ چىقىدۇ؛ ۋاقىتلىق پائالىيەتلەر تەسىر قىلىپ، قىممىتى زور تەپەككۇر بولۇپ چىقىدۇ، مەنىسى يوق تۇترۇقسىز ئىشلار تەسىر قىلىپ، داستان بولۇپ چىقىدۇ، ئەسلىدىكى ئۆلۈك پاكىت جانلىق ئىدىيىگە ئايلىنىدۇ.

ھەر قانداق شەيئى مۇكەممەل، نۇقسانسىز بولۇپ كەتمەيدۇ. ھـەر قـانـداق يـازغـۇچـى ئـۆز ئـەسـىـرىدە كونا مۇقامدىكى، چەكلىمىلىككە ئىگە، ھاياتىي كۈچى ئاز نەرسىلەرنى تامامەن بايان قـىـلـمـاسـلـىـقى مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭدەك ھەر جەھەتتىن كەلگۈسىدىكىلەرگە خۇددى ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەرگە باپ كەلگەندەك ھەر جەھەتتىن باپ كېلىدىغان ساپ ئىدىيىۋىلىككە ئىگە كىتابلارنى يېزىپ چىقالىشى ناتايىن. بۇ ھال ھەر بىر دەۋر كـىـشـىـلـىـرىـنـىـڭ ئۆزىگە لايىق كىتابلارنى يېزىپ چىقىشى كېـرەكـلـىـكـىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئېنىقراق ئېيتساق،

هازىرقى ئەۋلادلار كىتاب يازغاندا كېيىنكى ئەۋلادلارنى كۆزلىشى كېرەك.

ئەمما، بۇ يەردە ئېغىر بىر خىل ئىللەت يۈز بەرمەكتە: ئىجادىي پائالىيەت (ئىدىيىۋى ھەرىكەت) نىڭ مۇقەددەس خاراكتېرى ئۇنىڭ خاتىرىسىگە يۆتكەلدى. شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىدىغان شائىر ئەۋلىيا دېيىلىپ، ئۇنىڭ شېئىرىمۇ مۇقەددەس تۈس ئالدى. يازغۇچىدا ئادالەت، ئەقىل - پاراسەت روھى بولسا، ئۇنىڭ كىتابى ناھايىتى مۇكەممەل، دەپ قارىلىۋاتىدۇ، گويا قەھرىمانغا بولغان ھۆرمەتنىڭ تۈسى ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ ھەيكىلىگە چوقۇنۇشتەك ئەھۋال يۈز بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇنداق كىتاب كىشىلەرنى ئېزىقتۇرىدىغان كىتاب بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. كىشىلەرگە يول باشلايدىغانلار مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، مەسۇم ياشلار كۇتۇپخانىدا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتىدۇ، ئۇلار ستېرو ①، لوككېر ②، باكون ③، لارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ قاراپ، ستېرو، لوككېر، باكونلارنىڭ بۇ كىتابىنى يازغان چېغىدا كۇتۇپخانىدىكى ياشلاردىن ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشماقتا.

شۇڭا ھازىر بىزدىكىلەر كۆڭۈل قويۇپ مول تەسەۋۋۇر قىلالايدىغانلار ئەمەس، بەلكى كىتاب مەستانىلىرى، شۇ ۋەجىدىن قارىغۇلارچە كىتاب ئوقۇيدىغان تەبىقە شەكىللەندى، ئۇلار كىتابقىلا ئېتىبار بېرىپ، كىتابنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانلار بىلەن ماھىيەت جەھەتتە ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

---

① ستېرو — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 106 ~ 43 - يىللار) رىملىق سىياسىئون، ناتىق ۋە يازغۇچى.
② لوككېر (1632 — 1704) ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ.
③ باكون — (1561 — 1626) ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ، يازغۇچى.



www.uyghurkitap.com

ئەگەر كىتاب توغرا پايدىلىنىلسا، ئۇ هالدا ئەڭ ياخشى نەرسىگە ئايلىنىدۇ؛ ئەگەر خاتا پايدىلىنىلسا، ئەڭ يامان نەرسىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. كىتابتىن قانداق قىلغاندا لايىقىدا پايدىلانغىلى بولىدۇ؟ تۇرلۇك ئاماللارنى قىلىپ يەتكىلى بولىدىغان ئورتاق مەقسەت دېگەن نېمە؟ بۇ يەردە كىشىنى ئىلهاملاندۇرۇشتىن باشقا هېچقانداق مەقسەت بولمايدۇ. مەن كىتاب ئوقۇيمەن دەپ كىتابقا مەستانە بولۇپ، ئۆز يولىدىن تامامەن چەتنەپ، مۇستەقىل سىستېمىنى كىتابتا بايان قىلىنغان سۇنئىي هەمراهقا ئۆزگەرتىۋەتكەندىن كۆرە، كىتاب ئوقۇمىغان تۇزۇك، دەپ قارايمەن. دۇنيادا بىرىنچى دەرىجىلىك قىممەتكە ئىگە نەرسە پائال هەرىكەت قىلىدىغان روهتۇر. بۇنىڭغا هەر قانداق ئادەم ئېرىشىشكە هەقلىق، ئۇ هەممە ئادەمنىڭ ئورگانىزمىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، هەممە ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى توسالغۇغا ئۇچرىغان بولغاچقا، تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بولىدۇ. پائال هەرىكەت قىلىدىغان روھ مۇتلەق هەقىقەتنى كۆرەلەيدۇ، هەقىقەتتىن سۆز ئاچالايدۇ، هەقىقەتنى يارىتالايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق قىلالىسا، ئۇ تالانت ئىگىسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. تالانت تەڭرىقۇتقىلا خاس ئىمتىياز ئەمەس، بەلكى هەممە ئادەم ئىشلىتەلەيدىغان ئىشەنچلىك تەئەللۇقات. ئەمما بىر ئادەمنىڭ ئاللاتائالا ئاتا قىلغان قابىلىيىتى قانچە يۇقىرى بولسۇن، ئۇ ئىجاد قىلمىسا، ئاللاتائالانىڭ ھىممىتى بىكارغا كېتىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ كۆل ياكى ئىس - تۇتەك پەيدا قىلالايدۇكى، هەرگىز نۇر چاچالمايدۇ.

شۇبهىسىزكى، بىر خىل توغرا كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلى بار، ئۇ كىتابنى پۈتۈنلەي كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇندۇرىدۇ. ئوبدان تەپەككۇر قىلغۇچىلار هەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ قورالىغا باش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگمەيدۇ.

دەرۋەقە، بەزى كىتابلار ئەقىللىق كىشىلەر ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئوقۇشلۇقتۇر. تارىخ ۋە زىل پەنلەر قېتىرقىنىپ ئوقۇغاندىلا، ئاندىن ئىگىلىگىلى بولىدىغان پەنلەردۇر، شۇنىڭدەك ئالىي مەكتەپلەرنىڭمۇ كەم بولسا بولمايدىغان ۋەزىپىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاساسىي قائىدىلەرنى ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت، لېكىن ئۇ كۆچۈرمىچىلىكنى ئەمەس، ئىجادچانلىقنى مەقسەت قىلغاندىلا، تۇرلۇك تالانت ئىگىلىرىنىڭ دۇردانىلىرىنى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئۆزىنىڭ سېخى دەرسخانىسىغا مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ، ئەنە شۇنداق ئوبدان تاۋلانغان يالقۇن بىلەن ياشلارنىڭ قەلبىنى يورۇتالىغاندىلا، ئاندىن بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى خىزمەت قىلالايدۇ.

ئالىملارغا ھەرىكەت ھەممىدىن مۇھىم ئەمەس، بىراق كەم بولسا بولمايدۇ، ئالىملار ھەرىكەت قىلمىسا ئىنسانلار قاتارىغا قوشۇلالمايدۇ، ھەرىكەت قىلمىسا ئىدىيىسىنى مەڭگۈ ۋايىغا يەتكۈزەلمەيدۇ، ھەقىقەتكە ئايلاندۇرالمايدۇ. جاپالىق ئەمگەك، بالا - قازا، قەھر - غەزەپ ۋە يوقسۇللۇق بىزنى ناتىق ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك قىلىپ تەربىيىلەيدىغان ئوقۇتقۇچىدۇر. ھەقىقىي ئالىم بىرەر قېتىملىق ھەرىكەت قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىشكە كۆزى قىيمايدۇ. دۇرۇس، ئالىم پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى مۇۋاپىق ھەرىكەتكە سەرپ قىلالىسا، ئۇ ھالدا ئەقىل - پاراسەتنىڭ ناھايىتى مول شاپائىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

مەن بايا تەبىئەت، كىتاب ۋە ھەرىكەتنىڭ ئالىملارغا بولغان تەربىيىسى ھەققىدە توختالدىم، تۆۋەندە مەن ئالىملارنىڭ مەجبۇرىيىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ھەقىقىي ئىزدەنگۈچى ئالىمنىڭ مەجبۇرىيىتى ئېھتىمال

ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىشكە سىڭگەن بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ۋەزىيەتسى ھادىسە ئارقىلىق ماھىيەتنى كۆرسىتىپ بېرىش يولى بىلەن كىشىلەرگە ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى قوزغىتىش ھەم يېتەكلەش بولۇشى كېرەك. ئۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ بولىدىغان، ئاۋارە بولىدىغان، كىشىلەر ھۆرمەت قىلمايدىغان، ھەق بېرىلمەيدىغان كۆزىتىش ئارقىلىق تىرىشىپ مەشغۇل بولۇشى، شان - شەرەپ ۋە ئاتاق دېگەنلەرنى تەرك ئېتىشى لازىم. ئۇنىڭ تەييارلىقى ئۇچۇن ئۇزاق ۋاقىت كەتكەچكە، دائىم مودا بولۇۋاتقان سەنئەتنى چۈشەنمەيدىغان، بىلمەيدىغان ئەيىبلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. دە، بۇ ساھەدىكى قابىل كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىدۇ ۋە چەتكە قېقىلىدۇ، ھەتتا نامراتلىق ۋە يالغۇزلۇق ئازابىنى تارتىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇ جەمئىيەت، بولۇپمۇ تەربىيە كۆرگەن تەبىقىنىڭ رەقىبىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق زىيان ۋە كەمسىتىشلەرنى قانداق تۇگەتكىلى بولىدۇ؟ دېگەن سوئالغا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرىشى كېرەك. ئۇ شەخسىي مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ، ئىلغار ئىدىيىنى ئۆزىنىڭ نەپەس مەنبەسى ۋە تۇرمۇش بۇلىقى قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ دۇنيانىڭ كۆزى، دۇنيانىڭ يۈرىكى، ئۇ باتۇرلارغا خاس جاسارەت، ئالىي تەزكىرە، ياڭراق ناخشىلار ۋە تارىخنىڭ يەكۈنىنى ساقلىشى، تارقىتىشى، شۇ ئاساستا ئەخمىقانە، رەزىل، چۈشكۈن، ياۋايى ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرۇشى كېرەك.

بۇلار ئالىملارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىكەن، ئۇلار ئۆزىگە تامامەن ئىشىنىشى، ئۆرپ - ئادەت كۈچلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ئەدەپ - قائىدىلىرىگە ھەرگىز تېز پۈكمەسلىكى كېرەك. ئۇلار باشقا ئىشلار ئالدىدا راۋۇرۇس، قەتئىي تەمكىن

بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىدا مەھكەم تۇرۇشى كېرەك، ئۈزلۈكسىز كۆزىتىشى، كىشىلەرنىڭ كۆزگە ئىلماسلىقلىرىغا چىدىشى، ئەيىبلەشلىرىگە سەۋر - تاقەت قىلىشى، ئۆزىگە خاس پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك. بەزى نەرسىلەرنى ھەقىقەتەن رازىمەنلىكى بىلەن ئۇچراتقاندا شاد - خۇراملىققا چۆمۈشى كېرەك.

بارلىق گۈزەل ئەخلاق ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىشكە سىڭگەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئەركىن ۋە جۈرئەتلىك بولۇش كېرەك. ئالىملار ئەركىنلىككە تەبىر بېرىدىغان چاغدىمۇ ئەركىن بولۇشى كېرەك. جۈرئەتلىك بولۇش ھەقىقەتەنمۇ ئالىملارنىڭ مەجبۇرىيىتى، ئۇ قورقۇنچاقلىقنى تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، قورقۇنچاقلىق ئەزەلدىن بىلىمسىزلىك، نادانلىقتىن كېلىدۇ.

ئالىملار ھەققىدە بۇنداق ئابستراكت ئۇقۇملارنى يېپىدىن يىغىنسىغىنچە سۆزلەپ، ئېھتىمال ھەممەيلەننى بىزار قىلىۋەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن. ئەمدى مەن بۈگۈنكى دەۋر بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى قىسقىراق سۆزلەي.

مەن كەلگۈسى قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ ئالامەتلىرىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈۋاتىمەن، بۇ ئالامەتلەر شېئىر، سەنئەت، پەلسەپە، ئىلىم - پەن، چېركاۋ ۋە دۆلەتنىڭ رولى بىلەن نۇر چاقنىماقتا.

بۇ ئالامەتلەرنىڭ بىرى — «ئەڭ تۆۋەن تەبىقە» دىكىلەرنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەرىكىتى ھازىرمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئارقىلىق ئىنتايىن روشەن، مۇلايىم شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەنمەكتە. كىشىلەر ئەڭ ئالىي، خىسلەتلىك ۋەقەلەرنى ئەمەس، بەلكى ئۆز يېنىدىكى ئەڭ ئاددىي، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قازماقتا ۋە مەدھىيىلىمەكتە. نامراتلار سەنئىتى، بالىلار ھېسسىياتى، كوچىلاردىكى پەلسەپە، ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ

لــەززىــتــى دەۋرنىــڭ باش تېمىسىغا ئايلانماقتا. كىشىلەر ئۆز يېنىدىكى شەيئىنىڭ گۈزەللىكى ۋە كارامىتىنىڭ يىراقتىكىلەردىن قىلىشمايدىغانلىقىنى، يېقىندىكى شەيئىنىڭ يىراقتىكى شەيئىنى چۈشــەنــدۈرەلــەيدىغانلىقىنى، بىر تامچە سۇنىڭمۇ بىر كىچىك دېڭىزنى ھاسىل قىلالايدىغانلىقىنى، بىر شەيئىنىڭ پۈتۈن تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى سەزمەكتە.

دەۋرىمىزنىڭ يەنە بىر خىل ئــالامىتى — شەخسىنىڭ ئورنى تــېــخــىــمــۇ مۇھىم بولماقتا. ھەر بىر ئادەم دۇنيانىڭ ئۆزىگە مەنسۇپلىقىنى ھېس قىلماقتا، ھەر بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە خــۇددى بــىــر ھــوقۇقلۇق دۆلەت يەنە بىر ھوقۇقلۇق دۆلەتكە مــۇئامــىــلــە قــىلغاندەك مۇئامىلە قىلماقتا. ئالىملار ھازىرقى جــەمــئــىــيەتنىڭ قابىلىيەت، ئۆتمۈشتىكى تۆھپە، كەلگۈسىگە بــولــغــان ئــۈمــىــدنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈشى، ئۇلار قامۇس بــولــۇشــى، تــېــخىمۇ مۇھىمى ئاچچىق ساۋاقتا قولاق سېلىشى كېرەك. بۇ جاھان ھەممىگە قادىر ئەمەس، ئادەم ھەممىگە قادىر، پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قانۇنىيىتى سېنىڭ قەلبىڭدە، سەن ھــەمــمــىــنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇ ھالدا ھەممىنى ئۈستۈڭگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىشىڭ كېرەك.

ئــۈيــۈشــمــا بــاشــلــىقى ئەپەندى. ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، جامائەتچىلىكنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكى تۈپەيلىدىن، بىز نــەپــەس ئــالــىدىغان ساپ ھاۋا تولا بۇلغىنىپ كەتتى. بىزنىڭ ئــالــىملىرىمىز ھېلىغىچە نازاكەتلىك، ئېزىلەڭگۈ، مۇلايىم ۋە ئىنائەتچان بولماقتا، بۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر كىشىلەرنىڭ كــۆزىــگە چېلىقماقتا. ھازىر دۆلىتىمىزدە تەلىم - تەربىيىنىڭ نىشانى تۆۋەن، نەتىجىدە ئۆزىنى ئۆزى چىرىتىۋاتىدۇ. قائىدە - يــوسۇنــلــۇق، مــۇلايــىــم، ئــىــنائەتچان، ئەدەپ - ئىكراملىق

www.uyghurkitap.com

كىشىلەردىن باشقىلار خىزمەت تاپالمايدۇ. دۆلىتىمىز تۇپرىقىدا ياشاۋاتقان ئەڭ ئۇمىدلىك ياشلىرىمىز تاغ شامىلىدەك كۆرەڭلىمەكتە. تەڭرىنىڭ بەخت يۇلتۇزى ئۆز نۇرىنى چېچىپ ئۇلارنى ۋال - ۋۇل پارقىراتماقتا. لېكىن ئۇلار زېمىن بىلەن بارلىق گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايۋاتقانلىقىنى بايقىماقتا. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى كىشىنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدىغان سودا - تىجارەت تەرىپىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىنماقتا. نەتىجىدە، ئۇلار ياكى مەدىكار بولۇپ ئىشلىمەكتە ياكى كىشىنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدىغان مۆھىتتا غايىپ بولماقتا، بەزىلەر ھەتتا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشماقتا. ئۇلار تولۇپ تاشقان ئۈمىد بىلەن ھەر خىل توسالغۇلار ئالدىدا نەتىجە قازىنىش ئىشەنچىسىنى يوقاتماي تۇرغان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ياشلارمۇ بىر ئادەم پەقەت ئېگىلمەي - سۇنماي ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرەلىسە، بۇ كەڭ ئالەم ئۆزىگە يول بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. سەۋر - تاقەتلىك بولۇڭلار، بارلىق سەمىمىي، ئۇلۇغ ئىنسانلار سىلەرگە پاسىبان ھەم ھەمراھ بولماقتا، كەڭ تۇرمۇش مەنزىلى سىلەرگە پاسىبان ھەم ھەمراھ بولماقتا، كەڭ تۇرمۇش مەنزىلى سىلەرگە تەسەللىي ھەم مەدەت بېرىدۇ. سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار قائىدىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە تارقىتىش، مۇشۇنداق قابىلىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش، بۇ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. بۇرادەرلەر، دوستلار، بىز ئۆز پۈتىمىز بىلەن ماڭايلى، ئۆز قولىمىز بىلەن ئىشلەيلى، ئۆزىمىزنىڭ قاراشلىرىمىزنى سۆزلەيلى، چىن ئىنسان دۆلىتى دۇنيادا تۇنجى رەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى پەرۋەردىگارىمىز چىن ئىنسانغا ئىلھام ئاتا قىلدى.

# فرىدرىخ نىتسې (1844 — 1900)

فرىدرىخ نىتسې گېرمانىيىنىڭ ئىدېئالىستىك پەيلاسوپى، ئىرادىچىلىك تەرەپدارى، ئۇنىڭ ئىدىيىسى يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان مونوپول بۇرژۇئازىيىنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇرگەن، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئەركىن بۇرژۇئازىيىنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنى كونا قائىدىلەرگە يېپىشىۋالىدىغان، ئەپلەپ - سەپلەپ جان بېقىشنىڭلا كويىدا يۈرۈيدىغان «چاكىنىلار» دەپ ئاتىغان. ئۇ ئەقلىيىچىلىك، خرىستىئان دىنى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغۇچى ھەم كۈندىن - كۈنگە زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان غەرب مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، «بارلىق قىممەتلەرنى يېڭىۋاشتىن بەلگىلەش»، يېڭى قىممەت يارىتىش زۆرۈر دەپ قارىغان. سۇبيېكتىپ جەڭگىۋارلىقنى ۋە تۇرمۇشقا نىسبەتەن «مۇئەييەنلەشتۈرۈش» پوزىتسىيىسىنى تەشەببۇس قىلغان. تەدرىجىي تەرەققىيات ھوقۇق ئىرادىسىنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش جەريانى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى - ھوقۇقنى جارى قىلدۇرۇشتىن، «ئۆزىنى زورايتىش» تىن ئىبارەت دېگەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. نىتسې بوئىن ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تېئولوگىيە ۋە كلاسسىك پەلسەپە ئۆگەنگەن، كېيىن ئۇزاق مۇددەت شۋېتسارىيە بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىدا كلاسسىك پەلسەپە پروفېسسورى بولغان. يۇنان، رىم نۇتۇق سەنئىتىنى ئوبدان ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ «پاجىئەلىك تۇغۇلۇش» ، «زارائاستىر تەلىماتى» ، «ياخشىلىق يامانلىقنىڭ قارشى قىرغىقى» ، «ئەخلاق شەجەرىسى» قاتارلىق ئاساسلىق ئەسەرلىرى بار. «تەقدىر ۋە تارىخ» نۇتۇقىنى نىتسې 1872 - يىلى باھاردا دوستلىرى بىلەن بىللە قۇرغان «گېرمانىيە» ئەدەبىيات ئۇيۇشمىسى يىغىنىدا بايان قىلغان. ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بايان قىلغان نۇتۇقىنىڭ مەنتىقىلىققە بايلىقى، دىئالېكتىكىلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئۇنىڭ ماھىر ناتىقلىق ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# تەقدىر ۋە تارىخ

1862 - يىل باھار

ئەگەر بىز ھېچقانداق دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىمىغان ئەركىنلىك نەزەرى بىلەن خرىستىئان دىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆتمۇشىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئادەتتىكى قاراشلارغا خىلاپ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز تۇرغان گەپ. بىراق، بىز بوۋاق ۋاقتىمىزدىن تارتىپلا ئادەت ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئېلىنغان، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمىزدىكى تەسىراتلار روھىمىزنى بىر خىل قاتماللىققا مۇپتىلا قىلغان ۋە بىزنىڭ تۇغما مىجەزىمىزنى پەيدا قىلغان. شۇڭا بىز ئېخىمۇ ئەركىن بولغان بىر خىل كۆز قاراشنى تاللىۋېلىپ، دىن ۋە كاتولىك دىنىغا خالىس ۋە دەۋرگە مۇۋاپىق باھا بېرىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا قارا يۇزلۈك قىلغان بولىمىز.

مۇشۇنداق باھانى ئوتتۇرىغا قويۇش بىر قانچە ھەپتىلىك ئىش بولماستىن، بەلكى ئۆمۈرلۈك ئىش.

چۈنكى، بىز ياشلار مىڭبىر تەسلىكتە ئويلاپ تاپقان مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز بىلەن 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە نوپۇزنى ۋە ھەر قايسى دەۋرلەردىكى تەقۋادار ئۆلىمالار تۈزۈپ چىققان مۇقەددەس قائىدىلەرنى قانداقمۇ بۇزۇۋېتەلەيمىز؟ بىز ساددا خىيال ۋە ئېخى خام ئويلىرىمىز بىلەن دىنىنىڭ دۇنيا تارىخىغا ئېلىپ كەلگەن پىغان - ھەسرىتى ۋە مۇشكۈلاتلىرىغا پىسەنت قىلماي تۇرالايمىزمۇ؟

نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى دە تالاش تۈگىمىگەن پەلسەپە

تۇگۇنلىرىنى ھەل قىلماقچى بولساق، خالىغانچە ئەسكىلىك قىلغان بولىمىز. تەقۋادار ئۆلىمالارنىڭ ئېتىقادىغا ئەگەشكۈچىلەرنى چىن ئىنسان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش كۆز قارىشىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، تەبىئىي پەن بىلەن پەلسەپىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ، تەبىئىي پەن بىلەن پەلسەپىنى بىرلەشتۈرمەكچى بولساق، شۇنداقلا تەبىئىي پەن ۋە تارىخ پەنلىرىدىن بىر خىل ئەمەلىي سىستېمىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولساق، ئۆزىمىزنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقان بولىمىز.

ھەم كومپاس، ھەم يول باشلىغۇچى يوق تۇرۇقلۇق، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، شۈبھىلىك دېڭىزغا قاراپ ماڭماقچى بولۇۋاتىمىز، بۇ تازا ھاماقەتلىك، كاللىسى تەرەققىي تاپمىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىشىدىن ئىبارەت. ئۇنداقتا مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەرنى دېڭىز دولقۇنى ئېقىتىپ كېتىدۇ، ئاز ساندىكى ئادەملەرلا يېڭى قۇرۇقلۇقنى بايقايدۇ. ئۇ چاغدا كىشىلەر كۆز يەتكۈسىز خىيال دېڭىزىدا چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ ۋە بىھۇدە خىياللار ئىلكىدە تارىخ ۋە تەبىئىي پەنلەرگە بولغان قىزىقىش ھېسسىياتى قەلبىمىزنى چىرمىۋالىدۇ.

تارىخ ۋە تەبىئىي پەن بىزگە ئىلگىرىكى زامانلاردىن قالغان ئاجايىپ بايلىق، كەلگۈسىدە بىز ئېرىشىدىغان گۆھەردىن بېشارەت بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇختا، ئۆزگىچە مۇنار سېلىشنىڭ ئاساسىنى ھاسىل قىلدى.

مەن بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ھاسىل بولغان پۈتكۈل پەلسەپىنى بابىل، ئاسورىيە قۇببە مۇنارلىرىغا ئوخشاش شۇنچە ھەيۋەتلىك تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن. كۆك ئۆزرە بۇلۇت قۇچۇش بارلىق بۈيۈك ئىستەكلەرنىڭ نىشانىسىدۇر؛ ئىنسانلار ئارىسىدىكى

جەننەت قاچان مۇشۇنداق بولمىغان. ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى ئۇمىدسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئەگەر ئاۋام خەلق پۈتكۈل خىرىستىئان دىنىنىڭ پەرەز ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسا، جەزمەن كاتتا ئۆزگىرىش بولغان بولاتتى؛ تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغانلىقى، ئىنجىلنىڭ نوپۇزى، روھ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك بىر مەسىلىگە ئايلانغان بولاتتى. مەن ئىلگىرى ھەممىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باققانىدىم: بۇزۇپ مالىماتاڭ قىلىش بەكمۇ ئاسان، لېكىن يېڭىدىن قۇرۇش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس. بىراق، ئۆزىنى گۇمران قىلىش بەكمۇ ئاسان؛ بالىلىق دەۋرىمىزدىكى تەسىراتلار، ئاتا - ئانىمىزنىڭ تەسىرى، ئۇلارنىڭ سىڭدۈرگەن تەربىيىلىرى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قېتىغا ئورنىغان، ئۇلارنى ۋە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بىتەرەپلىمىلىك ۋە ساپ ئىرادىنى چىقىرىپ تاشلاش ئانچە ئاسان ئەمەس. ئادەت كۈچلىرى، ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى تەلەپلەر، جۈملىدىن بارلىق مەۋجۇدىيەت بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ، بارلىق ئىجتىمائىي شەكىللەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا ئىنسانىيەت ئاچا يولدا تېڭىرقاپ يۈرگەن 2000 يىلدىن بۇيانقى ئەندىشە قىلىش، ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقانلىقىنى ھېس قىلىش، يەنى يېڭىش - يېڭىلىش تېخى ھەل بولمىغان بىر مەيدان قانلىق كۆرەش، ئاشۇ ئاچچىق ساۋاق ۋە پاجىئەلىك ۋەقەلەر ئاخىر بىزدە بالىلىق دەۋردىكى كونا ئېتىقاد ئوتىنى قايتىدىن تۇتاشتۇرىدۇ. بىراق، بۇنداق ئەندىشىلەرنىڭ ھېسسىياتقا كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆزىتىش ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى بولىدۇ. مەلۇم بىر نەرسىدىن ئۆزگە، يەنى ئاشۇ خىياللار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتتىن باشقا

نەرسىلەرنىڭ قەلبتە ئورۇنلىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ ھەمىشە بىلىم بولۇشى ناتايىن، ئېھتىمال بىر خىل ئېتىقاد، ھەتتا تۇرۇپ - تۇرۇپ پارتلاپ چىقىدىغان ياكى ھېسسىياتى كونترول قىلىنغان بىر خىل ئەخلاق بولۇشى مۇمكىن.

ئۆرپ - ئادەت بىر دەۋر، بىر مىللەت ياكى بىر خىل پىكىر ئېقىمىنىڭ مەھسۇلى بولغىنىدەك، ئەخلاق ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. ئەخلاق بىز ياشاۋاتقان ئەسىردىكى بارلىق ھەقىقەتنىڭ يىغىندىسى. چەكسىز ئالەمدە، ئەخلاق ئېھتىمال پەقەت دەۋرىمىزدىكى بىر خىل پىكىر ئېقىمى قالدۇرغان ئاسارەت بولۇشى مۇمكىن. ئېھتىمال ھەر قايسى زامانلاردىكى پۈتكۈل ھەقىقەت نەتىجىسى بىيىپ مەزمۇنغا باي ئومۇمىي ھەقىقەتكە ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن! ئەمما، ئىنسانلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم سىنىپ، ئادەتتىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋرنىڭ ئۆزىمۇ-ئەمەسمۇ، ياكى بولمىسا تەگرىنىڭ قىياسەن ئوبرازىمۇ-ئەمەسمۇ؟ ئۇنى تېخى بىلمەيمىز. ئىنسانلار بەلكى تاش - تۇپراق، ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانلاردىن ئىبارەت ۋاسىتە ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئىنسان زادى توققۇزى تەل بولۇپ ۋايىغا يەتكەنمىدۇ؟ ئۇ تارىختىن ئۆزىنى پىنھان قىلغانمىدۇ؟ بۇنداق ئايىغى تۈگىمەس تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئاخىرقى چېكى مەڭگۈ يوقمىدۇ؟ بۇ غايەت زور سائەتنىڭ پۇرژىنىسى زادى قانداق نەرسە؟ پۇرژىنا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، لېكىن ئۇ بىز تارىخ دەپ ئاتىغان غايەت زور سائەتنىڭ پۇرژىنىسى، سائەتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى چوڭ ۋەقەلەرنى كۆرسىتىدۇ، سائەت ئىسترېلكىسى بىر سائەت - بىر سائەتتىن توختىماي ھەرىكەت قىلىدۇ، سائەت 12 بولغاندىن كېيىن، ئۇ

يېڭى سەپىرىنى باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ يېڭى دەۋرى باشلىنىدۇ.

ئىنسان پۈرژىنىغا ئوخشاش مېھرىبانلىق بۇرچىنى زىممىسىگە ئالالامسۇ؟ (مۇشۇنداق ئىككى جەھەتتە ئوخشاش مۇرەسسە قىلغىلى بولاتتى) ياكى ئەڭ زور مەنپەئەت ۋە ئەڭ زور پىلان بىلەن پۇتكۇل گەۋدىنى قوزغىيالامسۇ؟ ئىنسان بۇ يەردە ۋاسىتىمۇ ياكى مەقسەتمۇ؟

بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە، ئىنسان بۇ يەردە مەقسەت، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئەمما ئۇنداق ئۆزگىرىش مەزگىل، ۋاقىتلارغا ئايرىلغان بولىدۇ. بىز ئەڭ زور پىلانىنى قانداق كۆرەلەيمىز؟ بىز پەقەت ئىدىيىمىز قانداق قىلىپ بىر مەنبەدىن كېلىدۇ، قانداق قىلىپ مېھرىبانلىق ئىچىدە شەكىللىنىدۇ، قانداق قىلىپ سىرتنىڭ تەسىرى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ؛ قانداق قىلىپ تەن بىلەن جانغا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ ئۇ قانداق قىلىپ بىلىمگە، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ۋە ئەل - جامائەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىدۇ؛ مەڭگۈلۈك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى قانداق قىلىپ ئىدىيىنى خام ماتېرىيال پىتىدە پىششىقلاپ ئىشلەپ يېڭى ئىدىيىگە ئايلاندۇرىدۇ؛ ئىدىيە ھاياتنى قانداق قىلىپ يارىتىدۇ، تارىخنى قانداق بويسۇندۇرىدۇ؛ ئىدىيە قانداق قىلىپ كۈرەش داۋامىدا بىر - بىرىگە قول - قانات بولۇپ، شۇ قەدەر مۇرەككەپ ئارىلاشما ئىچىدىن يېڭى شەكىلدە مەيدانغا چىقىدۇ، دېگەن مەسىلىلەرنىلا كۆرەلەيدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش دولقۇنلىرى بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ، داغدۇغا بىلەن پايانسىز دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ.

بارلىق نەرسىلەر ئۆزئارا ئايلىنىپ، سان - ساناقسىز غايەت زور چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ، بارغانسېرى كېڭىيىدۇ. ئىنسان

ئاشۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەمبىرەكتۇر. ئىنسانلار ئەگەر تاشقى چەمبىرەكلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى مۆلچەرلىمەكچى بولسا، ئۇ ھالدا، ئۆزىنى ۋە يېنىدا ھەمراھ بولۇۋاتقان باشقا چەمبىرەكلەرنى تېخىمۇ ئابستراكتلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ چوڭ چەمبىرەككە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ئىنسانلارنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇۋاتقان چەمبىرەك دەل مىللەت تارىخى، جەمئىيەت تارىخى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدۇر. بارلىق چەمبىرەكلەرگە ئورتاق مەركەزنى، يەنى چەكسىز كىچىك چەمبىرەكنى تېپىش تەبىئىي پەننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. چۈنكى ئىنسانلار ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنىڭ ھېلىقى مەركىزىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. شۇڭا ھازىر بىز تارىخ بىلەن تەبىئىي پەننىڭ بىزدىكى بىردىنبىر چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

دۇنيا تارىخىنىڭ چەمبىرەكلىرى ئىنسانلارنى تۇرتۇپ ماڭغاندا، شەخسنىڭ ئىرادىسى بىلەن پۈتكۈل ئىرادە ئوتتۇرىسىدا كۆرەش بولىدۇ. بۇ كۆرەشكە ئەگىشىپ شەخسنىڭ مىللەتكە، مىللەتنىڭ ئىنسانىيەتكە، ئىنسانىيەتنىڭ ھوقۇقىغا بولغان ئىنتايىن مۇھىم تۇيغۇنچىلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلايدۇ، بۇ كۆرەشكە ئەگىشىپ تەقدىر بىلەن تارىخ ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى مۇناسىۋەتمۇ ئاشكارىلىنىپ بارىدۇ.

ئىنسانلار پۈتكۈل تارىخ ھەققىدىكى ئەڭ مۇپەسسەل بىلىمگە ئىگە بولالمايدۇ. ئۇلۇغ تارىخشۇناسلار بىلەن ئۇلۇغ پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمالاردۇر، چۈنكى ئۇلار ئىچكى چەمبەر تۇيپىدىن ئايلىنىپ سىرتقى چەمبىرەككە چىققان. تەقدىرنىڭ ماكانى تېخى كاپالەتكە ئېرىشكىنى يوق، ئەگەر ئايرىم ياكى پۈتۈن ھوقۇقنى چۈشىنىمىز دەيدىكەنمىز، ئىنسانلار تۇرمۇشىنى كۆزىتىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى نېمە بەلگىلەيدۇ؟ بىزنى تۇرتۇپ ئالغا باستۇرغان ۋەقەلەرگە تەشەككۇر ئېيتىشىمىز زۆرۈرمۇ؟ بىزنىڭ تۇغما تالانتىمىز باشقا بارلىق ۋەقەلەرگە ئوخشاش ئۆزىنى كۆرسىتەلمەسمۇ؟ خاسلىق ئەينىكىمىزدە ئەكس ئەتكەن بارلىق نەرسىلەر بىزگە تاقابىل تۇرۇۋاتامدۇ؟ ھەر قايسى ۋەقەلەر بىزنىڭ ئەۋزەللىكىمىز ۋە كەمچىلىكلىرىمىزگە تۇغما مىجەزىمىزدىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىۋاتامدۇ؟ نېمىرسون بىزگە ئەقىل - پاراسەتلىك دوختۇردىن: تۇغما مىجەز قانچىلىك نەرسىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ رول ئويناپدىغانلىقىنى، قانچىلىك نەرسىگە نىسبەتەن پەقەتلا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمايدىغانلىقىنى سوراپ بېقىڭلار، دېگەن ئەمەسمۇ؟

تۇغما مىجەزىمىز بىز باشتىن كەچۈرگەن ئىشلارنى ۋە ھەر خىل ۋەقەلەر بىزگە قالدۇرغان جاراھەت ئىزلىرىنى ناھايىتى ئېنىق نامايان قىلىپ بېرىدۇ. زادى قانداق نەرسە شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇچقۇر خىياللارنىڭ پەلەك ئۇزرە پەرۋاز قىلىشىنى توستى؟ ئۇنداق قىلغانلار تەقدىرگە تەن بېرىدىغان تەن بىلەن باشنىڭ بىرىكمىسى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ جىسمى ۋە مىجەزى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىك سەرگۈزەشتىلىرى، ئۇلارنىڭ ياشىغان مۇھىتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ زېرىككۈچىلىك يۇرتلىرىدىن ئىبارەت. بىز ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدۇق، ئۆزىمىزدە تاقابىل تۇرغۇدەك ماغدۇر يوق، بىز ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىمىزنى تونۇپ يەتمىدۇق. بۇ كىشىنى ھەسرەتكە سالىدىغان يېغان: ھېچبىر غەرەزسىزلا سىرتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش داۋامىدا ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقاتتۇق؛ نەتىجىدە، ئادەت كۈچلىرى قەلبىمىزدىكى مادارىمىزنى يەنچىۋەتتى، ئىرادىمىزگە خىلابەن

قەلبىمىزدە قالايمىقانچىلىقنىڭ ئۇرۇقلىرى بىخ سۇردى.

مىللىتىمىزنىڭ تارىخىدىن بۇ نەرسىلەرنى شۇنچە كەڭ بايقىدۇق، كۆپلىگەن مىللەتلەر مۇشۇ تەرىنزدىكى ئىشلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

شۇڭا، مەلۇم بىر ئالاھىدە دۆلەت شەكلى ياكى جەمئىيەت شەكلىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ كىلىش بىر خىل چاكىنا ئۇسۇلدۇر. بارلىق ئىجتىمائىي پىكىرلەر ئاشۇنداق خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق: بىر ئادەم مەڭگۈ ئۆز ئەكسىگە كېلەلمەيدۇ؛ قۇدرەتلىك ئىرادە ئارقىلىق ئۆتكەنكى پۈتۈن دۇنيانى ھالاك قىلىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلسا، بىر مۇقەددەس مۇستەقىللىق قاتارىغا دەرھال كىرىشىمىز مۇمكىن. ئۇ ھالدا، دۇنيا تارىخى بىزنى خىيالەن چۆچەكتەك غەپلەتكە گىرىپتار قىلىپ قويۇشى مۇمكىن؛ پەردە چۈشۈپ بولغاندىمۇ ئىنسانلار ئۆزىمىزنى گويا تاشقى دۇنيادىكىلەر بىلەن ئويناۋاتقان، قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەندە قاباھەتلىك چۈشىنى ئۇنتۇپ كېتىپ، شاد - خۇراملىقتا چۆمگەن سەبىي باللاردەك ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن.

ئەركىن ئىرادىگە ھېچ نەرسە كار قىلمايدۇ، ئۇ ئۆزى خالىغاننى قىلىدۇ، ئۇ چەكسىز ئەركىن، بەخىرامان ئەگىپ يۈرۈيدۇ، بۇ دەل روھنىڭ ئۆزىدۇر. ئەگەر بىز دۇنيا تارىخىنىڭ خىيالپەرەسلىك خاتالىقىنى سادىر قىلغانلىقىغا، ئىنسانىيەتنىڭ قاتتىق ئازابلىنىشىنىڭ خىيالىي سەزگۈ ئىكەنلىكىگە، ئۆزىمىزنىڭ خىيالىي ئويۇنچۇق ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەنمەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا تەقدىر بىر خىل مۇقەررەرلىكتىن ئىبارەت بولىدۇ. تەقدىر ئەركىن ئىرادىگە تاقابىل تۇرىدىغان تەڭداشسىز كۈچ. خۇددى روھى بولمىغان جىسمانىيەتنى، يامانلىقتىن

www.uyghurkitap.com

ياخشىلىقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك، تەقدىرنىڭ ئەركىن ئىرادىسى يوقلۇقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. قارىمۇ قارشى تەرەپ بولغاندىلا، ئاندىن ئالاھىدىلىك بولىدۇ.

تەقدىر «ھەر قانداق ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئۆزى بەلگىلەيدۇ» دېگەن پرىنسىپنى تەكرار تەشۋىق قىلىدۇ. ئەگەر بۇ بىردىنبىر ھەققانىي پرىنسىپ بولىدىكەن، ئۇھالدا، ئادەم ئاستىراتىنىن رول ئويناۋاتقان كۈچنىڭ ئويۇنچۇقى، ئۇ ھېچقاچان ئۆز خاتالىقلىرىغا جاۋابكار بولمايدۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئەخلاقىي پەرق يوق. ئۇ زەنجىردە كەم بولسا بولمايدىغان ھالقا. ئەگەر ئۇ ئۆز - ئۆزىنى كۆرەلمىسە، پۇت - قوللىرى چۈشەلگەن ئەھۋالدا جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق بىلدۈرمىسە، كۈچلۈك غەيرەت - شىجائەت بىلەن بۇ دۇنيانى مالىمان قىلىش ۋە بۇ دۇنيانىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تۈزۈلمىسىنى بۇزۇۋېتىش تەلىپى بولمىسا، ئۇ ھالدا، ئىنتايىن بەختلىك بولغان بولىدۇ.

روھ خۇددى چەكسىز، كىچىك شەيئى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ مۇرەككەپ تەرەققىياتىدىن ھاسىل بولغىنىدەك، ئەركىن ئىرادىمۇ ئېھتىمال تەقدىرنىڭ ئەڭ زور يوشۇرۇن كۈچى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىز ماددىدىن ئىبارەت بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چەكسىز كېڭەيتىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، دۇنيا تارىخى ماددىنىڭ تارىخىدىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئەڭ ئالىي پرىنسىپ مەۋجۇت، ئەڭ ئالىي پرىنسىپ ئالدىدا بارلىق پەرقلەر ئەڭ زور بىر پۈتۈن گەۋدىگە يىغىلماي قالمايدۇ. ئەڭ ئالىي پرىنسىپ ئالدىدا بارلىق نەرسىلەر تەرەققىي قىلىدۇ، بەلكى بالداقمۇ بالداق ئۆرلەپ تەرەققىي قىلىدۇ، بارلىق نەرسىلەر كۆز يەتكۈسىز دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ، ئۇ يەردە دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ بارلىق پىشاڭلىرى يېڭىۋاشتىن يىغىلىپ بىرلىشىدۇ، ئۇيۇشۇپ بىر پۈتۈن گەۋدىنى ھاسىل قىلىدۇ.

# ۋالت ختمان (1819 — 1892)

ۋالت ختمان ئامېرىكا شائىرى، نيۇ يوركتا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1836 ــ ~ 1841 ــ يىللىرى سەييارە ئوقۇتقۇچى بولغان، 1846 ــ 1848 ــ يىلىغىچە بىر دىكلىنىدىكى «بۇركوت گېزىتى» دە مۇھەررىر بولغان، كېيىن «شەھەر يۇقىرالىرى گېزىتى» دە مۇھەررىر بولغان، 1857 ــ ~ 1859 ــ يىلىغىچە «دەۋر» گېزىتىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى «گۈل ــ گىياھلار توپلىمى» 1855 ــ يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭى شېئىرلىرى تولۇقلانغان ھالدا ئۈزلۈكسىز نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، جانلىق، قايناق، ماتېرىيال دائىرىسى كەڭ، يېڭى شەكىللەر ئارقىلىق دېموكراتىك ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ياۋروپا، ئامېرىكا شېئىرىيىتى تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ «لىنكولىنىنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق نۇتقى لىنكولىن ۋاپاتىنىڭ 25 يىللىقىغا بېغىشلانغان تەزىيە تۇسىدىكى نۇتۇق بولۇپ، لىنكولىنىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى بىر قانچە نۇتقى ئىچىدە ئەڭ تەسىرلىك چىققانلىرىدىن بىرى.

## لىنكولىنىنىڭ ئۆلۈمى

1890 ــ يىل 4 ــ ئاي

بۈگۈن كەچتە 45 مىنۇت سۆزلەيدىغان نۇتقىم، لىنكولىنىنىڭ ئۆلۈمى، ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئاخىر قانداق قىلىپ ئامېرىكىغا تارقالدى، دېگەن مەسىلە توغرۇلۇق بولىدۇ. مەن سىلەرگە يېڭى نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرەلمەيمەن؛ مەن بۇ يەردە

www.uyghurkitap.com

تامامەن بۇ پەيتنى ۋە ئۇنىڭ مەردلەرچە قۇربان بولغان ۋاقتىنى خاتىرىلەشنى ئۈمىد قىلىمەن. دەۋر چاقى چۆرگىلەپ ئاخىر بۇ دەقىقىگە كەلتۈردى، ۋاقىت قانچە قىسقا بولسىمۇ، ئۇنى خاتىرىلەيلى، مەن مۇنداق ئويلايمەن: مەن ئۆلۈپ كەتكىچە ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ياكى 15 - كۈنى كەلسە، بىر قانچە دوستلىرىمنى جەم قىلىپ ئېچىنىشلىق ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلىمەكچىمەن.

ئۇ كۈنى — 1865 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى پۈتۈن دۆلەت ئۇچۇن ئېيتقاندا شاد - خۇراملىق كۈن ئىدى، ھەممەيلەن شادلىققا چۆمۈلگەنىدۇق. ئۆزۈڭلەردىن بىرى پايلاپ تۇرغان بوران - چاپقۇن ھەش - پەش دېگۈچە كۆڭۈلنى بىئارام قىلغان، لېكىن قېرىنداشلار چىداشلىق بېرىپ تومۇرلىرىدا ساپ قان ئاققۇزغان ئاخىر ئەنسىزلىك ۋە بىخۇدلۇق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ھەممىگە خاتىمە بېرىلگەنىدى، مۇتلەق مىللىي غەلىبە شەرقتىن قىزىل قۇياشنى كۆرسەتكەنىدى، قۇرۇق سەپسەتچىلەر ئۇزۇل - كېسىل گۇمران بولغانىدى. بىز ھەقىقەتەن ئۆز قولىمىزغا ئىشەنمەي قالدۇق. لىرول ئاپىما توگلىس ① ئالمىندارلىقدا تەسلىم بولدى، باشقا قوشۇن ۋە ئىسيان كۆتۈرگەن قىسمىنىڭ ياردەمچىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تېزلا تەسلىم بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى زادى مۇمكىنمىدى؟ بۇ دۇنيادىكى ئىشلاردا بەختسىزلىك، مەغلۇبىيەت ۋە قالايمىقانچىلىقتا ئىشەنچلىك، توغرا پىلان ۋە تەگرى بەرگەن يورۇقلۇقتەك توغرا رەھبەرلىك بولىدۇ، دېگىلى بولامتى؟ شۇڭا

---

① ۋېرگىنىيە شتاتىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، گېنېرال لىرول بۇ يەردە گېنېرال گرانتقا تەسلىم بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلاشقان (1865 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى).

مەن بۇ كۈننى ساخاۋەتلىك كۈن، دەيمەن. بالدۇر كۆكلىگەن ئوت - چۆپلەر ۋە بالدۇر ئېچىلىدىغان گۈللەر كۆزگە تاشلىناتتى (مەن ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغان، پەسىللەرمۇ بۇرۇن كېلىپ، قەلەمپۇرلار ئېچىلىپ كەتكەنىدى). ئويلىمىغان يەردىن بىر خىل كىلىشمەسلىك يۈز بېرىدىغان ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇشىنى تېزلەتتى. بۇ گۈلنى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئۆتكۈر ھىدى بۇرنۇمغا پۇرىغان هامان، مەن ھەمىشە شۇ كۈندىكى زور پاجىئەنى ① ئەسلەيمەن.

ئەمما مەن مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى كۆپ سۆزلىمەسلىكىم كېرەك ئىدى، بۇ چوڭ ۋەقە يۈز بېرىش ئالدىدا تۇراتتى، ۋاشىنگتوندىكى كەچلىك گېزىت، «گۈگۈم ۋاقتى گېزىتى» نىڭ ئۈچىنچى بېتىگە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

ھەتتا ئۇ ھەر خىل ئېلانلار ئارىسىغا ئىنتايىن ئوچۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇنداق خەۋەرلەر ھەر خىل جايلاردا بېرىلگەنىدى. زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى بۈگۈن كەچتە تىياتىر كۆرىدۇ.... (لىنكولىن تىياتىرنى ياخشى كۆرەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ تىياتىر كۆرگەنلىكىنى بىر قانچە قېتىم كۆرگەنىدىم. بەزى ئىشلارنى ئەسلىسەم كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ، چۈنكى نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان كەم ئۇچرايدىغان ھەقىقىي تارىخىي سەھنىلەردە، بوران - چاپقۇنلۇق درامىلاردا بەزى جەھەتتىن ئاساسىي روللارنى ئويناپ چىققان شەخس ئۇ يەردە بېرىلىپ بارلىق زېھنى بىلەن ئويۇن كۆرۈۋاتاتتى. ھەتتا بەزىدە ئۇلارنىڭ قىلىقسىز ھەرىكەتلىرىنى، ئەقىلگە سىغمايدىغان مەنىۋى ھەرىكەتلىرىنى ۋە مۇبالىغە سۆزلىرىنى شۇنداق ئوخشىتىپ دورايتتى.

① خىستمانىڭ «يېقىندا ئالدىنقى ھويلىدا قەلەمپۇر ئېچىلغان چاغدا» ناملىق مەشھۇر داستانىغا قاراڭ.

بۇ قېتىم تىياتىرخانىغا ئادەم كۆپ كەلگەچكە، زال گۈزەل تۆرىچە كىيىم كىيگەن ساھىبجامال خانىم - قىزلار، دەبدەبىلىك ھەربىي فورما كىيگەن ئوفىتسېرلار ۋە كۆپلىگەن داڭلىق زاتلار ھەم ياشلار بىلەن تولغانىدى. تەرەپ - تەرەپتە گازۋاي لامپا ئېسىلغان، ھەرخىل يورۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. پۇراقلىق ئەتىر ھىدلىرى كىشىنى مەست قىلاتتى، ئىسكىرىپكا ۋە نەي ئاۋازى ياڭراق ئىدى (ئۇنىڭدىن ئەڭ زور ۋە تامامەن ئېنىق بولمىغان مۆجىزىلەرنى بىلگىلى بولاتتى. غەلىبە، دۆلەتنىڭ غەلىبىسى، قوشما شتاتنىڭ تەنتەنىسى كۆكنى قاپلىغانىدى؛ بۇنداق ئىدىيە، بۇنداق سېزىم كىشىنى تولىمۇ ھاياجانغا سالاتتى، بۇ سادا بارلىق مۇزىكا ۋە يېقىملىق كۈيلەرنى بېسىپ چۈشەتتى).

زۇڭتوڭ ئۆز ۋاقتىدا كەلدى، ئۇ رەپىقىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئىككىنچى قەۋەتنىڭ مەخسۇس بۆلۈمچىسىدە ئويۇن كۆردى، بۇ ئىككى بۆلۈمچىدىن ھاسىل قىلىنغان ئويۇن كۆرۈش سۇپىسى ئىدى. دۆلەت بايرىقى ھەممىلا يەرگە ئېسىلغانىدى. ئوينىلىۋاتقان سەھنە ئەسىرى غەلىتە يېزىلغان ئەسەر ئىدى. تىياتىرنىڭ پەردە ۋە دېكوراتسىيىلىرى ئەسەرگە باب ھالدا بېرىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ھېچبولمىغاندا ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچى ياكى جىددىي ھالەتتە سودا - سېتىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان تاماشىبىنلارنى پۇخادىن چىقىراتتى. چۈنكى تىياتىر تاماشىبىنلاردا ھېچقانداق ئەخلاقىي، ھېسسىي، ئېستېتىكىلىق زوق ياكى مەنىۋى ئىنكاس قوزغىيالمايتتى. «بىزنىڭ ئامېرىكا خوجايىنلىرىمىز» دىكى كۆپ پېرسوناژلاردىن باشقا، يەنە شىمالىي ئامېرىكا ئوبرازىمۇ بار ئىدى. دەرۋەقە، شىمالىي ئامېرىكىدا بۇنداق ئادەملەرنى كۆرۈپمۇ

باقماپتىكەنمىز ، ھەتتا ئۇلارغا ئازراق ئوخشىشىدىغان يېرىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار ئەنگلىيىگە بارغاندا ئويىنالىغان سەھنە ئەسەرلىرىدە ھەرخىل تېتىقسىز دىئالوگلار، سۆزىتلار، دېكوراتسىيىلەر، كەينى - كەينىدىن چىقىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ۋە كۆرۈنۈشلەر ئامىمىباپ ھازىرقى زامان تىياتىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. تىياتىر ئىككى پەردە قويۇلغاندىن كېيىن، كومېدىيە دېسە كومېدىيە ئەمەس، ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان، ھەتتا باشقا بىرنېمىگىمۇ ئوخشاتقىلى بولمايدىغان ياكى ئۇنىڭ ئەينەن، روشەن ئىپادىلىشى ياكى يېشىمىنى ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇچۇنمۇ ئەمەس (ئۇنىڭدىكى «كائىنات» ۋە بۇيۇك «ئەدەبىيات سەنئەت روھىي» بۇ بىچارە ئاكتىيورلارنى مازاق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى) تۇغرا تەسۋىرلەش تولىمۇ قىيىن بولغان بىر پەردە قىستۇرۇلغانىدى (ئويۇن كۆرۈۋاتقان نەچچە يۈز تاماشىبىننى گۇڭگا تۇيغۇ، چۇش تەسىراتى ياكى تۇن قاراڭغۇسىدا تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى) . شۇڭا مەنمۇ پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسمىنىلا ئەنە شۇنداق تەسۋىرلەپ بېرەلەيمەن. بىر پەردىدە زامانىۋى مېھمانخانا كۆرۈنۈشى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەمگە ئوخشىمايدىغان شىمالىي ئامېرىكىلىق بىر ئەر ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ئەنگلىيىلىك ئىككى خېنىمغا: ئۇ بىر نامرات ئادەم، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولغىنىڭلار بولماپتۇ، دەۋاتاتتى، تۇگىگەندىن كېيىن ئۈچ پېرسوناژ سەھنىدىن چىقىپ كېتىپ، سەھنە بىر مەھەل جىمجىتلىق ئىچىدە بوش قالدى. دەل مۇشۇ پەيتتە ئابراھام لىنكولىننى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى.

ۋەقەنىڭ كېيىنكى تەسىرى ناھايىتى زور ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ «يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق» نىڭ سىياسىيسى، تارىخى، سەنئىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى تەسىرىنى كەلگۈسى بىر قانچە

ئەسىرگىچىمۇ داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇ قېتىمقى قاتىللىق ۋەقەسى باشقا ھەر قانداق ۋەقەلەرگە ئوخشاش يوشۇرۇن، ئادەتتىكىدەكلا يۈز بەردى. بۇ ئىش خۇددى گۈل ئېچىلىپ، پىشقان پۇرچاق چاچرىغاندەك بولدى، يەنى سەھنە ۋاقتىنچە تىنچلانغان، ئارتىسلار ئورۇن ئالماشتۇرۇۋاتقان چاغدا تاپانچىنىڭ ئېتىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازنى تاماشىبىنلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاڭلىمىغانىدى، لېكىن بىر پەس سۈكۈت داۋام قىلىپلا نېمە ئۈچۈندۇر پىتىراش ھەم جىددىيلىك يۈز بەردى. زۇڭتۇڭ ئولتۇرغان مەخسۇس بۆلۈمنىڭ بايراق ئېسىلغان تەكچە سۇپىسىدا بىر ئادەم پەيدا بولدى، ئۇ ئېسىلىپ سالاسۇنلۇق رىشاتكىغا يامىشىپ چىقتى، بىر پەستىن كېيىن، ئۇدۇللا سەھنىگە سەكرەپ چۈشتى (ئارىلىقى تەخمىنەن 14 ياكى 15 ئىنگلىزچىسى كېلەتتى)، پۇتىغا بايراق (ئامېرىكا دۆلەت بايرىقى) يۆگىشىۋالغاچقا، تۇز تۇرالماي يىقىلىپ چۈشتىيۇ، بىراق ئىتتىكلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك (ئەمەلىيەتتە پۇتى قايرىلىپ كەتكەنىدى) قاراپ تۇردى، ئۇ قاتىل بوس ئىدى①. ئۇ ئۈستىگە قارا چاپان كىيىۋالغان، يالاڭ باشتاق، چاچلىرى قاپقارا، كۆزلىرى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ كۆزىدەك پارقىرايتتى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، تەمكىن ئىدى. بىر قولىغا پىچاق ئالغان ھالدا سەھنە لىۋىدىكى چىراغلارنى بويلاپ گىرىم قىلىنغان چىرايىنى تاماشىبىنلارغا قاراتتى. ئۇنىڭ پاتمىچۇقنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك ۋە غالجىرلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ۋەزىن ۋە قەتئىيەتلىك بىلەن «بۇ زوراۋاننىڭ ئاقىۋىتى» دەپ ۋارقىرىدى-

① بوس (1838 — 1865): ئامېرىكا ئارتىسى، لىنكولىننى ئۆلتۈرگەن قاتىل.

دە، ئايلىنىپ مېڭىپ سەھنە ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى (بۇ چاغدىكى قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش سەھنىدە ئوينالغان ئويۇنلارنى مالىماتاڭ قىلىۋەتتى). بوس بۇ ئويۇننى ئالدىنئالا رېپىتىس قىلغانمىدۇ؟

بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، چىرقىراق ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. بارچە ئاۋاز بىلەن «ئادەم ئۆلتۈردى!» دەپ ۋارقىرىدى، چىرايى تاتىرىپ، كالپۇكىدىن قان قاچقان لىنكولىن خانىم ئايرىم بۆلۈمچىدىن بويىنىنى سوزۇپ، سەھنە ئارقىسىغا كېتىۋاتقان قارا كۆلەڭگۈنى قوللىرى بىلەن كۆرسىتىپ، بار ئاۋازى بىلەن ئىختىيارسىز ۋارقىرايتتى. ئۇ زۇڭتۇڭنى ئۆلتۈرگەندى.

بىر مەزگىللىك جىددىي سۈكۈتتىن كېيىن، كەلكۈن كەلگەندەك قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ھەممە جاينى قاپلاپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ ئاۋازى، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئادەملەر (ئارقا تەرەپتە بىرخىل ئاۋاز، ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى) ئورۇندۇق، رېشاتكىلاردىن جېنىنىڭ بارىچە تاشلاشتى. ھەممە قالايمىقانلىشىپ مالىمانچىلىق، تېررورلۇق باشلاندى، ئايااللار ھوشىدىن كېتىشتى، تېنى ئاجىز كىشىلەر يىقىلىپ چۈشۈپ، دەسسىلىپ چەيلەندى، بۇ ئەھۋال زالنى بىر ئالدى. كەڭ سەھنە بىردەمدىلا ئادەم تىنالمىغۇدەك ھالغا كېلىپ، ئادەملەر تىقما - تىقما بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلار گويا تولىمۇ قىزىقارلىق ئويۇنغا ئالدىراۋاتقان ئادەملەردەك سەھنىگە قاراپ ئېتىلدى؛ بەستلىك ئەرلەرلا شۇنداق قىلىپ قالماستىن، بەلكى گىرىم قىلىپ سەھنە كىيىمى بىلەن يۈرگەن ئەر - ئايال ئارتىسلارمۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە قىيا - چىيا قىلىشاتتى، قىيا - چىيا ئاۋازلار پۈتكۈل زالنى بىر ئالغانىدى، سەھنىدىن بىر ئىككىيلەن ئاران دېگەندە زۇڭتۇڭ ئولتۇرغان بۆلۈمچە

سۇپىسىغا كېلىشتى، بەزىلىرى بۆلۈمچىگە يامىشىپ چىقىشقا ئۇرۇناتتى. ئىدى.

قالايمىقانچىلىق ئىچىدە زۇكتۇكنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىم ئەسكەرلىرى ۋە بىر قىسىم كىشىلەر تۇيۇقسىزلا ئېتىلىپ كىرىپ كېلىشتى (تەخمىنەن 200 دەك ئادەم)، قىستا - قىستاڭ باشلاندى، ھەر بىر قەۋەتتە شۇنداق، بولۇپمۇ يۇقىرى قەۋەتتىكى قىستا - قىستاڭ، ئۇيۇر - تويۇر تېخىمۇ جىددىيلەشتى، ئۇلار مىلتىق، نەيزىلىرىنى، تاپانچىلىرىنى دۈۋىلەپ، تاماشىبىنلارغا قاراپ: «قايتىش، ھەممىڭ قايتىش، ھۇ . . . ئاناڭنى . . .» دەپ ۋارقىرىشاتتى. مانا بۇلار شۇ كۈنى كەچتە تىياتىرخانىدا بولۇپ ئۆتكەن قورقۇنچلۇق قالايمىقانچىلىق ئىدى.

ئاشۇنداق قالايمىقانچىلىق ئىچىدە، غەزەپلەنگەن ئەسكەرلەر، تاماشىبىنلار، سەھنىدىكى تاماشىبىنلار ۋە ئەر - ئايال ئارتىسلار ئارىسىدا دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ سەلتەنەتلىك رەھبىرىنىڭ قېنى تىنىدىن ئاستا - ئاستا ئېقىۋاتماقتا، ئەجەل قان تامچىلىرى ئۇنىڭ چىلىك يۇمۇلغان لەۋلىرى ئۇستىدە ئۇيۇماقتا ئىدى.

مانا بۇلار ئابراھام لىنكولىن ئۆلتۈرۈلگەن چاغدىكى ۋەقە ھەم ھادىسىلەر، پاكىت ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى! قوشما شتاتتىن ئايرىلىپ كېتىش قەستى مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى؛ تۆت يىللىق ئۇرۇش مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى، لېكىن ئەڭ مۇھىم ئىشلار كېيىن ئاستىرتتىن، خۇپىيانە ھالدا يۈز بەرمەكتە ئىدى. ئېھتىمال بۇ ئىشلار خېلى ئۇزۇندىن كېيىن، غەيرىي ھەربىي ئىشلار سىياسىيسى تەرىپىدە يۈز بەرگەندۇر، ئېھتىمال تارىخىي سەۋەبتىن ئەمەستۇر. گەرچە ئۇ ئىشلار كىچىك ئىش بولمىسىمۇ، بۇ قېتىمقى ئۆلۈمدىن ئىبارەت تراگېدىيە بەزى ھاللاردا ۋاستە بولۇپ، ئاخىر ھەقىقىي چوڭ ۋەقەنىڭ سەۋەبى بولۇپ قېلىشى

مۇمكىن، قاتىللىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىش ئەمەس، بۇنى لىنكولىن ئەپەندى مۇشۇ مەزگىلدىكى ئاساسلىق ئىشلارنى ۋە باشقىلارنى خۇددى يىپقا مۇنچاق ئۆتكۈزگەندەك ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا باغلاپ قويغانلىقتىن بولغان، دېگىلى بولمايدۇ. لىنكولىن ئەپەندىنىڭ ھەر قانداق بىر كىشىگە قارىغاندا جەمئىيەت ئۈچۈن تىللاردا داستان بولغۇدەك تەسىر قالدۇرغانلىقىدىن (ھەتتا ۋاشىنگتوندىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن) بولدى دېيىشكىمۇ بولماس. مېنىڭچە بۇ سەۋەبتىن باشقا، تراگېدىيىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بىر دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىشىلەر تەسىراتىدا بىباھا گۆھەردەك قالىدۇ (بۇ پۈتۈنلەي ئۆز قەلبىمىزدە شۇنداق). ئۇ تەسەۋۋۇر بىلەن سەنئەتنىڭ ئىلھامى، ئەدەبىيات بىلەن درامىنىڭ ئىلھامى بولۇپ قالغۇسى.

بىر قانچە ئەسىردىن كېيىن (مېنىڭچە بىر قانچە ئەسىردىن كېيىن شتاتىمىزدا «دېموكراتىك ھۆكۈمەت» نىڭ تۇرمۇشى ھەقىقىي يېزىلىدۇ ۋە تەسۋىرلىنىدۇ) رەھبەرلىك ئورنىدىكى تارىخشۇناسلار ۋە دراماتورگلار تولۇق ۋە چوڭقۇر مەنىلىك ماتېرىياللار ۋە بىزگە 19 - ئەسىردە يۈز بەرگەن ئاشۇ قالايمىقانچىلىقتىكى شەخسلەر ۋە ۋەقەلەرنى ئەسلىتىدىغان مۇھىم ماتېرىياللارنى ئىزدەر (بەلكىم شۇ بىر نەچچە شتاتتىنلا، بەلكى پۈتكۈل سىياسىي، ئىجتىمائىي ساھەدىن ۋە دۇنيادىن ئىزدەش مۇمكىن) ياكى ياۋروپا فېئوداللىق شان - شۆھرىتىنىڭ جەريانى ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەتلىكلىكى، دەرىجە قارىشىدىكى ئايرىم نەرسىلەرنى ئىزدەر (ئامېرىكا ئۆز ئۆزۈن دەۋرلەردىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالغان). ئېھتىمال بىرەر نەرسە ئارقىلىق قوشما شتاتلارنىڭ تارىخىدىكى چوڭ ئىنقىلابىي قەدەم باسقۇچىنى ئىزدەپ (ئېھتىمال بۇ ھازىرقى دۇنيا، بىزنىڭ ھازىرقى ئەسىرىمىز ئەڭ

ئۇلۇغۋار بولۇشى مۇمكىن)، قانداق قىلىپ بىر قانچە شىتاتتا قولدارلىق تۈزۈمىنىڭ تامامەن، مۇتلەق يوقىتىلغانلىقىنى بايان قىلىشى مۇمكىن، ئۇ تارىخشۇناسلار لىنكولنىنىڭ ئۆلۈمىدىن باشقا، ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تولۇق ياردىمى بولىدىغان ھېچ نەرسە تاپالمايدۇ.

ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ۋە پۈتكۈل قوشما شتاتلار ئۈچۈن، «دېموكراتىك ھۆكۈمەت» ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ قۇربان بەرگەن ئەڭ قەدىرلىك، ئىپادىلەش تەس بولغان مەڭگۈ قەدىرلىك رەھبەر ئىدى.

# سېرما راگاروف (1858 — 1940)

سېرما راگاروف شۋېتسارىيىلىك ئايال يازغۇچى، شۋېتسارىيىنىڭ غەربىدىكى ۋېموران ئۆلكىسى، مارباكا مانئو يېزىسىدا ئاقسۆڭەك ئوفىتسېر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، خان جەمەتى قىزلار پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، بىر قانچە يىل ئوتتۇرا مەكتەپ جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان، 1906 - يىلىدىن 1907 - يىلىغىچە «تېلىسنىڭ غاز ئۇستىدىكى ساياھىتى» ناملىق بالىلار چۆچىكىنى نەشر قىلدۇرغان، شۇ ئەسىرى بىلەن 1909 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ مۇشۇنداق شان - شەرەپكە ئېرىشكەن تۇنجى ئايال يازغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇتۇقنى ئۇ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى تارقىتىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن. ئۇنىڭ سۆزى قىزىقارلىق، لىرىكىلىقى كۈچلۈك، بەدىئىي جەلپ قىلارلىقى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

## نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى تارقىتىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

1909 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، كەچكى شەپەق كۆزدىن غايىب بولغان چاغدا، مەن ستوكھولمغا بارىدىغان پويىزدا پويىزنىڭ يولۇچىلار ۋاگونىدا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتىم. ۋاگون ئىچىدە چىراغلار غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. كەڭ دالانى قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى. يولۇچىلار ھارغىنلىق ئىچىدە ئۇيقىغا غەرق بولغان بولۇپ، مەن پويىزدا تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازىنى تىڭشىغاچ سۈكۈت ئىچىدە تەنھا ئولتۇراتتىم.

خىياللىرىم كۆكتە پەرۋاز قىلاتتى، ئىلگىرى ستوكھولمغا بارغان چېغىمدىكى كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئادەتتە بىرەر ئاۋارىچىلىق ئىشلار — ئىمتىھان بېرىش، قول يازمامنى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن نەشرىيات سودىگەرلىرىنى ئىزدەش ئىشلىرىنى بېجىرىشكە باراتتىم، ئەمما بۇ قېتىم مەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئېلىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتىم، بۇ ماڭا ناھايىتى قىيىنغا چۈشكەن ئىش ئىدى.

مەن كۆز بويى ئەلدىن ئايرىلىپ ۋىمىردىكى كونا ھۇجرىغا بېكىنىپ ئولتۇرۇپ چىققانىدىم، ئەمدىلىكتە مەن ئەل - يۇرت ئىچىدە ئۆزۈمنى كۆرسىتىمەن. مەن يەككە - يېگانە ياشاشقا ئادەتلىنىپ قالغان، ۋاراڭ - چۇرۇڭ سورۇنلارنى ئانچە ياقتۇرمايمەن. ئۆزۈمنىڭ شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم.

قانداقلا بولمىسۇن، ئىش قىلىپ يۇرتىمنىڭ قېتىدا بۇ شان - شەرەپتىن چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلدىم. مەن تەلىيىمنىڭ ئوڭلۇقىدىن بىرگە خۇشال بولۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ شادلىق چىرايىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشى دوستلۇرۇم، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىم، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئاپاممۇ بار ئىدى. ئاپام ئۆز ئۆيىدە ئۆمرىدە مۇشۇنداق كۈنلەرنى كۆرگىنىگە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ئولتۇرىدۇ.

دادامنى ئەسلىدىم، دادام ئالەمدىن ئۆتكەنىدى، ئېغىر قايغۇ قەلبىمنى تىلغىدى، مەن ئەمدى دادامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىك خەۋىرىمنى يەتكۈزەلمەيمەن، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھېچكىممۇ ئۇنىڭدەك شادلانمىغان بولاتتى، ئەدەبىي

ئەسەرنى ئۆتكەندەك ياقتۇرىدىغان ۋە ئاپتورغا ھۆرمەت قىلىدىغان باشقا بىرىنى ئەزەلدىن ئۇچراتمىدىم. مەن ئۇنىڭ روھى مېنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىمنى ئۇقسا ئىكەن، دەپ ئۈمىد قىلىمەن. ئاھ، مەن بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتىشقا ئامالسىزمەن، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان يولۇچىلار پويىزىدا كېچىنى ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلىك كىشىلەرگە ئايانكى، پويىز سىلكىنمەي سىلىق كېتىۋاتقان، جىمى يەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندە پويىز چاقلىرىنىڭ «تاراق - تۇرۇق» ئاۋازلىرى گويا رىتىملىق مۇزىكىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى بىئاراملىق ۋە غەم - ئەندىشىنى بىردەمدىلا كۆتۈرۈۋېتىدۇ. شۇ ئەسنادا كۆزلىرى ئېلىنغان يولۇچىلار ئۆزىنى پايانسىز ئالەمدە قانات كېرىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇنداق، شۇ چاغدا مەنمۇ شۇنداق ھېس قىلدىم. مەن خىرە - شىرە ھېسسىياتلار ئىلكىدە خىيال دەرياسىغا غەرق بولدۇم. ئېھتىمال دادام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، پويىز بىلەن ئەرشكە قاراپ ماڭغاندىمەن! پويىز شۇنچە يېنىك، كېتىۋاتاتتى، مېنىڭ خىيال كەپتىرىم پويىزدىنمۇ تېز ئۇچماقتا ئىدى.

دادام ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە پېشايۋاندىكى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان قۇياش نۇرىغا، پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەرگە، ئۇچار قۇشلار سايرىشىۋاتقان باغلارغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ «فىلتئوساكا» ① نى ئوقۇۋاتماقتا. ئۇ مېنى كۆرۈپ كىتابنى قويدى - دە،

① شۋېتسىيە شائىرى تېگنال شىمالىي ياۋروپادىكى قەدىمكى باتۇرلار ھەققىدىكى رىۋايەتكە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ يازغان لىرىك داستان.

www.uyghurkitap.com

كۆزەينىكىنى چېكىسىگە سۈرۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ماڭا قاراپ كەلدى. ئۇ ئېھتىمال: «تىنچ ـ ئامان تۇردۇڭمۇ قىزىم، سىزنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدۇم» دەيدۇ ياكى: «ھە، كەلدىڭمۇ، سالامەت تۇرغانسەن قىزىم» دەيدۇ. ئۇ ئىلگىرى ھەمىشە مۇشۇنداق دەيتتى.

ئاندىن كېيىن ئۇ تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، مېنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىمنى پەرەز قىلىدۇ: «قىزىم، بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىمىغانسەن؟» ئۇ توساتتىن سوئال سورىدى. مەن: «ياق دادا، مەن ھەر جەھەتتىن ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەردىم. مەن بۇ خۇش خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزمەكچى بولدۇم، بىراق تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان ئۇ گەپنى يۇتۇۋەتتىم. مەن ئۇ خەۋەرنى يوشۇرۇن مەندە ئېيتماقچى بولدۇم: «مەن سىزدىن مەسلىھەت سوراي دەپ كەلدىم دادا» دېدىم مەن، «چۈنكى مەن كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ قالدىم.»

«ئەگەر سەن مېنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئىزدىگەن بولساڭ، مەن ياردەم بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن. مەن ئەرشتە تۇرۇۋاتىمەن، قىزىم، قارىماققا ۋىموراندىكى ئۆيىمىزگە ئوخشاش ھەممە نەرسە تەل تۇرغىنىنى بىلەن، پۇل دېگەن نەرسە يوق...»

«مېنىڭ قەرزىم پۇل ئەمەس،. دادا» — دېدىم مەن.

«ئۇنداق بولسا تېخىمۇ چاتاق بوپتۇ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ باق، قىزىم.»

«سىزنى ياردەمگە چاقىرغانلىقىم ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولماس، بۇنى سىز باشلاپ بەرگەن دادا، ئېسىڭىزدە باردۇ؟ سىز بۇرۇن رويال چېلىپ ئولتۇرۇپ، باللارغا بېرمانىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرەتتىڭىز، ھەر يىلى قىشتا بىزنى تېگنار، رونبخاي ۋە ئاندېرسىنىنىڭ ئەسەرلىرىنى

ئىككى قېتىمدىن دېكلاماتسىيە قىلغىلى سالاتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟ مەندىكى قەرز شۇ چاغدىن باشلانغان دادا، سىز مېنى باللار چۈچەكلىرى ۋە قەھرىمانلار قىسسىسگە قىزىقتۇرغانىدىڭىز، يۇرتىمىزنى سۆيۈشكە ئۆگەتكەنىدىڭىز. مەيلى گاداي ياكى باي بولۇڭلار، ئىشىڭلار مەيلى ئوڭدىن كەلگەن ياكى تەتۈر كەلگەن بولسۇن، هاياتنى قىزغىن سۆيۈڭلار، دەيتتىڭىز، مەن بۇ قەرزنى قانداق قايتۇرۇشۇمنى بىلەلمەي يۈرۈۋاتىمەن»

دادام ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئىللىق كۈلۈمسىرىگەن ۋە خاتىرجەم هالدا مۇنداق دېدى:

«سېنىڭ مۇشۇنداق قەرزگە بوغۇلغانلىقىڭغا ناھايىتى خۇشالمەن.»

«راست، دادا، بىراق سىز مېنىڭ قانچىلىك قەرزگە بوغۇلغانلىقىمنى بىلمەيسىز!» دېدىم. مەن «ماڭا كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزگەنلەر تولا! دادا، سىز تېخى بەستلىك، قىران بۇركۈتتەك ۋاقتىڭىزدا نامرات، سەرگەردان سەنئەتكارلار ۋىموراندا ناخشا ئېيتىپ، كومېدىيە ئورۇندىغاندا ئۇلارنىڭ كوچىلاردىكى قوپال، قىزىقارلىق ئويۇنلىرى مېنىڭ نەزەر دائىرەمنى خېلى كېڭەيتكەنىدى. ئورمانلىق يېنىدىكى كۆلرەڭ كەپىدە بوۋام، موماملار مېنىڭ گۆدەك قەلبىمگە ئەقىللىق، گۈزەل قىزلار، سۇ پەرىلىرى، چېچەن جىن - شەيتانلار ھەققىدىكى يېقىملىق چۆچەك ۋەقەلىرىنى قۇيۇپ قويغانىدى. ئۇلارمۇ ماڭا يول باشلاپ بەرگەن ئۇستازلىرىم، ئۇلار ماڭا شېئىرىي تۇيغۇغا باي سۇرلۇك قىيالار، قاراڭغۇ ئورمانلارنى تونۇتتى. ھېلىقى خىلۋەت مۇناستىردا زاھىتلىق بىلەن ئۆتۈۋاتقان، چىرايى تاتىراڭغۇ كەلگەن، ئورۇقلاپ سۆڭەكلىرى پۇلتىيىپ چىقىپ قالغان روھانىيلار سۆزلەپ بەرگەن ئاجايىپ - غارايىپ چۆچەكلەر ئېسىمگە

كېلىۋالاتتى. ئۇلار بۇ غەلىتە مۆجىزىلەرنى خۇددى كۆرگەندەك، ئاڭلىغاندەك سۆزلەيتتى. بۇ ئىشلار ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ! مەن ئەسىرىمدە ئۇلار ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردىن پايدىلاندىم، ئېروسالىمغا پىيادە بېرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغان دېھقانلارنىڭ بۇ ئاجايىپ ھەرىكەتلىرى مېنى كۆپلىگەن ئىجادىيەت سۈژىتلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. مەن ئۇلارغا قەرزدار ئەمەسمۇ؟ مەن ئىنسانلارغا قەرزدار بولۇپلا قالماستىن، تەبىئەت دۇنياسىغىمۇ قەرزدارمەن. چۈنكى ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار، دەرەخ ـ ئورمانلار، گۈل ـ گىياھلار ئۆزلىرىنىڭ سىرلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىپ، ئىجادىيىتىم ئۈچۈن كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزدى.»

دادام كۈلۈمسىرەپ، مەندىن قىلچە ئەنسىرىمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. «سىز مېنىڭ كۆپ قەرزگە بوغۇلغانلىقىمنى بىلمەمسىز؟» دېدىم. مەن چىرايىمنى تۈرۈپ تۇرۇپ: — «دۇنيادا مېنىڭ بۇ قەرزلەرنى قانداق تۈگىتەلەيدىغانلىقىمنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، لېكىن مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، پەقەت ئەرشتە تۇرۇۋاتقان سىزلا ماڭا ياردەم بېرەلەيسىز.»

«شۇنداق، مەن ساڭا ياردەم بېرىمەن» دېدى دادام بۇرۇنقىدەكلا تەمكىن قىياپەتتە: «بالام، خاتىرجەم بولغىن، سېنىڭ مۇشكۇلاتىڭنى ھەل قىلىدىغان ئامال تېپىلىپ قالىدۇ.»

«دادا، مېنىڭ قەرزىم بۇلا ئەمەس! ئاشۇ تىل ـ يېزىقنى ئىجاد قىلغان، كۆڭۈل قويۇپ قەلەم ئۇچى ياساپ ماڭا چىرايلىق شۋېتسىيە يېزىقىنى ئۆگەتكەنلەرگىمۇ ناھايىتى كۆپ قەرزدارمەن. يەنە تېخى، يېزىقچىلىقنى سەنئەت ئىستىداتىغا ئايلاندۇرغان ئەجدادلىرىمىزغا، نەسر، ئەشئارلارنى ۋايىغا يەتكۈزگەن، بالا ۋاقتىمدىن تارتىپ ماڭا ئىلتىپات قىلغان ئېلىمدىكى، نورۋېگىيىدىكى كاتتا يازغۇچىلارغىمۇ قەرزدارمەنغۇ؟ مەن

بەختلىك ھەم تەلەيلىك، ئېلىمىز ئەدەبىياتى تازا گۈللەنگەن دەۋردە ياشاۋاتىمەن. ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پېشۋالار ۋە كېيىن يېتىشىپ چىققان دانىشمەنلەر يۈرەك قانلىرىنى سىڭدۈرگەن ئەسەرلىرى ئارقىلىق ماڭا ئىلھام بەخش ئەتتى، تەسەۋۋۇرۇمنى شاخلاتتى، مېنى ئەدەبىيات ئىشلىرىغا قىزىقتۇردى، تاتلىق چۈشلىرىمنى شېرىن - شېكەر مېۋىلەرگە ئايلاندۇردى. مەن ئۇلارنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا قەرزدار ئەمەسمۇ؟»

«شۇنداق، شۇنداق» دېدى دادام سۆز ئېلىپ، «دېگىنىڭ توغرا، دەرۋەقە بىھېساب قەرزگە بوغۇلۇپسەن، لېكىن سەن ئەندىشە قىلما، بىز قەرزنى تۆگىتىشنىڭ ئامالىنى قىلىمىز.»

«دادا، بۇ ئىشنىڭ مەن ئۈچۈن قانچە قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى تېخىچە چۈشەنمەيۋاتىسىز، يەنە تېخى كىتابخانلىرىمنىڭ ماڭا قىلغان ئەڭ زور يېقىنچىلىقىغىمۇ قەرزدارمەن، مېنى جەنۇبقا ساياھەتكە ئەۋەتكەن، ياشىنىپ قالغان پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ كىچىك شاھزادىسىدىن تارتىپ «نېلىسنىڭ غاز ئۇستىدىكى ساياھىتى» ناملىق ئەسىرىمنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەسۇم قەلبى بىلەن ماڭا خەت يېزىپ ئېھتىرام بىلدۈرگەن كىچىك كىتابخانلارغا قەدەر ھەممىسىگە قايتۇرۇپ بولماس قەرزگە بوغۇلدۇم. ئەگەر مېنىڭ كىتابىمنى ئوقۇيدىغان ئادەم چىقمىسا، مەن ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغان بولماسمىدىم؟ مەن ماقالە يېزىپ ئەسىرىمنى باھالىغان ئەپەندىلەرنى ئۇنتالمايمەن. دانىيىلىك داڭلىق ئوبزورچى بىر ئېغىز سۆز يېزىپتۇ، شۇ دۆلەتتىكى ناھايىتى كۆپ كىتابخان كىتابىمغا يېپىشۋالدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەدەبىي تەقرىزچىلەر قايناق ھېسسىياتى، ئۆتكۈر تەنقىدلىرى بىلەن نازۇ - نېمەتلەردەك ئېسىل تەقدىرنى بىرلەشتۈرۈپ، ماڭا مۇنداق سەممىي تەلىم بېرىپ باقمىغانىدى،

ئەپسۇسكى، ئۇ ھازىر بۇ دۇنيادا يوق، ئۇنىڭدىن باشقا چەت ئەللەردىكى مەن ئۈچۈن ماقالە يازغانلارنىڭ ماقالىلىرى مەيلى مەدھىيىلىسۇن ياكى تەنقىدلىسۇن، بۇ مەن ئۈچۈن بىر خىل تۈرتكە.»

«شۇنداق، شۇنداق» دادام شۇنداق دېگىنىچە قوشۇمىسىنى تۈردى، مېنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قېلىشىمنى ئېھتىمال چۈشەنگەن بولسا كېرەك.

«ماڭا ياردەم قولىنى سوزۇپ نېمەتلىرىنى مەندىن ئايىمىغانلارنى ئېسىمدىن چىقارمايمەن، دادا» دېدىم مەن، «سادىق دوستۇم سىدېلغا رەھمەت ئېيتىمەن، مەن تېخى ھېچقانداق ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەن چېغىمدا، ئۇ مەن ئۈچۈن ھەريان قاتراپ، ماڭا كەڭ يول ئېچىپ بەرگەنىدى، ئۇ مېنىڭ ياخشى دوستۇم، ھەمراھىم، ئۇ مېنى جەنۇبقا باشلاپ بېرىپ، ناھايىتى قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى تۇرمۇشۇمغىمۇ نۇرغۇن شادلىق ئېلىپ كەلدى. مېنى بۈيۈك مۇھەببەتكە، ئەڭ ئالىي شەرەپكە، نام - ئاتاققا ئىگە قىلدى. مەن بۇ دوستلۇققا قانداق جاۋاب قايتۇرىمەن؟ دادا، مېنىڭ سىزدىن نېمە ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلغىنىمنى چۈشەنگەنسىز؟»

دادام بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە خىيالغا پېتىپ كەتتى، ئۇ بايىقىدەك ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى: «سېنىڭ دېگىنىڭگە قوشۇلىمەن، قىزىم، ساڭا ياردەملىشىپ بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش تەس ئىكەن، ھەر ھالدا ئەمدى باشقا قەرزىڭ يوقتۇ!»

«ھەي دادا، ھېلى مەن ئېيتقان قەرزلىرىمنى قايتۇرالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى، لېكىن مەن ئەڭ چوڭ بىر قەرزىمنى سىزگە دېمىدىم! مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن بۇ يەرگە سىزدىن مەسلىھەت ئالايمىكىن دەپ كېلىشىم.»

«مەن زادى ئۇقالمىدىم، كونا قەرزلىك تۇگىمەي تۇرۇپ نېمىشقا يېڭى قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانسەن!» دېدى دادام بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي.

«بۇ ئىش مۇنداق» دېدىم مەن جاۋابەن، مۇكاپات ئالغانلىقىمنى دادامغا بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردىم.

«مېنىڭ زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى...» — دادام ئەجەبلەنگەن هالدا ماڭا قاراپ، ئۇ چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشلەردىن بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتەن راستلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ چىرايىغا چۈشكەن ھەربىر قورۇق شادلىق ئىلكىدە تىترەيتتى. كۆز چاناقلىرىغا لىق ياش تولغانىدى.

«مېنى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن ۋە ماڭا مۇكاپات بېرىشنى قارار قىلغان كىشىلەرگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار! دادا، ئۇلار ماڭا شەرەپ ۋە ئاقچا بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ماڭا تولۇق ئىشىنىپ، مېنى تاللاپ، مېنىڭ نامىمنى پۈتۈن دۇنياغا تاراتتى! مەن بۇ قەرزنى قانداق تۆلەپ بولارمەن!»

دادام لام - جىم دېمەي ئولتۇراتتى، كۆزلىرىدىكى شادلىق يېشىنى ھەدەپ سۈرتەتتى. ئۇ بىردىنلا مۇشتۇمىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، ماڭا مۇنداق دېدى: «بۇنداق قەرزنى مەيلى ئەرشئەلادا ياكى پانىي ئالەمدە بولسۇن تۆلەپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مەن بۇنىڭ ئۈچۈن باش قاتۇرمىسامىمۇ بولغۇدەك! سېنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىمدىن باشقا ئىشلارنى ئۇنتۇپلا كەتتىم.!»

ھۆرمەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، مۆھتىرەم شاھزادە جانابلىرى، خانىملار، ئەپەندىلەر، مەن كۆڭلۈمدىكىدەك جاۋاب تېپىشتىن ئىلگىرى، شەرەپ بىلەن سىلەرنى شۈبھىسىز مەدەنىيەت شۈبھىسىز مەدەنىيەت يۇرتى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈشكە تەكلىپ قىلىمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گېئورگى ساتون (1884 - 1956)

گېئورگى ساتون ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئىلىم - پەن تارىخى مۇتەخەسسىسى. ئۇ 1884 - يىلى بېلگىيىنىڭ گېنت دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، 1911 - يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1912 - يىلى خەلقئارا ئىلىم - پەن تارىخى ژۇرنىلى « Isis» نى نەشر قىلىپ، شۇ ژۇرنالغا 40 يىل باش مۇھەررىر بولغان ۋە خەلقئارا ئىلىم - پەن تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، ئىلىم - پەن تارىخى تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۆمرىدە 15 پارچە ئەسەر، 800 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە «ئىلىم - پەن تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. «ئىلىم -پەن تارىخىدىكى شەرق ۋە غەرب» ناملىق نۇتۇقنى ساتون 1930 - يىلى ئامېرىكا بىروۋن ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن.

## ئىلىم - پەن تارىخىدىكى شەرق ۋە غەرب

1930 - يىلى

سىلەر ئامېرىكىنىڭ غەربىدىكى پادىچى بالا توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ كولورادو جىلغىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەيران قاپتۇ - دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ «ئاللاكارامەت، بۇ يەردە نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپتۇ. ئەگەر پادىچى بالىنىڭ ئېيتىۋاتقىنى مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە تېز يۈز بەرگەن ئىش بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ خاتالاشقان بولىدۇ. چۈنكى، مۇشۇ مەنە بىلەن ئېيتقاندا، بۇ چوڭ جىلغىدا

ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىلىم - پەن تەرەققىياتى گەرچە چوڭ جىلغىنىڭ يېرىلىشىدىن خېلى تېز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى ئىنقىلابى بولىدۇ، چۈنكى بىز بۇ جەريانىنى ھەقىقىي كۆرگىنىمىز يوق، پەقەت بۇ جەھەتتىكى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتنىلا كۆردۇق.

تەجرىبە ئىلمى ئوقتىسىدىن (بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىدىن) قارىغاندا، شەرق بىلەن غەرب بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ھالەتتە تۇرماقتا، ئەمما بىز مۇنداق ئىككى ئىشنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك:

بىرىنچى، ئەمەلىيەتتە پەن ئۇرۇقى، جۈملىدىن تەجرىبە ئىلمى ۋە ماتېماتىكا، ئىلىم - پەن شەكلىنىڭ ئۇرۇقى شەرقتىن كەلگەن. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە شەرق خەلقى ئۇ ئۇسۇلنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغانىدى. شۇڭا چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، تەجرىبە ئىلمى غەربنىڭ نەۋرىسى بولۇپ قالماي، شەرقنىڭ ئەۋلادى، شەرق ئۇنىڭ ئانىسى، غەرب ئۇنىڭ دادىسى.

ئىككىنچى، مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شەرق ئۈچۈن غەرب ئېھتىياجلىق بولغىنىدەك، بۇگۈنكى غەرب ئۈچۈن شەرق بەكمۇ ئېھتىياجلىق. شەرق خەلقى بىز 16 - ئەسىردە قىلغىنىمىزغا ئوخشاش مەدرىسە شەكلىدىكى مۇنازىرە تۇسىنى ئالغان ئۇسۇلنى تاشلىۋېتىپ، تەجرىبە روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرغاندا، ئۇلار بىزگە نېمە قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى، بىزگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن (تەڭرى مېنى كەچۈرگەي) نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ دەرۋەقە، ئىلىم - پەن تەتقىقاتى ساھەسى بىز بىلەن بىللە خىزمەت قىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوينىغان رولى ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس، بىز

يۇنانلىقلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار يۇنان روھى تەڭداشسىز، دەپ يەھۇدىيلار روھىغا سەل قارىغانىدى؛ چەت ئەللىكلەرنى ياۋايى دەپ قارىغان، ئۇلار ئەڭ ئاخىر ھالاك بولۇپ، ھەممىدىن قۇرۇق قالغان، شەرق غەرب ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىقنىڭ بولغانلىقى، ئىلھامىمىزنىڭ كۆپ قىسمى شەرقتىن كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. بۇ ئەھۋاللار نېمە ئۈچۈن يۈز بەرمەيدۇ؟ بۇيۇك ئىدىيە ئېھتىمال ئاستاغىنە شەرقتىن بىزگە كېلىشى مۇمكىن، بىز چوقۇم قۇچىقىمىزنى كەڭ ئېچىپ ئۇنى قارشى ئېلىشىمىز كېرەك.

شەرق ئىلىم - پېنىگە قارىتا قوپال پوزىتسىيە تۇتىدىغانلار، غەرب مەدەنىيىتىنى مۇبالىغە قىلىدىغانلار ئېھتىمال ئىلىم ئەھلى بولمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى نادان، ئىلىم - پەن بىلمەيدىغانلار، دېمەك، خۇددى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇچۇرۇپ كۆككە كۆتۈرگەندەك ئۇنچىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە ئەمەس، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسەك، ئۇلارنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەردىن تېرىۋالغان ئارزۇلىرىنىڭ ئۇزاققا بارمايلا ۋەتۈەرىكى چىقىپ كېتىدۇ.

بىز ئامېرىكا مەدەنىيىتى ئۈچۈن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز، لېكىن ئۇنىڭ تارىخى بەك قىسقا، گويا بىر دەملىك، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك مەزگىلگە تەڭ كېلىدۇ. ئۇ ئۇزاققا بارالامدۇ؟ ئۇ تەرەققىي قىلالامدۇ؟ چېكىنىپ كېتەمدۇ؟ بېسىلىپ قېلىپ يوقىلامدۇ؟ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە ساغلام بولمىغان ئامىللار خېلى بار، ئەگەر ئۇنى يامراپ كېتىشىدىن ئىلگىرى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىشنى ئويلىساق، ئۇنى رەھىمسىزلەرچە پاش قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم ئەمەس. ئەگەر مەدەنىيىتىمىز ئۆزىنى ئاقلىسۇن دەيدىكەنمىز، ئۇ ھالدا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇنى پاكلىشىمىز كېرەك. بۇ ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ

ياخشى ئۇسۇلى ئىلىم - پەننى شەخسىيەتسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئالىملارغا ئوخشاش ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيۈش، ھەقىقەتنىڭ ھەممە تەرىپىنى، مەيلى كۆڭلىمىزگە ياقىدىغانلىرى ياكى ياقمايدىغانلىرى، پايدىلىقلىرى ياكى پايدىسىزلىرى بولسۇن، ھەممىسىنى قىزغىن سۆيۈشىمىز، ھەقىقىي سۆيۈشىمىز كېرەك؛ خۇراپاتلىق مەيلى قانچىلىك نىقابلانسۇن، ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىشىمىز كېرەك. مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆزۈن ئۆمرى تېخى ئىسپاتلانمىدى. ئۆزۈن بولامدۇ - بولمامدۇ، تېخى ناتايىن. شۇڭا بىز كەمتەر بولۇشىمىز كېرەك. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئاساسلىق سىناق — تارىخنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ ھايات قېلىش، بىز بۇ ئىشلارنى تېخى باشتىن كەچۈرمىدۇق.

يېڭى ئىلھام ئېھتىمال ھەقىقەتەن شەرقتىن كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ نۇقتىنى ھېس قىلالىساق ئەقىللىقراق بولغان بولىمىز. ئىلىم - پەن ئۇسۇلى گەرچە زور غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، تېخى ئانچە مۇكەممەل ئەمەس. ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىلغاندا، بەلكى ناھايىتى ئوبدان قوللىنىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئەڭ يۇكسەكلىككە ئېرىشىدۇ. لېكىن بۇنداق قوللىنىشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل چەكلىمىنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئۆتۈپ كەتكەن نادانلىق. بىرىنچى، بۇ ئۇسۇلنى مەڭگۈ قوللانغىلى بولماسلىق. خېلى نۇرغۇن ئىدىئولوگىيە ساھەسى (سەنئەت، دىن، ئەخلاق) دە ئۇنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، ئېھتىمال بۇ ئۇسۇل ئاسانلا خاتا قوللىنىلىشى مۇمكىن. ئىشلىتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۇ بايلىقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ ئېھتىمال كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن.

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئىلىم - پەن روھى ئۆزىنىڭ

قوللىنىشىنى تېزگىنلىيەلمەيدۇ. ئالدى بىلەن، ئىلىم - پەن كۆپىنچە ھاللاردا ھېچ قانداق پەننىي بىلىمى يوق ئادەملەرنىڭ قولىدا بولىدۇ. مەسىلەن، ھەر خىل بۇزغۇنچىلىقلارنى كەلتۈرىدىغان ئاپتوموبىلنى ھەيدەش ئۈچۈن تەربىيە ۋە مەشىق كېرەك ئەمەس. ئالىملارمۇ بەزىدە كۈچلۈك ھېسسىياتنىڭ تەسىرى بىلەن بىلىمنى قالايمىقان قوللىنىشى مۇمكىن. ئىلىم - پەن روھى باشقا كۈچلەر — دىن ۋە ئەخلاق كۈچىدىن ياردەم ئېلىشى لازىم. قانداقلا بولمىسۇن، ئىلىم - پەندە تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئىلىم - پەنمۇ باشقا شەيئىلەرگە ئوخشاشلا ماھىيەت جەھەتتە ئانچە مۇكەممەل ئەمەس.

ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى ھەم شەرق ھەم غەربنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرق بىلەن غەرب گويا بىر ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھالىتىگە ئوخشاش ئىنسانىيەت تەجرىبىسىنىڭ ئاساسلىق ۋە ئۆز ئارا تولۇقلىنىدىغان ئىككى تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىلىم - پەن ھەقىقەتتى شەرقتىمۇ، غەربتىمۇ ئوخشاش، گۈزەللىك ۋە مېھرىبانلىقمۇ شۇنداق. ئادەم ھەممىلا جايدا ئوخشاش، ئەمما ئالاھىدىلىكى سەل روشەنرەك ياكى بەزى ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىكرەك بولىدۇ.

شەرق بىلەن غەرب مەڭگۈ قوشۇلالمايدۇ، دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ ئۇلار ئۇلۇغ سەنئەتكارلارنىڭ (ئۇلۇغ سەنئەتكىلا خاس سەنئەتكار ئەمەس) روھىدا ئۇچرىشىدۇ، ئۇلار گۈزەللىكنى سۆيۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ؛ ئۇلار ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ كاللىسىدا ئۇچرىشىدۇ، ئۇلۇغ ئالىملار ھەقىقەتنىڭ مەيلى قانچە قىممەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۇرمۇشنىڭ بارلىق مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى، ئۇ گۈزەللىك ۋە

مېھربانلىق بىلەن ئۆزىنى تولۇقلىشى لازىملىقىنى بىلىدۇ.

بىز شەرقتىن ئېرىشكەن نەرسىلەر — يەھۇدىيلارنىڭ ئەخلاق قىزغىنلىقى، مۇقەددەس پرىنسىپى، بىز شەرەپ بىلىدىغان ئىلىم - پەننىڭ ئاساسى قاتارلىق زور ھىممەتلەرنى مىننەتدارلىق بىلەن ئەسلەيمىز. ئۇنىڭ كەلگۈسى پارلاق ئەمەس، دېيىشكە ئاساسىمىز يوق. بىز ئۆزىمىزگە ئانچە تەمەننا قويمايلى. بىزنىڭ ئىلىم - پېنىمىز ئۇلۇغ، ئەمما بىزنىڭ نادانلىق تەرەپلىرىمىزمۇ ناھايىتى كۆپ. قىسقىسى، بىز ئۇسۇلىمىزنى بېيىتايلى، ئەقلىي تەربىيە ئىشلىرىمىزنى ياخشىلايلى، ئىلىم - پەن خىزمىتىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى. بۇ ئىشلىرىمىزنى ئاستا، قەتئىي ۋە كەمتەرلىك بىلەن قىلايلى، شۇنىڭدەك تېخىمۇ مېھرى - مۇھەببەتلىك ھېسسىياتىمىز بىلەن ئەتراپىمىزدىكى گۈزەللىككە زەن سالايلى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا مەڭگۈ زەن سالايلى. قاباھەتلىك نەرسىلەرنى، مۇھەببىتىمىزنى بۇلغىغان رەزىل نەرسىلەرنى، باشقىلارغا قىلغان ئادالەتسىزلىكىمىزنى، بولۇپمۇ ھەر خىل جىنايى قىلمىشلارنى يوشۇرغان تۇترۇقسىز گەپلەرنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتايلى؛ لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز ئاق كۆڭۈل، ساددا شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئاجىز نەرسىلەرنىڭ زىيان - زەخمىتىگە ۋە دىل ئازارىغا ئۇچراپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلايلى، ئەنئەنىمىزنى قوغدايلى، ئۆتكەنكىلەرنى ئەسلەيلى، بۇلار بىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مىراسىمىز.

شەيئىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بىلەن تونۇش كېرەك، لېكىن قەلبىمىزدىكى ئەڭ ئالىي ئىستەك، كۆرگىلى بولمايدىغان شەيئىلەرگە بولغان مۇھەببەت، گۈزەللىك ۋە خاسلىققا بولغان تەشنالىق — ھەقىقىي قىممەتلىك نەرسىدۇر.

بىز تېخى تولۇق چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ راست بولماسلىقى ناتايىن، بىز دائىم ئاسان ھېس قىلالمايدىغان چىنلىق ھەققىدە ئىزدىنىشكە تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزغا يۈكسەك پەزىلەت ۋە ئەڭ توپ نىشان بېغىشلايدۇ.

يورۇقلۇق شەرقتىن كېلىدۇ، قائىدە - مىزان غەربتىن كېلىدۇ. بىز قەلبىمىزنى راسا تاۋلاپ، ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە سادىق بولۇپ، رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر تەرىپىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلايلى. كەمتەر، ئېغىر بېسىق غەربلىكلەر ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ئەڭ ئالىي ئىدىيىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى شەرق ئىكەنلىكىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغان، ئۆزىنىڭ غايىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئالىملار تېخىمۇ ئىقتىدارلىق بولۇشى ناتايىن، لېكىن ئۇلار ئادىمىگەرچىلىككە تېخىمۇ باي، ھەقىقەت ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىدىغان، ئىنسانلىق بۇرچىنى تېخىمۇ تولۇق ئادا قىلىدىغان، تېخىمۇ ئالىيجاناب كىشىلەردۇر.

# بېرنارد مونتگو مېرېي (1887 — 1976)

بېرنارد مونتگو مېرېي ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ مارشالى، سانخېرست خان جەمەتى ھەربىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، 1908 - يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فرانسىيىدە ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئۈچىنچى دېۋىزىيىسىنىڭ گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان، دونكروكتا بارغاندا ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن، 1942 - ~ 1943 - يىللىرى ئەنگلىيىنىڭ 8 - كورپۇسىنى باشلاپ شىمالىي ئافرىقىدا جەڭگە قاتناشقان، ئاراما ئۇرۇشىدا مەغلۇبىيەتنى غەلىبىيەتكە ئايلاندۇرغان، رومېل قوماندانلىق قىلغان گېرمانىيە - ئىتالىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، بىراقلا داڭق چىقارغان، 1944 - يىلى مارشاللىققا ئۆستۈرۈلگەن، شۇ يىلى 6 - ئايدا مۇئاۋىن قوماندانلىق سالاھىيىتى بىلەن ئېزىنخوۋېر قوشۇنلىرىنىڭ نورماندىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقىپ ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بەرگەن ھەم بارلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىپ جەڭ قىلىشىغا قوماندانلىق قىلغان. 1945 - ~ 1946 - يىللىرى ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق ئىشغالىيەتچى قوشۇنىنىڭ قوماندانى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ گېرمانىيىنى ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەنگلىيە ۋەكىلى بولغان. ئاراما گرافنوسى دەپ نام بېرىلگەن، 1946 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى بولغان، 1951 - ~ 1958 - يىللىرى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان، 1958 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. مونتگو مېرېي 1943 - يىل

www.uyghurkitap.com

12 - ئايدا 21 - كورپۇسقا يۆتكىلىدىغان چېغىدا 8 - كورپۇستىكى بارلىق ئوفىستېر - جەڭچىلەرگە بۇ نۇتۇقنى سۆزلىگەن.

## ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ

1943 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا سىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىمەنكى، 8 - كورپۇستىن ئايرىلىدىغان ۋاقتىم يېتىپ كەلدى، بۇيرۇققا بىنائەن ئەنگلىيىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىغا ① قوماندانلىق قىلماقچىمەن. ئۇلار ئەڭ ئالىي قوماندان ئېزىنخو ۋېرنىڭ رەھبەرلىكىدە جەڭ قىلىدۇ.

مەن ئايرىلىش ئالدىدىكى ھېسسىياتىمنى سىلەرگە مۇۋاپىق ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، مەن بىلەن بىرگە جەڭ قىلغان سەپداشلىرىمدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم. مەن سىلەرنىڭ جاپالىق ئۇرۇشلاردا غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلىگەن، پىداكار، باتۇر روھىڭلارغا مەڭگۈ ئاپىرىن ئوقۇيمەن. بۇ ئۇلۇغ قوشۇندا مېنىڭ نۇرغۇن دوستلۇزۇم بار، سىلەر مېنى ياد ئېتەمسىلەر، بىلمىدىم. ئەمما مەن سىلەرنى سېغىنىمەن، بولۇپمۇ ئايرىم ئۇچرىشىپ قالغان، يوللاردا ئۇچراشقاندا خۇشال سالاملاشقان مىنۇتلارنى ئەسلىسەم، ھاياجىنىمنى ئىپادىلەپ بېرىشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

بۇ بارلىق جەڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا سادىق

① نورماندىيە ئۇرۇشىنى قوزغىماقچى بولغان 21 - كورپۇسنى كۆرسىتىدۇ.

بولۇپ، جان - دىلى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، مەن ئۇنى يالغۇز قويۇپ كېتەلمەيتتىم.

شۇنداق بولغاچقا، بىز بىر - بىرىمىزگە ئىشىنەتتۇق. قوماندان بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىشى — بىباھا ئەڭگۈشتەردۇر.

قۇملۇقلاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھاۋا ئارمىيىسىدىن ئايرىلىشقىمۇ كۆزۈم قىيمايدۇ. 8 - كورپۇس قىلغان غەلىبىلىك ئۇرۇشلاردا ھاۋادىن كۈچلۈك زەربە بېرىدىغان بۇ قوشۇن بىز بىلەن ئاخىرغىچە مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغانىدى. 8 - كورپۇستىكى ھەر بىر ئەسكەر شۇنى شەرەپ بىلىپ ئېتىراپ قىلىدۇكى، بۇ كۈچلۈك ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى غەلىبىنىڭ مۇھىم ئامىلى بولغانىدى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر قىسمىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى، بولۇپمۇ قۇملۇقلاردا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ زور ياردىمىنى بىز مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز.

ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايۋاتقاندا مەن سىلەرگە نېمە دەي؟

مەن ھاياجان ئىچىدە گەپ قىلالمايۋاتىمەن، لېكىن مەن يەنىلا سىلەرگە مۇنداق دەيمەن:

8 - كورپۇسنىڭ بۈگۈنگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغانلىقى سىلەرنىڭ تۆھپەڭلەردىن بولدى، سىلەر ئۇنى پۈتۈن جاھانغا تونۇتتۇڭلار، شۇڭا سىلەر جەزمەن ئۇنىڭ ياخشى نام - شەرىپىنى ۋە ئۇنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلاڭلار.

سىلەر مېنىڭ ئورنۇمغا كەلگەن قوماندانغا ماڭا بولغان ئىنچىل ساداقىتىڭلار ۋە پېداكارلىق روھىڭلار بويىچە مۇئامىلە قىلىڭلار. خەير - خوش!

يات ئەلدە سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ قېتىمقى چوڭ جەڭنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، يەنە بىر قېتىم مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ۋىللىيام فائۇلكنېر (1897 — 1962)

ۋىللىيام فائۇلكنېر ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر شائىرى، يازغۇچىسى. ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدا تۇغۇلغان، 1918 - يىلى كانادادا ئەنگلىيە خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۇچقۇچىسى بولۇپ تەربىيىلەنگەن، 1919 — 1920 - يىللىرى مىسسىسىپى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، 1925 - يىلى پارىژدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، كېيىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەتكەن، 1924 - يىلى «مەرمەر باستېر» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى ئېلان قىلغان، 1926 - يىلى تۇنجى رومانى «ئەسكەرنىڭ ھەققى» نى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسەرلىرىدە كۆپىنچە جەنۇبنىڭ تۇرمۇشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، جەنۇبتىكى ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ چىرىك تۇرمۇشىنى پاش قىلغان. «چۇقان ۋە غەزەپ»، «مەن جان ئۈزىدىغان چاغدا»، «قەسىر»، «شەھەر»، «ساراي» ناملىق رومانلىرى ۋە باشقا ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان، 1949 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ ئۇنىڭ 1950 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ستوكھولمدا ئۆتكۈزۈلگەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن مەشھۇر نۇتقى.

## نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلغاندا سۆزلەنگەن نۇتۇق

(1950 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى)

مېنىڭچە، بۇ مۇكاپات ماڭا بېرىلگەن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئەمگىكىمگە — پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئۆمۈر بويى ئىنسانلارنىڭ

روھىي ئازابى ۋە بىئاراملىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن نام ـ مەنپەئەت قوغلاشماي، ئىنسانلارنىڭ روھىي ماتېرىيال قىلىپ، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىپ چىقىشقا بېغىشلىغانلىقىمغا بېرىلگەن. شۇڭا، مەن بۇ مۇكاپاتنى ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىشكە ئالىمەن. مۇكاپات سوممىسىغا كەلسەك، ئۇنى مۇكاپات تەسىس قىلىشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا ھەدىيە قىلىدىغان پۇرسەت تېپىش تەس ئەمەس. مۇشۇ پەيتتە، مەن ئەڭ يۇقىرى پەللىدە تۇرۇپ سۆزلەۋاتقىنىمدا، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ماڭا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ روھىي ئازابىنى ئىپادىلەشكە بېغىشلىغان ئەر ـ ئايال ياشلار مېنىڭ ئۆتقىمنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلاردىن بەزىلەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مەن ھازىر تۇرۇۋاتقان ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ئالقىشلايمەن.

بىزدىكى ھازىرقى پاجىئە شۇكى، ئەمەلىي مەسىلىلەردىن ئومۇميۈزلۈك ئەندىشە قىلماقتىمىز. ئۇنداق ئەندىشە داۋاملاشقىلى خېلى ئۇزاق بولدى، ھەتتا بىز ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپمۇ قالدۇق. روھىي مەسىلە ئەمدى مەۋجۇت ئەمەس، لېكىن بۇ يەردە بىرلا مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ مېنى قاچان قارا باسىدۇ، دېگەن مەسىلە كالىمىزنى چىرمىۋالغان، شۇڭا ھازىر يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياشلار ئىنسانلار قەلبىدە تەبىئەت بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا يالت ـ يۇلت پەيدا بولغان ھەر خىل مەسىلىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بىراق، پەقەت مۇشۇنداق مەسىلىدىن نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ، چۈنكى پەقەت شۇ مەسىلىلەرلا تەسۋىرلەشكە ئەرزىيدۇ، شۇ مەسىلىلەرنىلا ئىنسانلارنىڭ ئازابى ۋە بىئاراملىقى دەپ ئاتاشقا ئەرزىيدۇ.

ئۇلار شۇ مەسىلىلەرنى يېڭىۋاشتىن تونۇشى ھەم ئۆزىنى

مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەككى، بارلىق شەيئىلەر ئىچىدە ئەڭ رەزىل قورقۇنچاقلىق، ياشلار ئۇنى مەڭگۈگە ئېسىدىن چىقىرىۋەتمەسلىكى كېرەك. ياشلار ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت كۇلۇبلىرىدا باشقا ھەر قانداق نەرسىنىڭ تۇرۇشىغا يول قويماسلىقى، پەقەت ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ھەقىقىي ھېسسىيات، ھەقىقەت، مۇھەببەت ۋە شان - شەرەپ، رەھىمدىللىك ھەم ئىپتىخارلىق، ھېسداشلىق ۋە پىداكارلىق مەڭگۈ ساقلىنىشى كېرەك؛ مۇشۇنداق قەدىمى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان چىنلىق كەمچىل بولىدىكەن، ھەر قانداق ھېكايە ياكى رومان پەقەت بىر دەملىك ئېچىلىدىغان گۈلگە ئوخشاش توزۇپ كېتىدۇ، ھېچقانداق ھاياتىي كۈچى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ياشلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشتىن ئىلگىرى يازغانلىرىغا كىشىلەر تىل - ئاھانەت ياغدۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەسۋىرلىگىنى مەغلۇبىيەت بولسا، ئۇنىڭ قولىدا كىشىلەر مەغلۇبىيەت داۋامىدا قولدىن كەتكۈزگەن نەرسىلەر ھېچقانداق قىممىتى يوق نەرسىلەر بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ تەسۋىرلىگىنى غالىبىيەت بولسا، ئۇ تەسۋىرلىگەن غالىب كەلگۈچىلەر ئۈمىد يوق، رەھىم قىلىش ۋە ھېسداشلىق قىلىشتىن ئەسەرمۇ يوق، ھەتتا بىرەر جەسەتتە جاراھەت ئىزى قالدۇرالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنىدىغان بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ تەسۋىرلىگىنى قەلب بولماستىن، بەلكى بىر پارچە گۆشتۇر.

ئۇلار بۇ مەسىلىلەرنى يېڭىۋاشتىن تونۇشتىن ئىلگىرى گويا ئۆزلىرىنى قىيامەت قايىم گىردابىغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ - دە، يېتىپ كېلىۋاتقان قىيامەت قايىمغا قاراپ ئولتۇرۇپ يازىدۇ. مەن قىيامەت قايىم دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلالمايمەن. بەزىلەر ئىنسانىيەت سەۋر - تاقەتچان

بولغاچقا مەڭگۈ هايات ياشايدۇ، ئەگ ئاخىرقى قىزغۇچ شەپەقتىن كېيىن كەلگەن، بارا ـ بارا قاراڭغۇلۇق ئىلكىگە پىتىۋاتقان گۈگۈمدا قىيامەت قايىمنىڭ قوڭغۇراق ساداسى دولقۇن پەسەيگەندىن كېيىن چوقچىيىپ چىقىپ قالغان تاشلار ئارىسىدا جاراڭلاپ توختىغاندا، يەنە بىر ئاز شەپە بولىدۇ. دېمەك، ئىنسانلار ئۈمىد ئۈزمەي ئاجىز، بوغۇق ئاۋازلىرى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىدۇ، دەپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدۇ. مەن بۇنداق قاراشلارنى قوبۇل قىلالمايمەن. مەن شۇنىڭغا قاتتىق ئىشىنىمەنكى، ئىنسانلار سەۋر ـ تاقەتچان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى غالىب كەلگۈچىلەردۇر. ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈ هايات ياشىيالىغانلىقى ئۇنىڭ پۈتۈن كائىنات ئىچىدە ئۈمىد ئۈزمەي پىچىرلىشىپ سۆزلەشكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا روھ — هېسداشلىق، پىداكارلىق ۋە چىداشلىق بېرىش روھىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت. شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەنە شۇنداق نەرسىلەرنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ شان ـ شەرىپى — كىشىلەر قەلبىنى ئويغىتىش، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى شەرەپ دەپ بىلگەن باتۇرلۇق، شۆھرەت، ئۈمىد، پەخىرلىك، هېسداشلىق، رەھىمدىللىك ۋە پىداكارلىق روھىنى قوزغاپ، ئۇلارنى چىدام ـ بەردەم بىلەن جاسارىتىنى ئاشۇرۇشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت. شائىرلارنىڭ ساداسى ئىنسان پائالىيىتىنى خاتىرىلەيدىغان ۋاسىتە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ چىداملىق بولۇشى ۋە غەلىبە قىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان قالقان ۋە تۈۋرۈك بولۇشى كېرەك.

审　　定：迪力木拉提·吾买尔
责任编辑：阿迪力江·阿布都拉
责任校对：阿达来提·亚合甫
封面设计：艾克拜尔·萨里

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目（CIP）数据**

演讲与演讲学：维吾尔文 / 阿不都拜色尔·许库力著
乌鲁木齐：新疆大学出版社，2003.7
ISBN 7－5631－1774－1

Ⅰ.演… Ⅱ.阿… Ⅲ.演讲学—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.H019

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 063631 号

**演讲与演讲学**

阿不都拜色尔·许库力 著

---

新疆大学出版社出版发行
（乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮编:830046）
各地新华书店经销
新疆大众彩印有限责任公司印刷
850×1168 毫米 1/32 10.875 印张
2003 年 9 月第 1 版 2013 年 4 月第 2 次印刷
印数: 5001 — 10000 册

---

ISBN 7－5631－1774－1
定价:18.00 元